
تۇرغۇن ئالماس

# قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەلشات تۇرسۇن

ISBN7 — 5373—0036 — 4/G·3
تومۇرى: 16—7264 باھاسى: 0·85 يۈەن



# قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

ئاپتورى: تۇرغۇن ئالماس

مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى ئابىخان

مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار ئابلىمىت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 787×1092 مم 1/32، باسما تاۋىقى: 11.8125، قىستۇرما ۋارىقى: 2

1987 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى

1988 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: قاتتىق موقاۋىلىقى: 1—1650
ئاددى موقاۋىلىقى: 1—2400

ISBN 7—5373—0036—4/G·3

كىتاب نومۇرى: 16—7264 باھاسى: قاتتىق موقاۋىلىقى: 1.80 يۈەن
ئاددى موقاۋىلىقى: 0.85 يۈەن

# مۇندەرىجە


ئەپسانە ............ 1
اخەلزۇ خەلق ئەپسانىلىرى ............ 2
تۆتەم ............ 5
سىياسىي ئەپسانىلىرى ............ 12
رىۋايەت ............ 26
«كۆچ» رىۋايىتى ............ 27
«كۆچ» رىۋايىتى ھەققىدە ............ 32
قوشاقلار ............ 43
ھونلار ھەققىدىكى قوشاقلار ............ 46
ئالپ ئارتۇڭا ھەققىدىكى قوشاقلار ............ 59
مەلىكە قوشىقى ............ 62
قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ............ 77
داستانلار ............ 99
«شاھنامە» داستانى ھەققىدە ............ 104
قوشۇمچە: نەسەبنامىلەر ............ 139
«ئوغۇزنامە» داستانى ھەققىدە ............ 141
ئورخۇن يادىكارلىقى ............ 177
ئورخۇن يادىكارلىقىنىڭ ئوقۇلۇشى ............ 180
ئورخۇن يادىكارلىقىنىڭ مەزمۇنى ............ 182
ئورخۇن يادىكارلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ............ 192

قاراخانىلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت .................... 201

1

دەسلەپكى دەۋرى .................... 206
كۆچەيگەن دەۋرى .................... 210
ئاخىرقى دەۋرى .................... 261

2

يۈسۈپ خاس ھاجىپ .................... 294
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەربىي تەدبىرلەر توغرىسىدا .................... 304
مەھمۇت قەشقىرى .................... 332
مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولغان ئالىملار .................... 341

3

قاراخانىلار تارىخىدا يۈز بەرگەن چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى .................... 363
قاراخانىلار خاقانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى .................... 373

## ئەپسانە

ماركسنىڭ تەرىپى بويىچە ئېيتقاندا: «ئەپسانە ئىنسانلار خىيالىدا ئاڭسىز ھالدا، بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ قەدىمكى زامان كىشىلىرى ئاغزىدا ئۆملۈك ھالدا بارلىققا كەلگەن ئىجادىيەت. ئۇ قەدىمكى چاغدا ئىنسانلارنىڭ كائىناتنى چۈشەندۈرۈشى، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىرادىسى ۋە غايىسى. شۇنىڭدەك ئۇ، ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيەنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت»، «ھەر قانداق ئەپسانە تەسەۋۋۇر ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىدۇ، بويسۇندۇرىدۇ ۋە شەكىللەندۈرىدۇ. دېمەك، تەبىئەت كۈچلىرى ھەقىقىي بويسۇندۇرۇلۇشى بىلەنلا ئەپسانىلەرمۇ يوققا چىقىدۇ.»①

قەدىمكى زامانلاردا يارالغان ئەپسانىلەردە خىيالىي مۆجىزىلىك ۋە غەيرىي تەبىئىي ۋەقەلەر كۆپ بولىدۇ. ئەپسانىلەردىكى ۋەقەلەرگە جادىگەرلەر، يىرتقۇچ ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار قاتنىشىدۇ. ئادەملەر ھايۋان قىياپىتىگە كىـ

① ماركس، «سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدىگە دائىر»دىن ئېلىندى. ...

ردۇ. هايۋان ۋە قۇشلار بولسا ئىنسانغا ئوخشاش سۆز-لەيدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر داستانلىرىدىن بىرى بولغان «ئوغۇزنامە»دىكى بۆرە ئادەمگە ئوخشاش سۆز-لەيدۇ ۋە باشقىلار.

لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئەپسانىلەر تۇر-مۇش ھادىسىلىرى بىلەن باغلانغان بولىدۇ، ئۇنىڭدا ئەپسا-نىۋى، خىيالى ۋەقەلەر ۋاسىتىسى ئارقىلىق كۆپىنچە خەلق-نىڭ كەلگۈسىدىكى بەختلىك ھايات توغرىسىدىكى ئارزۇ-ئۈمىدلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

## خەنزۇ خەلق ئەپسانىلىرى

جۇڭگو ئۇزاق تارىخقا ئىگە... ئۇزاق ئۆتمۈشتە ئەمگەكچان خەنزۇ خەلقى ناھايىتى قىزىق، مەزمۇنى مول، نۇرغۇن ئەپسانىلەرنى ياراتقان. ئەپسۇسكى قەدىمكى كىشىلەر بۇ ئەپسانىلەرنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بەر-مىگەچكە، بۇ ئەپسانىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى يوقىلىپ كەت-كەن. پەقەت ناھايىتى ئاز قىسمىلا «شەنخەيجىڭ»①،

① «شەنخەيجىڭ» — بۇ ئەسەر «ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر» دەۋرىدە، (مىلادىيەدىن بۇرۇن 475 — 221 - يىللارغىچە) يېزىلغان، بۇنىڭدا، تاغ - دەريالار-نىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى، دەريالار بويىچە ئۆتىدىغان ۋادىلار، قەدىمكى زامانلاردا دائىر بولغان ئەپسانە، رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن.



«خۇەينەنزى»①، «تارىخنامە. ئۇچ بەگنىڭ تەرجىمە-ھالى» ② قاتارلىق كىتابلاردا ساقلىنىپ قالغان.

## كۇافۇنىڭ قۇياشنى قوغلىشى

«كۇافۇ قۇياشنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ، ئۇ قۇياش پاتىدىغان يەرگە كەلگەندە، ئۇسساپ كېتىپ خۇاڭخې، ۋېيخې دەريالىرىدىن سۇ ئىچىپتۇ، لېكىن بۇ ئىككى دەريا-نىڭ سۈيىگە قانماپتۇ. چوڭ بىر كۆلدىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن شىمالغا قاراپ مېڭىپتۇ، ئەمما كۆزلىگەن جايغا يېتەلمەي، يېرىم يولدا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن قالغان ھاسا شاپتۇللۇققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.»③

بۇ ئەپسانە مۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەرگەندە پەيدا بولغان: يىڭ سۇلالىسى④، جۇ سۇلالىسى⑤

① «خۇەينەنزى» — بۇ ئەسەرنى غەربىي خەن سۇلالىسى (مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 8 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەۋرىدە ياشىغان ليۇئەن (مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن) دېگەن بىر تۆرە باشچىلىقىدا بىر تۈپ كىشىلەر يېزىپ چىققان. ليۇئەن خۇەينەن دېگەن جايغا بەگ بولغان ئىكەن، شۇڭا بۇ ئەسەرگە «خۇەينەنزى» دېگەن نام قويۇلغان.

② «تارىخنامە، ئۇچ بەگنىڭ تەرجىمىھالى» — بۇ ئەسەرنى ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن، 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ (مىلادىدىن بۇرۇن 108 - يىلدىن 9 - يىلغىچە) يېزىپ چىققان.

③ «شەنخەيجىڭ»دىن ئېلىندى.

④ يىڭ سۇلالىسى — مىلادىدىن بۇرۇنقى 14 - ئەسىردىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 11 - ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

⑤ جۇ سۇلالىسى — مىلادىدىن بۇرۇنقى 11 - ئەسىردىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 8 - ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

دەۋرىدە خوتەندىكى ۋادىسىنىڭ كىلىماتى ھازىرقىغا قارى‑
غاندا خېلى دەرىجىدە ئىسسىق بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن
قەدىمكى چاغلاردا كىشىلەرنىڭ ئىسسىقلىققا قارشى ئېلىپ
بارغان كۆرەشلىرى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئەپسانىلەر تارال‑
غان. بۇ ئەپسانىلەردە قەدىمكى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ
تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشىدىكى كۈچلۈك ئارزۇسى ئىپادى‑
لەنگەن. كۇافۇ قۇياش ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن
بولغان كۆرەشتە قۇربان بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاسىسى‑
نىڭ شاپتۇللۇققا ئايلىنىشى، كېيىنكىلەرنىڭ شاپتۇللۇقتا
سەگىدەپ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ، داۋاملىق ئالغا بې‑
سىشى ئۈچۈن بولغان، بۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ يېڭىلمەس‑
لىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## پالۋان يىنىڭ توققۇز قۇياشنى ئېتىشى

«ياۋ① نىڭ زامانىدا بىرلا ۋاقىتتا ئون قۇياش بىللە چىقىپ، زىرائەتلەرنى كۆيدۈرۈپ، گىيالارنى قۇرۇتۇپ تاشلاپتۇ، خەلققە يەپ ‑ ئىچىدىغان ھېچ نەرسە قالماپتۇ. ئادەم يەيدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلار، ئۇزۇن چىشلىق پالماۋۇزلار، يانغىن ۋە سۇ ئاپەتلىرىنى تۇغدۇرىدىغان بەدھەيۋەت مەخلۇقلار، ئۆي ‑ ماكانلارنى خاراب قىلىدىغان بوران ‑ چاپقۇن قۇشلىرى، بەد ھەيۋەت، ۋەھشىي قاۋانلار، زەھەرلىك يىلانلار خەلققە بالايى‑ئاپەت ياغدۇرۇپتۇ. ياۋ، پالۋان يىغا... ئاسماندىكى ئون قۇياشتىن توققۇزىنى ئېتىپ چۈشۈرۈشنى ۋە يەردىكى بەدھەيۋەت مەخلۇقلارنى يوقىتىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پالۋان يى پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈپتۇ. دۇڭتىڭخۇ كۆلى بويىدىكى زەھەرلىك يىلانلارنىمۇ يوقىتىپ، ساڭلىك دېگەن يەردىكى بەد ھەيۋەت ۋەھشىي قاۋانلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ ئىشتىن مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن خەلق ئىنتايىن خۇشاللىنىپ، ياۋنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىپ ئاپتۇ.»①

① ياۋ — رىۋايەت قىلىنىشىچە قەدىمكى چاغدىكى پادىشاھلارنىڭ بىرى.



«پالۋان يىنىڭ توققۇز قۇياشنى ئېتىشى» ناملىق بۇ ئەپسانە «ژۇجيەن»② «شەنخەيجىڭ» قاتارلىق ئەسەرلەردىمۇ خاتىرىلەنگەن. بەزى ئەسەرلەردە پالۋان يىنى سەلبىي قەھرىمان سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى پالۋان يى بولسا خەلقنى بالايى ‑ ئاپەت، زىيانداشلاردىن قۇتۇلدۇرغان ئەپسانىۋى قەھرىمان. ئۇ ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەبىئىي بالايى ‑ ئاپەتلەرنى يېڭىدىغان، ياۋايى يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان ئىشەنچىسى بىلەن كۈچ ‑ قۇدرىتىنىڭ سىمۋولى.

## قوشۇم

خەلق ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىرىدىن

① «خۇەينەنزى»دىن ئېلىندى.
② «ژۇجيەن» — قەدىمكى چاغدىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى خاتىرىلىگەن كىتاب‑

بىرى بولغان «تۇتېم» ھەققىدىكى بىرىم خىيالىي، بىرىم رېئال بولغان چۆچەكلەرمۇ ئەپسانە تۈرىگە كىرىدۇ.

«تۇتېم» سۆزى ھازىرقى ئاۋستىرالىيەدە ياشايدىغان پاپائۇسلار (ياۋروپالىقلار ھىندىئان دەپ ئاتىشىدۇ) تىلىدا «ئۇنىڭ ئۇرۇقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىنسانلار باشلانغۇچ جەمئىيەتتە بىرەر ھايۋان ياكى دەرەخنى نەسىل ياكى ئۇرۇق، قان سىستېمىسىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بەلگىسى قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىسى ھېسابلاپ، ئۇلارغا چوقۇنغان. مانا شۇنداق چوقۇنىدىغان نىشان ياكى بەلگە «تۇتېم» دەپ ئاتالغان.

قەدىمكى زامانلاردا ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن بولغان كۈرەشلەردە توپلىغان تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئىگە بولغان بىلىم - سەۋىيىسىمۇ ناھايىتى تۆۋەن بولغىنى ئۈچۈن، ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن، كۈننىڭ چىقىشى، پېتىشى، كۈن ۋە ئاينىڭ تۇتۇلۇشى، يۇلتۇزلارنىڭ ئېقىشى، كېچە ۋە كۈندۈز، بوران ۋە يامغۇر، مۆلدۈر ۋە قار، دەريا تاشقىنلىرى، يەر تەۋرەش، قىش ۋە باھار، ياز ۋە كۈزگە ئوخشاش تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىشكە ئامالسىز قالغان. شۇڭا قەدىمكى چاغلاردا ياشىغان ئىنسانلاردا تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن قورقۇش، ئۇلارغا چوقۇنۇش تۇيغۇلىرى پەيدا بولۇپ، بىرەر نەرسىگە ئىشىنىدىغان ۋەقەلەر كېلىپ چىققان.

«تۇتېم» ئەڭ بۇرۇنقى دىنىي ئېتىقادلارنىڭ بىر تۈرى



بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى خىلمۇخىل بولغان جايلاردا ياشىغان ئادەملەردە خىلمۇخىل نەرسىگە چوقۇنىدىغان تۇتېمىزىم كېلىپ چىققان. مەسىلەن، ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەدىمكى چاغلاردا بۆرىنى، ھىندىلار كالىنى، جەلزۇلار ئەجدىھانى تۇتېم قىلغانغا ئوخشاش.

**بۆرە تۇتېمى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر**

قەدىمكى زامانلاردا، دۇنيانىڭ تۈرلۈك جايلىرىدا ياشىغان ئىنسانلار ئۆزلىرى ياشىغان جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتلىرى، بېشىدىن كەچۈرگەن تەبىئىي، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە قاراپ، خىلمۇخىل نەرسىلەرنى (ھايۋان، قۇش، دەرەخ، كۈن، ئاي ۋە ھاكازالارنى) تۇتېم قىلغانغا ئوخشاش، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ قەدىمكى زامانلاردا بۆرىنى تۇتېم قىلغان.

«ئوغۇزنامە»دە ئۇيغۇر خاقانى ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدە يول باشلىغان، ئوغۇزخان بىلەن ئادەمگە ئوخشاش سۆزلەشكەن كۆك ياللىق بۆرە توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى چاغلاردا ئەجدادلىرىمىز بىر ئۇرۇشتا يېڭىلىپ بىر تاغ قاپتىلىدا قامالدا قېلىپ، ماڭىدىغان يول تاپالماي ھالاك بولۇش خەۋپىگە ئۇچراپتۇ. شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ كۈن پېتىشتىكى بىر تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى بايقىلىپتۇ. شۇ چاغدا خەۋپ ئاستىدا قالغان ئۇيغۇرلار، بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. تاغ-

نىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارغان بۆرە ناھايىتى چوڭ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ مېڭىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىگە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن — ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ بېشىغا يەتكەندە بىر ئوچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ. بۆرە، تۈيۈق بولمىغان ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ بېشىدىكى تۆشۈكتىن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۈپسۈزۈك سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، تۈرلۈك قۇشلار سايراپ تۇرغان، ياپيېشىل بىر يايلاققا چىقىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، شۇ يايلاققا چىقىپ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار بۆرىنى مۇقەددەس ئىلاھى مەخلۇق ھېسابلاپ ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بولغان.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخى يىلنامىلىرىدىن بىرى بولغان «جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۆرە توغرىسىدىكى ئەپسانىغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان مەلۇماتلار بار.

شىمالىي جۇ سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 557 - يىلىدىن 581 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن — ئا)نىڭ يىلنامىسى «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە مۇنداق دېيىلگەن: «تۈركلەر، ھونلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى، فامىلىسى ئاشىنا بولۇپ، ئالاھىدە بىر قەبىلە ئىدى. تۈركلەر بىر زامانلاردا قوشنا بىر ئەل بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن. پەقەت ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئامان قالغان. غالىب ئەلنىڭ ئەسكەرلىرى بالىنىڭ كىچىكلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆلتۈرمەي، ئۇنىڭ



پۇتىنى كېسىۋېتىپ، ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ تۇرغان بىر سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىۋەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي بالىنىڭ قېشىغا بىر ئۇرغاچى بۆرە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بۆرە بالىنى گۆش بىلەن باققان. ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن بۆرە بىلەن بىللە يېتىپ - قوپۇپ يۈرگەن، نەتىجىدە بۆرىنىڭ قورسىقىدا قالغان. ھېلىقى غالىب ئەلنىڭ خانى تۈركلەر نەسلىدىن بىر بالىنىڭ ئامان قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان، خان دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ بالىنى ئۆلتۈرگۈزگەن. بالىنى ئۆلتۈرگەنلەر بىر بۆرىنىڭ چەتتە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، بۆرە تۇرپان خانلىقىنىڭ شىمالىدىكى تاغ (تەڭرى تېغى — ئا)غا قېچىپ كەتكەن. بۇ تاغدا بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا ياپيېشىل ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان بىر جىلغا بار ئىكەن. جىلغىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن بىرنەچچە يۈز يول مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. جىلغىنىڭ ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان، بۆرە مانا شۇ جىلغىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. بۆرە ئەنە شۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللار چوڭ بولغاندىن كېيىن، سىرت بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشۇۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ھامىلدار بولۇپ بالا تۇغۇشۇپتۇ. ئۇ بالىلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم فامىلىلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ فامىلىسى ئاشىنا ئىكەن، مانا شۇ فامىلىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ئاۋۇپ، ئاستا - ئاستىلاپ بىرنەچچە يۈز ئائىلە

گە يېتىپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن چىلىقىدىن چىقىشىپتۇ. ئاۋارلارغا بېقىندى بولۇپ قاپتۇ. شۇ- دىن باشلاپ ئۇلار ئالتاي تاغلىرىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئولتۇراقلىشىپ ئاۋارلار ئۈچۈن تۆمۈرچىلىك قىلىشىپتۇ.»

شۇ يىلنامىنىڭ شۇ بابىدا يەنە باشقىچىرەك بىر ئەپسانە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «تۈركلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى، سۇ، دەپ ئاتالغان ئەل- دىن كېلىپ چىققان، بۇ ئەل ھونلارنىڭ شىمالىدا بو- لۇپ، تۈرك قەبىلىسىنىڭ بېگىنىڭ نامى ئاپا بەگ ئىدى. ئۇلار ئاكا - ئۇكا ئون يەتتە قېرىنداش ئىكەن. بىرىنىڭ نامى ئىگىلىنساچۇر بولۇپ، بۆرىدىن تۇغۇلغان ئىكەن. ئاپا بەگ قاتارلىقلارنىڭ مىجەزلىرى غەلىتە، دۆت ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئېلى ھالاك بولۇپتۇ. ئىگىلىنساچۇر تولىمۇ سەگەك، ئۆتكۈر بولۇپ، شامال چىقىرالايدىكەن، يامغۇر ياغدۇرالايدى- كەن. ئۇ ئىككى گۈزەل قىزغا ئۆيلەنگەن، بۇ قىزلارنىڭ بىرى ياز تەڭرىسىنىڭ، يەنە بىرى قىش تەڭرىسىنىڭ قىزى ئىكەن. بۇ ئىككى قىز ھامىلدار بولۇپ، تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللار- نىڭ بىرى ئاق ھاككۇتقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئوغۇللارنىڭ بىرىنىڭ ئېلى ئاپاقان دەرياسى بىلەن قاما دەرياسىنىڭ (بۇ ئىككى دەريا سىبىرىيىدە) ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۇلارنى قىرغىز دەپ ئاتىغان. يەنە بىر ئوغۇلنىڭ ئېلى دىزياغىل دەرياسى (بۇ دەريامۇ سىبىرىيىدە — ئا)نىڭ بويىدا ياشايدىكەن. يەنە بىر ئوغۇلنىڭ ئېلى شەن جۇجى تېغىدا ماكانلاش- قان ئىكەن، بۇ، تۆت ئوغۇلنىڭ تۇنجىسى ئىكەن، مانا



شۇ تاغدا ئاپا بەگنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ياشايدىكەن. ئۇلار ئۇچۇرقچىلىقتا مۇزلاپ، قىينىلىپ قالغاندا، تۇنجى ئوغۇل ئوت يېقىپ، ئۇلارنى ئىسسىندۇرۇپ، ئامان ساقلاپ قاپتۇ. ئۇلار ئوغۇللارنىڭ تۇنجىسىنى ھۆرمەتلەپ ئۆزلىرىگە باش قىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇپتۇ. ئۆزلىرىنى تۈرك دەپ ئاتاپتۇ.»

«ئوغۇزنامە»، «شىمالىي جۇ سۇلالىسى يىلنا- مىسى، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى، ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە»لەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار، تۈركلەر، باشلان- غۇچ جەمئىيەتنىڭ ئائىلىق باسقۇچىدا ياشىغان چاغلاردا، مۇنداق ئەپسانىلەرنى توقۇغان. چۈنكى ئاشىنا ئات- لىق بىر ئائىلىنىڭ نامى تۈركلەرنىڭ ئۆزىگە فامىلە قىلىنغانلىقى شۇنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا تۈركلەر، ئۇيغۇر- لار، دۆلەت قۇرغان دەۋردە (كۆك تۈرك خاقانلىقى ۋە ئۇيغۇر — ئورخۇن خاقانلىقى دەۋرىدە — ئا) خا- قان ئوردىسىنىڭ ئالدىدىكى تەتىللادىن تىكىلگەن بارىگاھ (ناھايىتى چوڭ چېدىر — ئا) ئالدىغا قادالغان كۆك شايى بايراقتا زەر يۈگۈرتۈلگەن بۆرە بېشى (بۆرە شەرققە قاراپ تۇرغان ھالەتتە ئىدى) چۈشۈرۈلگەن ئىدى. تۈركلەر، ئۇيغۇر خاقان ئوردىسىنى ساقلايدىغان قارا- ۋۇللارنى «بۆرە» دەپ ئاتاشقان ئىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يىلنامىلەردە خاتىرىلەنگەن ئەپسانىلەرگە ئاساسلانغاندا ھونلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار- نىڭ نەسلىنىڭ جەھەتتىن قېرىنداشلىقىمۇ ئىلگىرى سۈرۈل- گەن. كۆل تېكىن يادىكارلىقىدىمۇ مۇنداق دېيىلگەن:

«توققۇز ئوغۇزلار ئۆز خەلقىم ئىدى.»

بۆرە تۇتېمى توغرىسىدىكى ئەپسانىدا ئەقىلگە سىغ-
مايدىغان بىر مەسىلە ئېغىر سالماقنى ئىگىلىگەن. شۇنى
ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى: ھايۋان بىلەن (ئەپسانىدىكى
بۆرە بىلەن) ئىنسان يېقىنچىلىق قىلىشىپ، ئىككىسىنىڭ
ئارىسىدىن ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشى زادى مۇمكىن ئەمەس.

بۆرە تۇتېمى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر بەدىئىي
جەھەتتىن خېلى ئۈستۈن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەرنى
ئادەم خۇددى ئۆڭىدا كۆرگەندەك بولىدۇ.

## سىيانپى ئەپسانىلىرى

تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا خېلى مۇھىم ئورۇندا
تۇرىدىغان سىيانپىلار، ئۆز تارىخىدا خېلى مۇھىم ۋە
تەسىرلىك ئەپسانىلەر ياراتقان. سىيانپى ئەپسانىلىرى
ئىككى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى سىيانپىلارنىڭ مەشھۇر ئىم-
پېراتورى تانشىخۇي توغرىسىدىكى، يەنە بىرى يارىشىملىق
ئىلاھى ھايۋان «سايىبى» توغرىسىدىكى ئەپسانىدىن
ئىبارەت.

مىلادى 2- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تورۇغۇر ئاتلىق
بىر سىيانپى ھونلار قوشۇنىدا ئۈچ يىل خىزمەت قى-
لىپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئايالىنىڭ بىر ئوغۇل تۇ-
غۇپ، ئۇنىڭغا تانشىخۇي دەپ ئات قويغانلىقىنى بىلگەن.
تورۇغۇر بۇ ئەھۋالدىن ھەزەپلىنىپ، ئايالىنى ئۆلتۈرۈپ
تاشلىماقچى بولىدۇ، كېيۆسىنىڭ پەيلىنى سېزىپ قالغان



ئايال دەرھال ئەقىل ئىشلىتىپ، بىر ئەپسانە ئويلاپ تاپىدۇ.
ئۇ تورۇغۇرغا مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئۈشتۈمتۇت
ھاۋا گۈلدۈرلەپ، دەھشەتلىك چاقماقلار چاقتى. مەن قور-
قۇپ كېتىپ ئاسمانغا قاراپ ئاغزىم ئېچىلىپ قاپتۇ، شۇ
چاغدا ئاسماندىن تولا (مۆلدۈر) يېغىپ، ئاغزىمغا بىر
دانىسى چۈشتى، ئاغزىمغا چۈشكەن تولىنى يۇتۇۋەتتىم.
بولغان ئىش شۇ، شۇنىدىن باشلاپ قورساق كۆتۈرۈپ
ئوغۇل تۇغدۇم.» ئايالنىڭ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن
توقۇغان غەلىتە، سىرلىق ئەپسانىسىغا ئىشەنگەن تورۇغۇر
ئاچچىقىدىن يېنىپ، پەسكويىغا چۈشىدۇ.

سىيانپىلار تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇ-
رىدىغان، قۇدرەتلىك سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان
ئىمپېراتور تانشىخۇي ئانىسىدىن ئەنە شۇنداق تۇغۇلغان-
مىش.

مىلادى 2- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان سىيان-
پى خانلىرىنىڭ بىرى تويان II ئوغلى قىپانغا ۋەسىيەت
قىلىپ، سىيانپىلارنى باشلاپ جەنۇبقا كۆچۈپ كېتىشنى
جېكىلىگەن. تويان II باشچىلىقىدىكى سىيانپىلار ھازىرقى
تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ غەربىدىكى قوبدو رايونىدا ياشىغان.
چۈنكى شۇ چاغدا (مىلادى 2- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا)
تويان II تانشىخۇي قۇرغان سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ
غەربىي قىسمىنى (موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي قىسمىنى) باش-
قۇرىدىغان خان ئىدى.

قىپان ئاتىسى تويان II نىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاش
ئۈچۈن، مىلادى 3- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سىيانپى قەبىلى-

لىرىنى باشلاپ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان.

«ۋېي يىلنامىسى. خانلار تەرجىمىھالى. كىرىش خاتىرىسى» دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، قىيان سيانپىلارنى باشلاپ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز مۇشەققەتلىك، ئاجايىپ خەتەرلىك كۆچۈش سەپىرىگە قەدەم قويغاندا، سيانپىلارغا قىياپىتى ئاتقا، ئاۋازى كالىغا ئوخشايدىغان «سايىبى» ناملىق بىر ئىلاھى ھايۋان يول باشلىغان. سيانپىلار مانا شۇ ئىلاھى ھايۋاننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، ئېگىز تاغلار، چوڭقۇر جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، قاتمۇقات توسالغۇلارنى بۆسۈپ چىقىپ، بىر يىل دېگەندە كۆزلىگەن جايغا يېتىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سيانپىلار «سايىبى» ناملىق ئىلاھى ھايۋانغا چوقۇنىدىغان بولغان، مانا شۇ ئەپسانىغا ئاساسلانغاندا، «سيانپى» دېگەن نام، ئىلاھى ھايۋان «سايىبى» دېگەن نامدىن كېلىپ چىققان ئىكەن.

سيانپىلار ياراتقان ئىككى ئەپسانىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ئەنە شۇنداق. ئۇنداق بولسا سيانپىلار زادى قانداق خەلق؟ ئۇلارنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنى قانداق؟

مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇن ھون تەڭرىقۇتى — باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدىن ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە سوزۇلغان تېررىتورىيىدە ياشىغان تۇڭگۇسلار (ھازىرقى مانجۇ ۋە موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ ئاتا — بوۋىلىرى)نى بويسۇندۇرۇپ ئالغان ئىدى.



تۇڭگۇسلار ئوغۇزخان تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قىدىرخان تاغلىرىنىڭ (ھازىرقى خىڭگەن تاغلىرىنىڭ — ئا) شىمالىي تىزمىسىدىكى سيانپى تاغلىرىغا بېرىپ جايلاشقان. ئۇلار ئۆزلىرىنى شۇ تاغ نامى بىلەن سيانپى دەپ ئاتىغان. «كېيىنكى خەن يىلنامىسى. سيانپىلار ھەققىدە قىسسە» بابىدا، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك سيانپى دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سيانپى دېگەن تاغنىڭ نامىغا باغلايدۇ. شۇنداق بولغاندا، سيانپى دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىدا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەپسانە بويىچە ۋە «كېيىنكى خەن يىلنامىسى، سيانپىلار ھەققىدە قىسسە» بويىچە ھۆكۈم قىلغاندا، ئىككى خىل قاراشنىڭ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، سيانپى دېگەن نام، تاغنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىرى ئىلاھى ھايۋان «سايىبى»نىڭ نامىغا مۇناسىۋەتلىك.

بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ قايسى بىرىنىڭ توغرىلىقى ھېلىغىچە بىر يەرگە توختىغان ئەمەس.

سيانپىلار مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 80- يىللىرىغىچە بولغان 300 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋردە، ھون تەڭرىقۇتلۇقى تەركىبىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاسان تۈركلىشىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا تارىخچىلار، ئۇلارنى «سيانپى تۈركلىرى» ياكى «سيانپى تاتارلىرى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. يىراق شەرق تىللىرى ۋە تارىخىنىڭ ئالىمى، فرانسۇز پاۋل فىللىئوتنىڭ ھۆكۈم

قىلىنىشىچە، سىيانپىلار تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكەن.

مىلادىنىڭ 48-يىلىغا كەلگەندە قۇدرەتلىك هون تەڭرىقۇتلۇقى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئەنە شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە، توڭگۇسلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئوغانلار ئىسيان كۆتۈرۈپ هونلار تەركىبىدىن چىقىپ كەتتى. مىلادىنىڭ 58-يىلى سىيانپىلار تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئوغانلار خەن سۇلالىسىنىڭ پاناھلىقىغا ئۆتۈپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىردى. شۇندىن باشلاپ سىيانپىلار كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇ ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغان خەن سۇلالىسى سىيانپىلارنى هونلارغا قارشى كۈشكۈرتۈپ قويدى. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى ھەر يىلى خەلقنىڭ قان-ئەلكىنى شوراپ تاپقان پۇلدىن ئىككى يۈز يەتمىش مىليون سەر داچەننى سىيانپى خانلىرىغا بېرىپ، ئۇ پۇلنىڭ ھېسابىغا هونلارنىڭ بېشىنى سېتىپ ئالىدىغان بولدى①. بۇنداق ئەھۋال مىلادىنىڭ 58-يىلىدىن 91-يىلىغىچە داۋام قىلدى. دۈشمەنلەرنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشىدىن هونلار تەركىبىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلار، سىيانپىلار رەسمىي ئىسيان كۆتۈرۈپ، هونلارنى ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

هونلار مىلادىنىڭ 87-يىلى ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا سىيانپىلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. سىيانپىلار، هون تەڭرىقۇتى ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنى تىرىك

① پەن ۋېنلىيەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 2-قىسىم، جەلزۇچە، 181-بەت.



تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ، هونلاردىن تارىخىي ئۆچىنى ئالدى. چۈنكى مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇن هون تەڭرىقۇتى ئوغۇزخان توڭگۇسلارنى بويسۇندۇرغاندا، توڭگۇس خانلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، تۈپتۈز قىلىۋەتكەن ئىدى. توڭگۇسلاردىن كېلىپ چىققان سىيانپىلار ئەنە شۇ ۋەقەنى يادىدىن چىقارمىغان بولسا كېرەك.

هونلار مىلادىنىڭ 89 — 90-يىللىرى ئۆزىنىڭ تارىخىي دۈشمىنى تەرىپىدىن ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، غەربكە قاراپ كۆچۈپ كەتكەن ئىدى. كۆچمەي قالغان هونلاردىن يۈز نەچچە مىڭ ئائىلە (ئالتە يۈز مىڭ كىشى) سىيانپىلارغا تەسلىم بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «سىيانپى» دەپ ئاتاشقا مەجبۇر بولدى. شۇندىن باشلاپ سىيانپىلار كۈچەيدى ۋە هونلارنىڭ ئورنىنى باستى.

تارىختا يۈز بەرگەن بۇ جىددىي ۋەقەدىن چۆچىگەن خەن سۇلالىسى، 2-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، شەرقىي هونلار (ياكى جەنۇبىي هونلار) ئوغانلار بىلەن بىرلىشىپ، سىيانپىلارغا قارشى تۇرۇش تەرىپىگە ئۆتتى.

مىلادى 2-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، (مىلادىنىڭ 150-يىللىرى) سىيانپىلاردىن تانشىخۇي ئاتلىق، تالانتلىق بىر تارىخىي قەھرىمان تارىخ سەھنىسىگە چىقتى، ئۇ باشتا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك تورۇغۇر ئاتلىق بىر هون جەڭچىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئانىسىنىڭ ئېيتىشىچە، بىر تال تولىدىن (مۆلدۈردىن) تۆرەلگەن تانشى-

خۇي 14 ياشقا كىرگەندىلا ناھايىتى باتۇر، ئەقىللىق بىر بالا بولۇپ يېتىشكەن. سىيانپى بەگلىرىنىڭ بىرى، ئۇ-نىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئات - كالىلىرىنى بۇلاپ كەتكەندە، تانشىخۇي ئۆزى يالغۇز، ئاتقا مىنىپ، بۇلاڭچى بەگنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، بۇلاپ كېتىلگەن ئات - كالى-لارنى تارتىپ ئېلىپ قايتۇرۇپ كەلگەن. تانشىخۇينىڭ بۇنداق باتۇرلۇقىنى كۆرگەنلەر، ئۇنى شۇندىن باشلاپ ھۆرمەتلەشكە باشلىغان. سىيانپىلار تانشىخۇينى خان قىل-غان. ئۆز قەبىلىسىگە خان بولغان تانشىخۇي ھازىرقى كالگان (جاڭجياكو — ئا) ئەتراپىدا قارارگاھىنى قۇرۇپ، يۈزمىڭ ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىگەن. دەسلەپ-پىدە ئۇنىڭغا، موڭغۇلىيە (تاشقى ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە)نىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىدا ماكانلاشقان سىيانپى-لارنىڭ خانلىرى بىر - بىرلەپ كېلىپ بويسۇنغان.

تانشىخۇي مىلادىنىڭ 147 - يىلىدىن 167 - يىلى-غىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە بايقال بويلىرىدا ماكانلاش-قان شەرقىي ئۇيغۇرلارنى شەرقتىكى خەلقلەرنى، ئەسلى يۇرتلىرىدا قالغان ھونلارنى، غەربتىكى ئۇيسۇنلارنى بويسۇندۇردى. تانشىخۇي قۇرغان سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 150 - يىلىدىن 235 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈر-گەن)نىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقى ھازىرقى كورېيە (چاۋشيەن)نىڭ غەربىي چېگرىسى بىلەن ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە شىمالىي بايقال كۆلى، يەنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىنلىرىغىچە، غەربىي يەتتە سۇ (قازاقىستان)، ئوتتۇرا ئاسىياغىچە، جەنۇبىي سەددىچىن سېپى-



لىغىچە سوزۇلغان چەكسىز تېررىتورىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.①

تانشىخۇي مىلادىنىڭ 155 - يىلىدىن تارتىپ 175 - يىلىغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە خەن سۇلالىسىغا قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، سېنشى، شەنشىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىغا، گەنسۇنىڭ جۇچۈەن قاتارلىق جاي-لىرىغا بېسىپ كىرىپ، خەنزۇ خەلقىگە چەكسىز بالايى - ئاپەتلەرنى كەلتۈردى. مىلادىنىڭ 166 - يىلى خەن سۇ-لالىسىنىڭ پاناھلىقىدا تۇرغان ئوغانلار تانشىخۇيغا تەسلىم بولدى. ئېغىر ئەھۋالدا قالغان خەن سۇلالىسىنىڭ پادى-شاھى خەن خۇەندى تانشىخۇيغا ئەلچى ئەۋەتىپ تانشى-خۇينى كۈيئوغۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ تەلەپ رەت قىلىندى. باشقا ئىلاج تاپالمىغان خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى مىلادىنىڭ 177 - يىلى 30 مىڭ ئاتلىق قو-شۇننى (بۇ قوشۇن ھون ۋە خەنزۇلاردىن تۈزۈلگەن) ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ماڭدۇرۇپ، سىيانپىلارغا ھۇجۇم قىلدى. تانشىخۇي ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى [illegible] تارمار قىلدى. ئۇلار-دىن بىر نەچچە مىڭ كىشىلا قېچىپ قۇتۇلدى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسى 30 قېتىم ھۇجۇمغا ئۇچرىدى.

تانشىخۇي گۆش مەسىلىسىنى يېتەرلىك ھەل قى-لىش ئۈچۈن، بېلىق تۇتۇشنى ياخشى بىلىدىغان ۋى

① [illegible]

② ماچاڭ شۇ: «سىيانپىلار ۋە تۇغانلار»، خەنزۇچە، 185 — 190 - بەتلەر.

لەرگە① ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلاردىن مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىنى تۇتۇپ كەلگەن. ئۇلارنى چوڭ بىر كۆلنىڭ بويىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بېلىق تۇتۇش ئىشلىرىغا سالغان.

سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىدە 30 يىل ئولتۇرغان تانشىخۇي مىلادىنىڭ 180- يىلى 44 يېشىدا (ئۇ مىلادىنىڭ 136- يىلى تۇغۇلغان) ئالەمدىن ئۆتتى.

تانشىخۇي ئۆلگەندىن كېيىن، سىيانپى شاھزادىلىرى ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش يۈز بېرىپ، بۆلۈنۈش، قايتا بىرلىككە كېلىش، ئاخىرى بېرىپ سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىنى ھالاك قىلىش تەقدىرىگە ئۇچراتتى.

باشتا تانشىخۇينىڭ ئوغلى غوران خان بولدى. لېكىن ئۇ قابىلىيەت جەھەتتە ئاتىسىغا يەتمەيدىغان، ئاچكۆز، كەيپى - ساپادىن باش كۆتۈرمەيدىغان، يولسىز بىر ھۆكۈمران ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا سىيانپى بەگلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا جىيەنى قويتۇ خان بولدى. غوراننىڭ ئوغلى قىيمان بىلەن قويتۇ ئارىسىدا تەخت تالىشىش كۆرىشى يۈز بېرىپ، قانلىق ئۇرۇشلار داۋام قىلدى. قويتۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇكىسى بودوكىن خان بولدى. بۇنىڭ ۋاقتىدا بىر - بىرىگە قارشى ئىككى توپ پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بىرى بودوكىن توپى بولسا، يەنە بىرى قىبەنىن توپى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇرى، باقا قاتارلىق خانلارنىڭ بىر توپى بار ئىدى.

① قەدىمكى زاماندا، شەرقىي شىمالنىڭ دېڭىز بويلىرىدا، «ۋى» دەپ
ئاتالغان خەلق ياشىغان ...



مىلادىنىڭ 190- يىلىغا كەلگەندە قىبەنىن كۈچىيىشكە باشلاپ، بارلىق سىيانپى خانلىرىنىڭ يېتەكچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. مىلادىنىڭ 218- يىلى قىبەنىن (بودوكىننىڭ ئوغلى) ساۋ - ساۋنى تارمار قىلدى، قىبەنىن شۇ ئۇرۇشتا ساۋ - ساۋ تەرەپنى ئالغان تاغىسى پۇروغان (بودوكىننىڭ ئاكىسى)نى يېڭىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى سىيانپىلارنى بويسۇندۇردى. مىلادىنىڭ 220- يىللىرى قىبەنىن بۆلۈنۈپ ئالغان سىيانپى خانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، سىيانپىلارنى بىرلىككە كەلتۈردى.

مىلادىنىڭ 222- يىلى قىبەنىن ئاتىسى بودوكىننى ئۆلتۈرۈپ سىيانپىلارغا يېگانە ئىمپېراتور بولدى. بودوكىن (مىلادىنىڭ 205- يىلىدىن 223- يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىمپېراتور بولغان قىبەنىننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 223- يىلىدىن 235- يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى تانشىخۇي ۋاقتىدىكىدەك قۇدرەتلىك ھالغا كەلدى. ئۆزىگە پايدىسىز ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەن ۋېي پادىشاھلىقى (مىلادىنىڭ 220- يىلىدىن 265- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قىبەنىنگە قارشى سىيانپى خانلىرىنى (بودوكىن تەرەپدارلىرىنى) يۆلەپ، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. قىبەنىن مىلادىنىڭ 234- يىلى ھازىرقى سەنشىنىڭ شىمالىدا بولغان ئۇرۇشتا، ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنى تامامەن يوقىتىپ، سەنشى، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بېسىپ ئالدى.

قىبەنىن ھەربىي ستراتېگىيە، تاكتىكا سەنئىتىنى

خېلى مۇكەممەل بىلىدىغان ۋە ئۇنى قوللىنىشتا ئۇستا ھەربىي يولباشچى بولغاندىن تاشقىرى دىپلوماتىيە ئىشلىرىدىمۇ ئەقىللىق دىپلومات ئىدى. ئۇ ۋېي پادىشاھلىقىنى ھەربىي جەھەتتە بىرنەچچە قېتىم مەغلۇپ قىلىشىدا دىپلوماتىيە ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئېلىپ بارغان. قېبەنىڭ ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ دۈشمىنى شۇخەن پادىشاھلىقى (مىلادىنىڭ 221 – يىلىدىن 263 – يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ بىرلىكتە ۋېي پادىشاھلىقىغا قارشى تۇرغان ئىدى. مىلادىنىڭ 231 – يىلى شۇخەن پادىشاھلىقىنىڭ باش ۋەزىرى جۇگېلياڭ گەنسۇنىڭ غەربىدىكى خېشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا، ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنى قورشىۋالدىغان چاغدا، قېبەنىڭگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. قېبەنىڭ جۇگېلياڭنىڭ تەكلىپىنى دەرھال قوبۇل قىلىپ، سيانپىي قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش بولۇپ، گەنسۇدىكى گاۋلەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا يېتىپ كېلىپ، جۇگېلياڭغا قوشۇلۇپ، بىرلىكتە ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ ۋەقەدىن چۆچۈپ كەتكەن ۋېي پادىشاھلىقى چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، سيانپىيلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشقا جىددىي كىرىشكەن. يەنە بىر تەرەپتىن قېبەنىڭنى ئۆلتۈرۈشكە كىرىشكەن. ئۇلار بۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بېيجىڭ ۋالىيسى ۋاڭشۇن ئارقىلىق خەنلۇڭ ئاتلىق ئەنجەرۋازنى دەيچىن سېپىلىدىن ئوغرىلىقچە سيانپىيلار يۇرتىغا چىقىرىپ، قېبەنىڭنى مەخپىي ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەت-



كەن. ئاقىۋەت مىلادىنىڭ 235 – يىلى قېبەنىڭ خەن جەرۋاز خەنلۇڭ تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن.

قېبەنىڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 85 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سيانپىيلار ئىمپېرىيىسى تارقىلىپ كەتتى. سيانپىيلار ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 150 – يىلىدىن 235 – يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ ھۆكۈمرانلىرى تۈركلەشكەن سيانپىيلار بولسىمۇ، ئىمپېرىيىدىكى خەلقلەرنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكىنى ھونلار، شەرقىي ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلاتتى.

كۈچلۈك سيانپىيلار ئىمپېرىيىسى تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، سيانپىيلارنىڭ ئىچىدىكى توبا ئاتلىق بىر قەبىلە باش بولۇپ، تارىختا توبا سيانپىيلار دۆلىتى دەپ ئاتالغان بىر دۆلەتنى قۇردى. بۇ دۆلەت 160 يىل (مىلادىنىڭ 235 – يىلىدىن 394 – يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ھۆكۈم سۈردى.

سيانپىيلار قەدىمكى چاغدا، قىدىرخان تاغلىرىنىڭ شىمالىي تىزمىسىدىن خۇلۇنبىر كۆللۈك رايونىغا (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى خەيلار ئەتراپى) كۆچكەن چاغدا (مىلادىنىڭ 60 – يىللىرى) ئۇلار «توبا سيانپىيلار» دەپ ئاتالماي، سيانپىي دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار خۇلۇنبىر كۆللۈك رايونىغا كۆچكەندىن كېيىنلا، سيانپىيلار بىلەن ھونلار ئۆزئارا چىقىشىشقا باشلىدى.

تارىختا بىرەر خەلقنىڭ باشقا بىر خەلق بىلەن چىقىشىشى، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشى ئۇزاق مۇددەتلىك، ئاستا يۈز بېرىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە. سيانپىيلارنىڭ بىرىنچى ئەسىردىكى پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك

قىلغان تويان I دىن تارتىپ ( مىلادىنىڭ 50- يىللىرى-
دىن تارتىپ ) تويان II يېتەكچىلىك قىلىشقا باشلىغان
چاغدىلا ( 140- يىللىرى ) سىيانپىلار هونلىشىپ توبا
سىيانپىلار كېلىپ چىققان.

« توبا» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا تا-
رىختى يىلنامىلەردە (ۋى سۇلالىسى يىلنامىسىدا ) مۇنداق
قاراشلار بار: (ئاتىسى سىيانپى، ئانىسى هونلاردىن
تۇغۇلغانلارنى « توبا » دەپ ئاتىغان ).

مانا شۇ توبا لار سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى تارقى-
لىپ كەتكەندىن كېيىن، سىيانپىلارغا باش بولۇپ، ها-
زىرقى چوغاي تاغلىرى ئەتراپىدا توبا سىيانپىلار دۆلە-
تىنى قۇرغان. ئۇلارنىڭ مەشهۇر خانلىرى قىپان ( مىلا-
دىنىڭ 200- يىللىرى قوبدۇ ئەتراپىدىن چوغاي تاغلىرى
ئەتراپىغا كۆچكەن توبالارغا باش بولغان) لى ۋى (مىلادىنىڭ
261—277- يىلىغىچە خان بولغان) ئۇ 88 يېشىدا خان بول-
غان، 104 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. قىپاننىڭ خانلىق
دەۋرىنى سۈرگەن ۋاقتى مىلادىنىڭ 235- يىلىدىن 261-
يىلىغىچە بولغان 26 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لى ۋى-
دىن كېيىن توبا سىيانپىلارغا، لىخو، چاۋ، خۇ قاتارلىق
ئۈچ كىشى خان بولغان. بۇلارنىڭ سەلتەنىتى 20 يىل
( مىلادىنىڭ 277- يىلىدىن 297- يىلىغىچە ) داۋام قىل-
غان. بۇلاردىن كېيىن ئوتا ( 297 — 310 )، يىلو
(310 — 316 )، لوگۇەن (310 — 316 ) — بۇ ئىك-
كىسى ئورتاق خان بولغان. بۇ ئورتاق خانلاردىن كې-
يىن، يۈلۈ ( 316 — 325 )، فونۇ ( 325 — 330 )،



قىقىنا ( 330 — 335 )، يىفوي ( 335 — 337 )،
شىكەن ( 337 — 380 )، فۇكىن ( 380 — 386 )،
كىيى ( 386 — 394 ) قاتارلىقلار خان بولغان.

توبا سىيانپىلار دۆلىتىنى مىلادىنىڭ 394- يىلى
ئاۋار خاقانى تولون I تارمار كەلتۈرگەن.

توبا سىيانپىلار دۆلتى مىلادىنىڭ 394- يىلى
يوقىتىلغان بولسىمۇ، ئەسلى كېلىپ چىقىشى سىيانپىلار-
دىن بولغان توبالار، مورۇنلار، دەنلەردىن ئىبارەت قە-
بىلە — ئۇرۇقلار، تارىختا شىمالىي ۋى خانلىقى ( مىلا-
دىنىڭ 385 - يىلىدىن 534- يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)،
غەربىي ۋى خانلىقى( 535—556)، شەرقىي ۋى خانلىقى
(534—550 ) قاتارلىق خانلىقلارنى قۇرغان.

مىلادىنىڭ 385- يىلى توبا قەبىلىسىنىڭ خانى توبا-
تاۋ كۇچلۇك توبالار دۆلىتى (« شىمالىي ۋى » دەپمۇ
ئاتىلىدۇ )نى قۇرۇپ هازىرقى داتۇڭنى پايتەخت قىلغان
ئىدى. مىلادىنىڭ 481- يىلى توبالار پايتەختىنى لوياڭغا
يۆتكەپ، خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىس-
مىدا هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. شۇ يىلى هۆكۈمران
گۇرۇھ «توبا» فامىلىسىنى « يۈەن»گە ئۆزگەرتتى. بۇ
دۆلەت مىلادىنىڭ 385- يىلىدىن 534- يىلىغىچە هۆكۈم
سۈرۈپ ئاخىرى خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ
كەتكەن.

## رىۋايەت

قەدىمكى تارىخ، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، ئاتاغلىق شەخسلەرگە دائىر ۋەقەلەرنى قىسقا ۋە ئېنىق بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن بايان قىلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى رىۋايەت دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتىدە ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى ئاجىز، تۆۋەن بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدە خىيالىي تەسەۋۋۇرلاردا بولغان. ئۇلار بىر تەرەپتىن تەبىئىي ھادىسىلەر بىلەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى، ھاياتقا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ئىزلىگەن. رىۋايەت مانا شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن.

لېكىن رىۋايەتلەردە ئەپسانە ئېلېمېنتلىرى بولمايدۇ دېيىلسە بۇ ئەمەلىيەتكە زادى ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا رىۋايەت بىلەن ئەپسانىنىڭ پەرقىنى ئاجرىتىش كېرەك. رىۋايەتتە خىيال ۋە ئەقىلگە سىغمايدىغان توقۇلمىلار ئازراق بولۇپ، رېئال ۋەقەلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەپساندا بولسا خىيالىي ۋە توقۇلمىلار ئاساسىي



ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇنداق قارىماققا ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ پەرقىنى ئاجرىتىش ئانچە ئاسان ئەمەس.

بىزگە مەلۇم بولغان رىۋايەتلەر ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا يارىتىلغان بولۇپ، بىر زامانلاردا نامەلۇم ئاپتورلار تەرىپىدىن توقۇلغان رىۋايەتلەر نەسىلدىن نەسىلگە ئۆتۈپ تارقىلىپ، ساقلىنىپ كەلگەن.

رىۋايەتلەر ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگىنى ئۈچۈن دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغان ۋە ئۇلارغا يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ بېيىپ كەلگەن.

## «كۆچ» رىۋايىتى

رىۋايەتلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ «كۆچ» رىۋايىتىنى مىسالغا ئېلىش ئالاھىدە تارىخىي ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

13-ئەسىردە ياشىغان ئىران تارىخچىسى جۇۋەينى «دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى» دا مىلىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ «كۆچ» رىۋايىتىنى تەپسىلىي يېزىپ قالدۇرغان. رىۋايەت مۇنداق:

«... قارا قورۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان تۇغلا، سېلىنغا دەريالىرىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا «قۇملانجۇ» دېگەن جاي بار ئىكەن. شۇ جايدا بىر-بىرىگە يانداشقان ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بار ئىكەن، بۇ دەرەخلەرنىڭ بىرىنىڭ دامى قىستۇق بولۇپ، تۇرقى قارىغايغا ئوخشايدىكەن، ئارچىدەك ھەمىشە كۆكىرىپ ياشناپ

تۇرىدىكەن، قارىغايدەك مەزمۇت ئىكەن. دەرەخنىڭ يەنە بىرى قارىغاي ئىكەن. كونىلەرنىڭ بىرىدە مانا شۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىدا ئۇشتۇمتۇتلا بىر دۆڭ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. دۆڭ كۈن ئۆتكەنسېرى ئېگىزلەشكە باشلاپتۇ. ئاسماندىن بىر يورۇق چۈشۈپ، دۆڭنى يورۇتۇپ تۇرىدىكەن. ئۇيغۇرلار كېلىپ نۇرلىنىپ تۇرغان دۆڭگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ تۇرىدىكەن. مانا شۇ نۇرلۇق دۆڭنىڭ ئىچىدىن چىرايلىق مۇزىكا - ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىدىكەن. ھەر كېچە ئەھۋال شۇنداق ئىكەن. نۇرلۇق دۆڭدىن چېچىلغان نۇر ئوتتۇز قەدەمچە جاينى يورۇتۇپ تۇرىدىكەن. كونىلەرنىڭ بىرىدە نۇرلىنىپ تۇرىدىغان دۆڭدىن ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئېچىلغان ئىشىكتىن قارىغاندا، خۇددى ئوتاۋغا (كىگىز ئۆيگە) ئوخشاپ كېتىدىغان بەش ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ھەر بىر ئۆيگە بىردىن كۈمۈش سەگۈنچەك ئېسىلغان، ھەر بىر سەگۈنچەكتە بىردىن بوۋاق ئوغۇل بالا ئولتۇرغان، بوۋاقلارنىڭ ئاغزىدا سۈت ئېمىدىغان ئېمىزگە بار ئىكەن. ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بەگلىرى بۇ ئاجايىپ كارامەتلىك بوۋاقلارنى كۆرۈپ ئۇلارغا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈپتۇ. بوۋاق ئوغۇل بالىلار ھاۋادىن نەپەس ئېلىش بىلەنلا ھەرىكەتلىنىپ ئۆيدىن چىقىشىپتۇ. ئۇيغۇرلار ئىنىك ئانىلارنى تەيىنلەپ، بوۋاقلارنى ئېمىتكۈزۈپتۇ. ئۇلارنىڭ تىلى چىققاندا ئۆز ئاتا - ئانىلىرىنى سوراشتە قىلىشىپتۇ. كىشىلەر ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپتۇ. ئوغۇللار دەرەخكە چوقۇنۇشۇپتۇ. دەرەخ



قادەمدەك تىلغا كىرىپ، بالىلارنىڭ ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك ئۆسۈشى ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ياشىشىنى قۇتلاپتۇ. شۇ جايدىكى كىشىلەر بۇ ئوغۇللارغا خۇددى خانلارغا ئىتائەت قىلغاندەك بويسۇنۇشقان. بەش ئوغۇلنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ نامى شۇڭقارتېكىن، ئىككىنچىسىنىڭ نامى قۇتچۇرتېكىن، ئۈچىنچىسىنىڭ نامى بۇقاتېكىن، تۆتىنچىسىنىڭ نامى ئۆرتېكىن، بەشىنچىسىنىڭ نامى بوگۈتېكىن ئىكەن. ئۇيغۇرلار تەڭرى مانا شۇنداق ئوغۇللارنى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى خان قىلىشنى قارار قىلىشىپتۇ. ئوغۇللارنىڭ ئىچىدە بوگۈتېكىن چىرايلىق، ئەقىللىق، تالانتلىق بولۇپ، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بوگۈتېكىننى خان قىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقان. مانا شۇ بوگۈتېكىن خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلغان. دۆلەتنىڭ ئاھالىسى ئاۋۇپ - كۆپەيگەن. تەڭرى بوگۈخانغا ئۈچ قۇش ئاتا قىلغان. بۇ قۇشلار نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. بوگۈ خان مانا شۇ قۇشلارنى ھەر دائىم دۇنيانىڭ تەرەپلىرىگە ئەۋەتىپ، دۇنيادا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن.

كونىلەرنىڭ بىرىدە بوگۈخان چېدىر ئىچىدە ياتقاندا بىر ئىلاھى جاننى كۆرۈپتۇ. ئىلاھى جان گۈزەل قىز قىياپىتىدە كۆرۈنۈپتۇ. بوگۈخان قورقۇپ كېتىپ، ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ ئىلاھى قىزغا گەپ قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. ئىككىنچى كېچىسىمۇ يەنە شۇنداق ئەھۋال يۈز بې-

رىدىتۇ. ئۇچىنچى كېچىسى بوگۇخان بۇ ئەھۋالنى باش ۋەزىرىگە ئۇختۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ھېلىقى ئىلاھى پەرى قىزغا ئەگىشىپ، «قۇت تاغ» (بەخت تېغى) دېگەن تاغنىڭ ئىچىگە بىرىپتۇ. تاڭ ئاتقىچە قىز بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. شۇندىن باشلاپ ھەر كېچە شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپ تۇرۇپتۇ. بۇنداق ئەھۋال يەتتە يېرىم يىل داۋام قىلىپ، بوگۇ خاقان پەرى قىز بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا قىز مۇنداق دەپتۇ: «كۈن چىقىشتىن كۈن پاتقىچە بولغان پۈتۈن دۇنيا ساڭا بويسۇنىدۇ، سەن بۇ ۋەزىپىنى تورۇنلاپ، ئەلنى ياخشى باشقۇرغىن.» پەرى قىز بۇ گەپنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن غايىب بوپتۇ.

بوگۇ خاقان قوشۇن توپلاپ، ئاكىسى شۇڭقارتېكىنگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئۈچ يۈز مىڭ قوشۇن بىلەن موڭغۇل ۋە قىرغىزلار ئېلىگە ماڭغۇزۇپتۇ. ئىككىنچى ئاكىسى قۇتچۇرتېكىننى يۈز مىڭ قوشۇن بىلەن تاڭغۇتلار ئۇستىگە ماڭغۇزۇپتۇ. ئۈچىنچى ئاكىسى بۇقاتېكىننى يۈز مىڭ قوشۇن بىلەن جۇڭگوغا ماڭغۇزۇپتۇ. تۆتىنچى ئاكىسى ئۆرتېكىننى ئۆز ئېلىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپتۇ. يۈرۈشكە ماڭغان قوشۇنلار نۇرغۇنلىغان ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، كۆپلىگەن ئەسىر ۋە غەنىمەتلەرنى ئېلىپ، ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ بويىغا قايتىپ كېلىشىپتۇ. شۇ يەردە «ئوردو بالىق» دېگەن بىر شەھەر بىنا قىلىنىپتۇ. شۇ چاغدا كۈن چىقىش تەرەپتىكى دۆلەتلەر پۈتۈنلەي بويسۇنۇپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوگۇخان كېچىسى ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ: چۈشىدە ئاق چاپانلىق، ئاق ھاسا تۇتقان بىر ئەر كىشىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بىر پارچە قاش تېشىنى بوگۇخانغا بېرىپ، مۇنداق دەپتۇ: «سەن مۇشۇ تاشنى مەڭگۈ ساقلىساڭ، پۈتۈن دۇنيا ساڭا باش ئېگىدۇ.» بوگۇخاننىڭ باش ۋەزىرىمۇ خۇددى شۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ. ئەتىسى بوگۇخان ھەربىي ھازىرلىققا كىرىشىپ، كۈن پېتىش تەرەپكە قوشۇن تارتىپ مېڭىپتۇ. بۇ قوشۇن تۈركىستانغا يېتىپ كەلگەندە، توپتۈزلەڭ، سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان، سېمىز ماللار سەكرىشىپ ئويناپ تۇرغان بىر يايلاقنى كۆرۈشۈپتۇ. قوشۇن شۇ يەردە توختاپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە بالاساغۇن دېگەن شەھەرنى بىنا قىلىپتۇ. قوشۇنلار بۆلۈنۈپ تەرەپ - تەرەپكە يۈرۈش قىلىپتۇ. 12 يىل ئىچىدە كۆپ ئەللەرنى ئېلىپ، ياۋايى ئادەملەر ياشايدىغان جايغىچە يېرىپتۇ... نۇرغۇنلىغان ئەللەرنىڭ خانلىرىنىڭ ھەر بىرى ئېسىل سوۋغاتلارنى ئېلىپ، بوگۇخاننىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. بوگۇخان ئۇلارنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قوبۇل قىلىپتۇ. بوگۇخان ئۇلارنىڭ ياساق تۆلىشىنى جىكىلەپ ئۆز ئەللىرىگە قايتۇرۇپتۇ. چوڭ غەلىبىگە ئېرىشكەن بوگۇخان بالاساغۇندىن ئۆزى تۇغۇلغان ئېلىگە قايتىپ كەپتۇ.

بوگۇخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغۇللىرىدىن بىرى خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇيغۇرلار مانا شۇ خاننىڭ زامانىسىدا بارلىق ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلار بىلەن بوۋاق بالىلارنىڭ ئاغزىدىن: «كۆچ - كۆچ» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاشقا باشلاپتۇ. ئۇيغۇرلار «كۆچ -

كۆچ » دېگەن ئاۋازغا ئەمەل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتلىرىدىن چىقىپ، باشقا جايلارغا كۆچۈپتۇ. قانداق يەرگە بارمىسۇن « كۆچ - كۆچ » دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپلا تۇرۇپتۇ. ئاخىرى بىر تۈزلەڭلىككە كەلگەندىلا «كۆچ - كۆچ» دېگەن ئاۋازلار توختاپتۇ. ئۇيغۇرلار مانا شۇ تۈزلەڭلىككە بەش شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇنىڭغا «بەش بالىق» دەپ ئات قويۇپتۇ.

## «كۆچ» رىۋايىتى ھەققىدە

بۇ رىۋايەتنىڭ سىيۇژېت تۈزۈلۈشى ئەپسانە، رىۋايەتكە خاس فانتازىيە ( خىيالىي ) خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، قەھرىمان ئىلاھلاشتۇرۇلغان. رىۋايەتتىكى ۋەقەلەر كىشىنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىدىغان بەدىئىي شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەن. «كۆچ» رىۋايىتى نەسرى تىل بىلەن ۋەقەلىكنى سيۇژېت بويىلاپ ئۇچقۇق، ئىخچىل بايان قىلىدۇ. «كۆچ» رىۋايىتىدە شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇزاق بىر دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەڭگىۋار تارىخىي بەدىئىي شەكىل بىلەن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقى ( مىلادىنىڭ 646- يىلىدىن مىلادىنىڭ 845- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) مىلادىنىڭ 840- يىللىرىغا كەلگەندە ئىچكى ئۇرۇش ( خاقانلىق تەختىنى تالىشىش ) ئىچكى ئىسيان ( يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدا ياشايدىغان قىرغىزلار ئىسيانى ) خائىنلىق ھەرىكەتلەر (ھەربىي ۋەزىر قۇلۇق باغانىڭ قىرغىزلارغا قېچىپ بېرىپ،



خاقانلىقتا يۈز بەرگەن ئىچكى قىيىنچىلىقلارنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇترىتىشى )، تەبىئىي ئاپەتلەر ( قارنىڭ قېلىن يېغىپ، چارۋا - ماللارنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈشى، دېھقانچىلىقنىڭ ۋەيران بولۇشى، ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، ئادەملەرنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىشى ) قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقى ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى قارابالغاسۇننى تاشلاپ چىقىپ، خاقانلىقنىڭ پايتەختىنى غەربتە بەرپا قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنداق جىددىي تارىخىي ۋەقە يۈز بەرگەندە شەرقىي ئۇيغۇرلار (قەدىمكى چاغلاردا بايقال كۆلىنىڭ بويلىرى، تاشقى موڭغۇلىيەدە ياشىغان ئۇيغۇرلار — ئا) نىڭ كۆپ قىسمى ئەزەلدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن يۇرتلىرىدىن بىرى — ھازىرقى موڭغۇلىيىدىن غەربكە قاراپ كۆچكەن. مانا شۇ غەربكە قاراپ كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۆزلىرىنىڭ ئانا يۇرتىدىكى قان - قېرىنداشلىرى بولغان غەربىي ئۇيغۇرلار (ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ غەربىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار — ئا ) قېشىغا كۆچۈپ كېلىپ ئىدىقۇت خانلىقى (مىلادىنىڭ 850- يىلىدىن 1335- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى ( مىلادىنىڭ 850- يىلىدىن 1212- يىلىغىچە داۋام قىلغان ) قاتارلىق دۆلەتلەرنى قۇرغان.

« تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە » دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، « كۆچ » رىۋايىتى ھەقىقىي رېئال تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا توقۇلغان. شۇ يىلنامىدىكى خاتىرىگە قارىغاندا، « كۆچ » رىۋايىتىدىكى

باش قەھرىمان بوگۇخان ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانغان ۋاقتىدىكى ( مىلادىنىڭ 745- يىلىدىن 830- يىلىغىچە ) خاقانلىرىنىڭ بىرى ئىدى. 200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقى ( مىلادىنىڭ 646- يىلىدىن 845- يىلىغىچە )نىڭ تارىخىنى ئۈچ باسقۇچقا ئايرىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچى خاقانلىقنىڭ، شەكىللەنگەن مەزگىلى بولۇپ، توپتوغرا 100 يىلنى ( 646- يىلدىن 745- يىلغىچە ) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خاقانلىقنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى قۇدرەتلىك دۆلەت ھالىغا كەلگەن مەزگىل بولۇپ، توپتوغرا 85 يىلنى ( 745- يىلدىن 830- يىلغىچە ) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچ بولسا خاقانلىقنىڭ بېشىغا ناھايىتى ئېغىر كۈنلەر چۈشۈپ، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. بۇ مەزگىل 15 يىلنى ( 830- يىلدىن 845- يىلغىچە ) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

رىۋايەتتىكى باش قەھرىمان ئۇيغۇر خاقانى بايانچۇر ( مىلادىنىڭ 747- يىلىدىن 759- يىلىغىچە خاقان بولغان )نىڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى ئىل - تېكىن ئىدى. ئۇ ئاتىسى بايانچۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا خاقان بولغان. بوگۇخان توغرىسىدا « كۆچ » رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: « ئۇ پەرى قىز بىلەن يەتتە يېرىم يىل سۆزلەشكەن ...». «بالاساغۇن شەھىرىنى بىنا قىلىپ 12 يىل ئىچىدە كۆپ ئەللەرنى ئالغان...» بوگۇخاننىڭ رىۋايەتتىكى ھۆكۈم سۈرگەن



ۋاقتىنى ھېسابلىغاندا تەخمىنەن 20 يىل خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە بوگۇخاننىڭ توپتوغرا 20 يىل ( مىلادىنىڭ 759- يىلىدىن 779- يىلىغىچە ) خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن. يىلنامىدا بوگۇخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا (بالاساغۇن ئەتراپىغا — ئا) يۈرۈش قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ خاقانى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە خاقاننىڭ ( 808- يىلىدىن 821- يىلىغىچە خاقان بولغان) ئوتتۇرا ئاسىياغا (ھازىرقى قىرغىزىستان ئەتراپلىرىغىچە ) يۈرۈش قىلغانلىقى توغرىسىدە ۋە «توققۇز ئۇيغۇر خاقانلىقى يادىكارلىقى»دا ھەققىي ئىشەنچلىك مەلۇماتلار بار. ئېھتىمال بوگۇخاننىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشلىرى، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە خاقاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرىنى كۆرسەتسە كېرەك. « كۆچ » رىۋايىتىدە بوگۇخاننىڭ بەش بىر تۇغقان ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ تۆت قېرىندىشىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ناھايىتى جەددىي، ئۇلۇغ ئىشلارنى ئورۇنلاشقا تەيىن قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

يىلنامىغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم قىلغاندا، خاقان بايانچۇرنىڭ ھەقىقەتەن يابغۇتېكىن، كولچۇرتېكىن، ياغلاقارتېكىن، بوگۇتېكىن × × × تېكىندىن ئىبارەت بەش ئوغۇللىرى بولغان. «كۆچ» رىۋايىتىدە، بوگۇتېكىن بەش ئوغۇلنىڭ ئەڭ

كىچىكى بولۇپ، ئوغۇللارنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى بايان قىلىنغان.

بوگۇتېكىننىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنى تاڭ يىلنامىسىدىكى ھەقىقىي پاكىتلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، «كۆچ» رىۋايىتىنىڭ ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا پەيدا بولغانلىقى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

«كۆچ» رىۋايىتىدە: «بوگۇخان قوشۇن توپلاپ چوڭ ئاكىسى شۇڭقارتېكىنگە (بۇ يابغۇتېكىن بولسا كېرەك — ئا) بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنى 300 مىڭ قوشۇن بىلەن موڭغۇل ۋە قىرغىزلار ئېلىگە ماڭغۇزۇپتۇ.» دېيىلگەن. يىلنامىغا ئاساسلانغاندا، خاقان بايانچۇرنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 747- يىلىدىن 759 - يىلىغىچە) ئۇيغۇر-ئورخۇن خاقانلىقى كۈچىيىشكە باشلاپ، لياۋخې دەرياسى بويىدا ياشىغان (ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدە) موڭغۇل ئەسلىلىك قىتانلار، يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدا ياشىغان قىرغىزلار بويسۇندۇرۇلغان. مانا شۇ خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇش بايانچۇرنىڭ تۇنجى ئوغلى، بوگۇخاقاننىڭ چوڭ ئاكىسى يابغۇتېكىن (رىۋايەتتە شۇڭقارتېكىن دېيىلگەن) تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

«كۆچ» رىۋايىتىدە: «بوگۇخاقان ئۈچىنچى ئاكىسى بۇقاتېكىننى 100 مىڭ قوشۇن بىلەن جۇڭگوغا ماڭغۇزۇپتۇ.» دېيىلگەن.

تارىختىن ئاز - تولا خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇم بولغانىدەك تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ



شۈەنزۇڭ (مىلادىنىڭ 712- يىلىدىن 756- يىلىغىچە پادىشاھ بولغان)نىڭ خېنبېي ئەتراپلىرىدا تۇرىدىغان ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيسى ئۆگلۈك (ئەسلى كېلىپ چىقىشى تۈرك — ئا) ئىسيان كۆتۈرۈپ نۇرغۇن قوشۇن بىلەن شىئەنگە قاراپ بېسىپ كېلىدۇ. تۇڭگۇەندە بولغان جەڭدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ، ئۆگلۈك (خەنزۇچە ئىسمى ئەنلۇسەن — ئا) شىئەننى بېسىپ ئالىدۇ. ئۆگلۈك ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكالايدۇ. تاڭ شۈەنزۇڭ سىچۈەنگە قېچىپ كېتىدۇ. شۇنداق جىددىي پەيتتە تاڭ سۇلالىسى شاھزادىسى تاڭ شاۋزۇڭ گەنسۇ ئەتراپىدا تۇرىدىغان تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى گوزىيىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دەپ جاكالاپ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاش يولىغا كىردى. مىلادىنىڭ 757- يىلى ئىسيانچىلار ئارىسىدا جېدەل چىقىپ، ئۆگلۈكنى ئوغلى ئەنچىڭشۈي ئۆلتۈردى. ئىسيانچىلارنىڭ يەنە بىر باشلىقى سىيگۈن (سى-سىمىن) ئەنچىڭشۈيگە بويسۇنمىدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى تاڭ شاۋزۇڭ ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. تاڭ شاۋزۇڭ ئەيشى - ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى تېزراق ھالىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسياننى باستۇرۇشتا ئۇيغۇر خاقانلىقىدىن ھەربىي ياردەم ئېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ، مىلادىنىڭ 757 - يىلى گوزىيى باشچىلىقىدا، ئۇيغۇر بوكوخەيىن مىراھلىقىدا قارا بالغاسۇنغا بىر دىپلوماتىك ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. گوزىيى باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى ئۇيغۇر خاقانى بايانچۇر بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىدە تاڭ سۇلالىسىغا

ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئېغىر شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپ، ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشتى. شەرقىي ئاسىيادىكى ئىككى كۈچلۈك دۆلەت — تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىقى ئارىسىدا تۈزۈلگەن توختامدا، ئۇيغۇرلار چاڭئەن، لوياڭنى ئىسيانچىلاردىن قايتۇرۇپ ئالغاندا شەھەردىكى زېمىن، ئىبادەتخانىلار تاڭ سۇلالىسىغا تەۋە بولىدۇ، ئالتۇن، كۈمۈش، تاۋار- دۇردۇن، قىز - چوكانلار ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولىدۇ، ئۇندىن تاشقىرى تاڭ پادىشاھى ئۆزىنىڭ مەلىكە قىزلىرىدىن بىرىنى ئۇيغۇر خاقانىغا ياتلىق قىلىشى زۆرۈر دېيىلگەن. چىرىكلەشكەن تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى دۆلەتنىڭ ئىززەت - ئابرويىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، چەت ئەلنىڭ ھەربىي كۈچىگە يۆلىنىپ، ئىسيانىنى باستۇرۇشتا خەلققە قانچىلىك بالايى - ئاپەت كېلىدىغانلىقى بىلەن كارى بولمىدى.

شۇ چاغدا ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى مۇنتىزىملاشقان، جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى ئۈستۈن بولغان ئىككى يۈز 21 مىڭ ئاتلىقتىن ئىبارەت ئىدى. قوشۇن 17 ئاتلىق دىۋىزىيە بولۇپ، ھەر بىر دىۋىزىيىدە 13 مىڭدىن جەڭچى بارئىدى.

تۈزۈلگەن توختامغا بىنائەن خاقان بايانچۇر مىلادىنىڭ 757 - يىلى چوڭ ئوغلى يابغۇ تېگىننى قوماندانلىقىدا بەش مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ئاتلىق قوشۇننى جەڭگە ئەۋەتتى. ئۆكلۈك - سۆيگۈن ئىسيانىنى ئۈزۈل - كېسىل باستۇرۇش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 760 - يىلى خاقان بولغان (مىلادىنىڭ 759-يىلى بايانچۇر ئالەمدىن ئۆتكەن) بوگۇخاقان ئۆزى جەڭگە



كېلىپ، بىرنەچچە يىل داۋام قىلغان ئىسياننى باستۇرغان ئىدى.

«كۆچ» رىۋايىتىدىكى بوگۇخاقان ئۈچىنچى ئاكىسى بۇقا تېكىننى 100 مىڭ قوشۇن بىلەن جەڭگە ماڭغۇزغان، دېگەن بايانلار مىلادىنىڭ 757-يىلىدىن 761-يىلىغىچە ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئۆكلۈك - سۆيگۈن ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم جەڭگە كەلگەنلىكىگە قارىتىلغان.

«كۆچ» رىۋايىتىدە، بوگۇخاقان ئىككىنچى ئاكىسى قۇتچۇر تېكىننى 100 مىڭ قوشۇن بىلەن تاڭغۇتلار ئۈستىگە ماڭغۇزۇپتۇ دېيىلگەن.

تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىدىن ھەربىي ياردەم ئېلىپ، ئۆكلۈك - سۆيگۈن ئىسيانىنى باستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر ئېغىر خەۋپلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. ئەسلىدە تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا مۇھىم ھوقۇقلارنىڭ بىرىگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر بوكوخەيىن تاڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 764 - يىلى ئىسيان كۆتۈردى. بوكوخەيىن كۆتۈرگەن ئىسياننى ئۇيغۇر خاقانلىقى، تىبەت خاقانلىقى قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى. شۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر قوماندانلىرىدىن بىرى گوزىيى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى قۇچ قۇلۇق تۇتۇق ياغلاقار تېكىن (بوگۇخاقانىنىڭ قېرىندىشى)نىڭ قارارگاھىغا (باش شتابىغا) بېرىپ، ئۇنى ئىسياننى قوللىماسلىققا ئۈندەپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسيانچىلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشكە

مۇيەسسەر بولدى. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندىن كېيىن ئىتتىپاقداشى ئۇيغۇرلاردىن ئايرىلغان تىبەت خانلىقىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى نىڭشيادىكى لىڭئۇ دېگەن جايغا چېكىندى. ئۇيغۇر سەركەردىسى قۇچ قۇلۇق تۇتۇق ياغلاقارتېكىن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ، مىلادىنىڭ 765 - يىلى قاتتىق سوغۇق قىشتا تىبەت قوشۇنلىرى («كۆچ» رىۋايىتىدە تاڭغۇتلار دېيىلگەن) جايلاشقان لىڭئۇ دېگەن جايغا يېقىنلاپ كەلگەن. قۇچ قۇلۇق تۇتۇق ياغلاقارتېكىن (رىۋايەتتە قۇتچۇرتېكىن دېيىلگەن) دەھشەتلىك قار - شىۋىرغان بولۇپ تۇرغان كېچىسى تىبەت قوشۇنلىرىنىڭ چېدىرلاردا ئۇخلاۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، تاڭ ئاتقىچە تىبەت قوشۇنلىرىدىن 50 مىڭنى ئۆلتۈرۈپ، قالغان قىسمىنى ئەسىر ئالغان. بۇ غەلىبىدە ئۇيغۇرلار بىرمىليوندىن ئارتۇق ئات، تۆگە، كالا، قوي ئولجا ئالغان. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارغا يۈزمىڭ توپ شايى ئەتلەس ھەدىيە قىلغان.

مىلادىنىڭ 765 - يىلى ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلىك ئارىسىدا بولغان شۇ ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك قوشاقلار مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇچرايدۇ. قوشاق مۇنداق:

تاڭغۇت قوشۇنىنى ئۇشتۇمتۇت تۇرغاندا باستى،
ئۇلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى مەسخىرە قىلدى،
ئەرلىرىنى، ئاتلىرىنى غەنىمەت ئالدى،
تاڭغۇتلار ئەسىر بولۇپ بېشىنى ئەگدى.



«كۆچ» رىۋايىتىدىكى قۇتچۇرتېكىننىڭ تاڭغۇتلار ئۈستىگە قىلغان يۈرۈشى مىلادىنىڭ 765 - يىلى ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلىك ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشنى كۆرسىتىسە كېرەك.

«كۆچ» رىۋايىتىدە: «تەڭرى بوگۇخانغا ئۈچ قۇش ئاتا قىلغان، بۇ قۇشلار نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىكەن، بوگۇخان مانا شۇ قۇشلارنى ھەر دائىم، دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ئەۋەتىپ، دۇنيادىكى ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن.» دېيىلگەن.

بۇ، ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ دىپلوماتىيىدە ئىشلەتكەن، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئەلچىلىرىنى ياكى دۇنيانىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىگە تۈرلۈك قىياپەتتە ئەۋەتىلگەن جاسۇسلىرىنى كۆرسىتىسە كېرەك.

«كۆچ» رىۋايىتىنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتلىرىدىن بىرى بولغان جايدىن (ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدىن) غەربكە قاراپ كۆچۈپ، بەش بالىق ئەتراپلىرىغا كەلگەندىلا «كۆچ - كۆچ» دېگەن ئاۋازنىڭ توختىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. دېمەك، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىنىڭ 840 - يىلىدىكى كۆچۈشى «كۆچ» رىۋايىتىدە ئىلاھىلاشتۇرۇلغان.

«كۆچ» رىۋايىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى چاغدىكى نەسرى تىل بىلەن بايان قىلىنغان ياخشى ئەدەبىي يادىكارلىقىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى، تارىخى، ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە ناھايىتى

قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارنىڭ بىرىدۇر.

ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر خەلقلەرنىڭ قەدىمكى زامانلاردا بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، دىنىي ئېتىقادلىرىنى بىلىشتە ناھايىتى قىممەتلىك بايلىق بولۇپ، ئۇنى داۋاملىق، ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش لازىم.

قەدىمكى زامانلاردا پەيدا بولغان ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر كېيىنكى زامانلاردىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. چۈنكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر رومانتىزمنىڭ بۇلىقى. كېيىنكى زامانلاردا چىققان ئاكتىپ، رومانتىك شائىرلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى چاغدا پەيدا بولغان ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىن نۇرغۇن ئىلھام ئالغان. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ شائىر، يازغۇچىلىرىمۇ ئۆز ئىجادىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە، ئۆز خەلقىنىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرىدىن بىرى بولغان ئەپسانە، رىۋايەتلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن مەلۇم ئوزۇق ۋە ئۈلگە ئېلىش لازىم.



## قوشاقلار

خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان قوشاقلار، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇرۇنقى تۈرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ مەلۇم مىللەت ياكى خەلقنىڭ تارىخىنى بىلىشتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. گوركىي: «خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپ، مېھنەتكەش خەلقنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس»① دېگەن ئىدى.

قوشاقلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن قوشاقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلىشتە، ئەلۋەتتە ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئازراق چۈشەنچە بېرىش لازىم.

ئەمگەك ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەدەبىياتىنى ياراتقان. باشلانغۇچ جەمئىيەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بىردىنبىر شەكلى بولۇپ، ئۇ كېيىنكى چاغلاردىكى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى ئاتىسى.

① گوركىي: «ئەدەبىيات ھەققىدە» — 6.

ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشى، ئۆملەشكەن ھالدا بولغان. ئوچۇقراق ئېيتقاندا، يالغۇز – يالغۇز ھالدا ئەمەس، ئۆملەشكەن ھالدا قىلىنغان ئەمگەك كۆپچىلىكنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشىنى، پىكىر ئالماشتۇرۇشىنى زۆرۈر تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر قەدەممۇ قەدەم ئاددىي ئاۋاز چىقىرىشتىن مۇرەككەپرەك ئاۋاز چىقىرىشقا مۇھتاج بولۇشقان. بۇ بولسا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تىلى ئىدى.

ئادەملەر مېڭىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تىلنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، ئەدەبىياتنىڭ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى. باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى ئادەملەر ئەمگەك قىلغان چاغلىرىدا ئەمگەكتە بىر تۇتاش ھەرىكەت قىلىش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھارغىنلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئەمگەكتىكى ھەرىكەت رىتىملىرىغا ئەگىشىپ، رىتىملىق ئاۋازلارنى چىقىرىشقان. بۇ خىلدىكى ئاۋاز ئەڭ دەسلەپكى ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇ توغرىدىن‌توغرا شۇ چاغدىكى ئەمگەك ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

ئەڭ قەدىمكى چاغدا (باشلانغۇچ جەمئىيەتتە) قوشاق، ئۇسسۇل، مۇزىكىدىن ئىبارەت ئۈچىنىڭ بىر گەۋدىلىكى ئەدەبىياتنىڭ ئەمگەكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى



كۆرسىتىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىيات ئەمگەك جەريانىدىكى ئاۋاز بولۇپ، ئەمگەكنىڭ ئۆزى رىتىملىق بولاتتى. ئادەملەرنىڭ رىتىملىق ھەرىكەتلىرىمۇ ئۇسسۇلنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى چاغدىكى قوشاق، ئۇسسۇل، مۇزىكىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچىنىڭ بىر گەۋدىلىكى ئەمگەك ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا كەلگەن. قەدىمكى چاغدىكى قوشاق، ئۇسسۇل، مۇزىكىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچىنىڭ بىر گەۋدىلىكى ئەمگەكتىكى ھەرىكەت رىتىملىرىغا ماس كەلگەن. چۈنكى ئەمگەكتىكى رىتىملىق ھەرىكەت بىلەن رىتىملىق ئاۋاز بولسا بىرلا ۋاقىتتا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىياتمۇ ئەمگەك جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن.

باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسەن قوشاق بىلەن ئەپسانىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەمگەكتىكى رىتىمغا ئەگىشىپ ئېيتىلغانلىرى قوشاق، خىيالىي توقۇلغانلىرى ئەپسانە بولۇپ، بۇ ئەدەبىياتتىكى ئەسىرى تۈرنىڭ ئۆزى ئىدى. مانا شۇلار (قوشاق بىلەن ئەپسانە) ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن كوللېكتىپ ئىجادىيەت.

پلېخانوۋ: «يەنە ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ سەنئىتى ھەققىدە» ناملىق بىر ماقالىسىدە قەدىمكى چاغدىكى ئوۋچىلار ئۇسسۇلىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، ئوۋ جەريانىدا ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەقلىد (دوراش) قىلىشتىن كېلىپ چىققان، دەپ تونۇغان. بۇ ھۆكۈم شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى: ئەگەر ئەڭ قەدىمكى چاغدا

ئادەملەر ئۆزى ئوۋ قىلىش ئەمگىكىگە قاتناشمىغان بولسا، ئوۋچىلار ئۇسسۇلىنى يارىتىشى زادى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

ئىنسانلارنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھاياتىنىڭ خىلمۇخىل، مۇرەككەپلىكى، قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى ھەم تۈرلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا قوشاقلار، ئەمگەك قوشاقلىرى، (ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىككە ئوخشاش)، مۇراسىم قوشاقلىرى (توي، ئۆلۈم - يېتىملەردە ئېيتىلىدىغان قوشاقلار)، جەڭ قوشاقلىرى، مەۋسۇم قوشاقلىرى، مۇھەببەت قوشاقلىرى قاتارلىق بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئەمگەك قوشاقلىرى، مۇراسىم قوشاقلىرى، جەڭ قوشاقلىرى، مەۋسۇم قوشاقلىرى بىلەن بىر قاتاردا ھەقىقىي چىن مۇھەببەت ۋە ساداقەتنى ئىپادىلەيدىغان، تەلىم - تەربىيە مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان قوشاقلارمۇ ناھايىتى كۆپ. بۇنداق قوشاقلاردا، ئىنسانىي پەزىلەت، ئار - نومۇس، مەردلىك، غەيرەت - شىجائەت، ئەدەب - ئەخلاق ۋە ئادەمگەرچىلىك تەرغىپ قىلىنغان.

## ھونلار ھەققىدىكى قوشاقلار

ھونلار ھەققىدىكى قوشاقلارنى ئاساسەن ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىر خىلى خەنزۇ خەلقىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ھونلار ھەققىدە توقۇغان قوشاقلار بولسا، يەنە بىر خىلى ھونلارنىڭ ئۆزلىرى توقۇغان قوشاقلار.



ھونلار جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىخىي يىلنامىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان، قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىم.

ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن (مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن ياشىغان) ئۆزىنىڭ ئۆلمەس، شانلىق ئەسىرى «تارىخنامە»نىڭ «بەش خاننىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن بابىدا، خۋاڭدىنىڭ ھونلارنى شىمالغا قوغلىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. خۋاڭدى بولسا جۇڭگونىڭ باشلانغۇچ ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتىدە ئۆتكەن ئەپسانىۋى خان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 5000 يىل بۇرۇن ئۆتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ھونلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى قوشنىسى ئىكەنلىكى مەلۇم.

ھونلار جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن شاڭ سۇلالىسى (مىلادىيدىن 17 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىيدىن بۇرۇنقى 11 - ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن) زامانىسىدا كۈچىيىشكە باشلىغان بولسا، غەربىي جۇ سۇلالىسى (مىلادىيدىن 11 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىيدىن بۇرۇنقى 771 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەۋرگە كەلگەندە خېلى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلانغان.

«تارىخنامە، ھونلار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا ھونلار ھەر دائىم غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئېغىر بالايى - ئاپەتلەرنى

كەلتۈرگەن. كۇڭزىنىڭ (مىلادىدىن 551 يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ، مىلادىدىن 479 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن) شاگىرتلىرى خەنزۇ خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغدىكى قوشاقلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ قالدۇرۇپ كەتكەن «نەزمىنامە»دىكى بىر قوشاق مۇنداق:

ئۆي ـ ماكاندىن، ئائىلىدىن قالدۇق ئايرىلىپ،
دەھشەت سېلىپ كەلگەن ۋەھشىي ھونلار دەستىدىن.
يۇردۇق كۆچۈپ تىنماي دائىم، تېنەپ ـ تەمتىرەپ،
دەھشەت سېلىپ كەلگەن ۋەھشىي ھونلار دەستىدىن.

بۇ قوشاقنى مىلادىدىن ئون ئەسىر بۇرۇن جۇ سۇلالىسى زامانىسىدا ئۆتكەن نامەلۇم بىر شائىر توقۇغان. مىلادىدىن سەككىز ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن جۇشۈەن ۋاڭ (جۇسۇلالىسىنىڭ خانلىرىدىن بىرى — ئا) ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى چېگرىسىنىڭ بىر يېرىگە قورغان سالدۇرغان ئىكەن. «نەزمىنامە»دە بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قوشاق بار:

چۈشۈرۈپ بۇيرۇقنى ماڭا ئۇلۇغ خان،
شىمالىي چېگرىغا سالدۇردى قورغان.
ئاتاقلىق نەنجۇڭغا① بولدىغۇ نەسىپ،
ھونلارنى قوغلاشقا بەرمەستىن ئامان.

«تارىخنامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە» باپىدىكى

① نەنجۇڭ — غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئادەم — ئا.



مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ھونلار دۆلىتى مىلادىدىن 1500 يىل بۇرۇن (بۇنىدىن 3500 يىل بۇرۇن) ۋۇجۇدقا كەلگەن. شۇ چاغلاردا خەنزۇ خەلقى ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سەددىچىن سېپىلىنى تېخى سالمىغان. سەددىچىن سېپىلى مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن سېلىنىشقا باشلىغان ئىدى. خەنزۇ خەلقى سەددىچىن سېپىلىنى سالماستىن بۇرۇن (بولۇپمۇ جۇ سۇلالىسى زامانىسىدا) ۋە سالغاندىن كېيىنمۇ بىر مەزگىلگىچە ھونلارنىڭ تاجاۋۇزى ۋە بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغان. يۇقىرىدىكى ئىككى قوشاق مۇشۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇ.

خەنزۇ خەلقى توقۇغان تۆۋەندىكى قوشاق ناھايىتى خاراكتېرلىك بولۇپ، چوڭ بىر جەڭگە مۇناسىۋەتلىك. قوشاق مۇنداق:

فىنچېڭدا① يۈز بەرگەن ئاجايىپ ۋەقە،
كەلتۈردى بىزلەرگە جاپا ـ مۇشەققەت.
يەتتە كۈن ئاچ قېلىپ كەتتۇق ماداردىن،
ئوقيانى ئېتىشقا يەتمىدى قۇۋۋەت.

بۇ قوشاقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تارىخىي سەۋەب مۇنداق:

مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىسىدە يەتتە دۆلەت بولۇپ، بۇلار ئۆزئارا ئۇرۇ-

① فىنچېڭ — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى داتۇڭ شەھىرى — ئا.

شۇپ تۇراتتى. شۇنداق ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغان جۇڭگو تارىخچىلىرى، يەتتە دۆلەت ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرنى «ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى» دەپ يېزىشقان. «ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى» مىلادىدىن 475 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە بولغان 254 يىللىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ دەۋردىكى يەتتە دۆلەتتىن چى (سەندۇڭدا)، يەن (خېبېيدا)، جاۋ (سەنشىدە)، چىيەن (شەنشىدە) قاتارلىق تۆت دۆلەت سېرىق دەريا ۋادىسىدا (خۇاڭخې ۋادىسىدا) بولۇپ، ئۇلار ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتى. خەن، چۇ، ۋېي قاتارلىق ئۈچ دۆلەت بولسا ئاساسەن چاڭجياڭ ۋادىسىدا بولۇپ، ھونلار بىلەن بىۋاستە چېگرىداش ئەمەس ئىدى. سېرىق دەريا ۋادىسىدىكى چى، يەن، جاۋ، چىن قاتارلىق دۆلەتلەر يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا پات - پاتلا ئۇچرايتتى.

ھونلار «ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى»دىكى ئۆزلىرىگە ناھايىتى پايدىلىق بولغان (دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشلىرى) شارائىتتا جىددىيلىك بىلەن ھەربىي قوشۇنلىرىنى تولۇقلاپ، ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتتى. ئاندىن كېيىن ھون ئاتلىقلىرىنى ئوردوس يايلىقى، چوغاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە توپلاپ، شۇ يەردىن جەنۇبتىكى قوشنىلىرىغا (جۇڭگوغا) ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. شۇ سەۋەب تۈپەيلى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۆت دۆلەتتىن يەن، جاۋ، چىن قاتارلىق ئۈچ دۆلەت مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ



ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆز تېررىتورىيىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا سېپىل سېلىشقا كىرىشكەن. مانا بۇ سەددىچىن سېپىلىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

مىلادىدىن 221 يىل بۇرۇنقى چاغقا كەلگەندە، چىن دۆلىتىنىڭ خانى يىن جىن (چىن سىخۇاڭ) ئۆز قوشنىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، چى، يەن، جاۋ، ۋېي، چۇ، خەن قاتارلىق ئالتە دۆلەتنى يوق قىلىپ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈردى.

چىن سىخۇاڭ مىلادىدىن 215 يىل بۇرۇن مىن تيەن ئاتلىق قوماندانىنىڭ باشچىلىقىدا، بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان قوشۇننى ھونلارغا قارشى ماڭدۇردى. بۇ چاغدا ھون دۆلىتىنىڭ تەختىدە تومەن ئاتلىق تەڭرىقۇت ئولتۇراتتى.

مىن تيەن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو قوشۇنلىرى تومەن تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى ھون قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ھونلاردىن ئوردوس يايلىقىنى تارتىپ ئالدى. چىن سىخۇاڭ مىن تيەنگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بۇرۇنقى يەن، جاۋ، چىن دۆلەتلىرىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا سالدۇرغان سېپىللەرنى بىر - بىرىگە چېتىشتا بۇيرىدى. مىن تيەن نەچچە يۈز مىڭ ئادەمنى ئىشلىتىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەن، جاۋ، چىن دۆلەتلىرىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا سالدۇرغان سېپىللىرىنى بىر - بىرىگە چاتتى. مانا بۇ مەشھۇر سەددىچىن سېپىلى ئىدى.

چىن سۇلالىسى (مىلادىدىن 221 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇنغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نى قۇرغان چىن سىخۇاڭ مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇن ئۆلدى. چىن سۇلالىسى مىلادىدىن 207 يىل بۇرۇن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ شىددەتلىك زەربىسى ئاستىدا ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. لېكىن غەلىبە مېۋىسىگە ئىگە بولغان لىيۇباڭ جۇڭگو تارىخىدا خەن سۇلالىسى (مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 220 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇردى.

چىن سىخۇاڭ ئۆلگەن چاغدا (مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇن) تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى باتۇر تەڭرىقۇت ھونلار تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىشلارنى ئورۇنلاپ، بايقال بويىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنى، يەنسەي بويىدىكى قىرغىزلارنى، قىدىرخان تاغلىرىنىڭ (ھازىرقى ھىنگان تاغلىرى) شەرقىدىكى تۇڭگۇسلارنى، كەنسۇدىكى ئۇلۇغ ياۋچىلارنى، ئۇيسۇنلارنى، كوكنۇر، تىبەتتىكى تىبەتلەرنى، ئالتايدىكى تۈركلەرنى، يەتتە سۇدىكى قاڭلىلارنى، كاسپىي دېڭىزى بويىدىكى ئالانلارنى بويسۇندۇرۇپ، شىمالى بايقال، لېنا، يەنسەيغىچە، شەرقى ئۇلۇغ ئوكيان بويلىرىغىچە، جەنۇبى سەددىچىنگىچە، غەربىي - جەنۇبى ھىندىستاننىڭ شىمالىغىچە، غەربى كاسپى بويلىرىغىچە سوزۇلغان ئۇلۇغ ھون ئىمپېرىيىسىنى قۇردى.

ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ كۈچىيىشى يېقىندىن قۇرۇلغان خەن سۇلالىسىغا ناھايىتى ئېغىر خەۋپ بولۇپ قالدى. باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 201 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىگە بېسىپ كىردى. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى شاۋشەن ناھىيىسىنى قورشىۋالدى. شۇ جاينى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان غەربىي ۋالىي خەن ۋاڭشىڭ ھونلارغا تەسلىم بولدى. ھونلار يەنە تەييۈەن، جىنياڭ قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىپ ئالدى. مانا شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى لىيۇباڭ (مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 195 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە پادىشاھ بولغان) ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ ۋەزىرى لىيۇجىڭ ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، لىيۇباڭنى ئاگاھلاندۇردى. شۇ مەزگىلدە يېڭى قۇرۇلغان خەن سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادى خاراب، بۆلۈنمە كۈچلەر تېخى تۈگىتىلمىگەن بولۇپ، مەركىزىي ھاكىمىيەت مۇستەھكەملىنىپ كەتمىگەن ئىدى. لېكىن لىيۇباڭ، لىيۇجىڭنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېتىبارغا ئالماي، ئۇنى نەزەربەنت قىلدى. لىيۇباڭ ئۆزى 320 مىڭ كىشىلىك پىيادە قوشۇنغا باش بولۇپ ھونلارغا قارشى يۈرۈشكە ئاتلاندى.

بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان باتۇر تەڭرىقۇت خىللانغان 400 مىڭ ئاتلىق ھون قوشۇنلىرىنى پىڭچىڭ (ھازىرقى، داتۇڭ) شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى بەيدىڭ تېغىنىڭ ئېدىرلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەن سۇلالىسى پادىشاھى لىيۇباڭنىڭ كېلىشىنى پايلاپ مۆكتۈرمىدە تۇردى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ غەربىي تاكتىكا جەھەتتە قوي-

خان يوشۇرۇن تۇزىقىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان ليۇباڭ خەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، بەيدىڭ تېغىدا پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە ئېلىندى. سىماچيەننىڭ يېزىشىچە: خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى قارا ئاتلىق، شەرقىي تەرىپىنى كۆك ئاتلىق، غەرب تەرىپىنى ئاق بوز ئاتلىق، جەنۇب تەرىپىنى قىزىل تورۇق ئاتلىق ھونلار قورشىۋالغان. تاشقى دۇنيادىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەتتە كېچە، يەتتە كۈندۈز قورشاۋدا قېلىپ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ، تۈگەپ كېتىشكە تاس - تاماس قالغان.

ليۇجىڭنىڭ گېپىگە كىرمەي، ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان ليۇباڭ نېمە قىلىشنى بىلمەي بېشى قېتىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ چېنپىڭ ئاتلىق ۋەزىرى قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ ئامالىنى تاپقان. چېنپىڭ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسى (چوڭ بىكەسى) ئالدىغا ئوغرىلىقچە بېرىپ، بىكەگە نۇرغۇن ئالتۇن بەرگەن. ئاندىن كېيىن بىكەدىن قورشاۋنىڭ مەلۇم جايىدىن ئازراق يوچۇق ئېچىپ قويۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ يالۋۇرغان. بىكە باتۇر تەڭرىقۇتقا، دەرھال قايتىپ كېتىشنى، ئۇنداق قىلمىغاندا كۆك تەڭرىنىڭ غەزىپىگە يولۇقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شامال تەڭرىسى بىلەن ئۇنى قورقۇتقان. باتۇر تەڭرىقۇت بىكەنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، قورشاۋنىڭ مەلۇم جايىنى ئېچىپ قالدۇرغان، ليۇباڭ ئەنە شۇ جايدىن قېچىپ چىقىپ قۇتۇلغان.



شەرقنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن بەيدىڭ قورشاۋى ئەنە شۇنداق نەتىجە بىلەن تاماملانغان. بۇنداق قورشاۋ قەدىمكى چاغدىكى شەرق تارىخىدا بولۇپ باققان ئەمەس. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى: باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ بەيدىڭ قورشاۋىنى ئەنە شۇنداق نەتىجىسىز ئاياغلاشتۇرغانلىقى ھونلار تارىخىدا ئۇنىڭ كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

تۆۋەندە ھونلار ئۆزى توقۇغان قوشاقتىن بىرنى كۆرىمىز:

ئايرىلىپ قالغاندا تەڭرى تاغى①دىن
ئاۋماس بولۇپ قالدى چارۋا - مالىمىز.
ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تاغى②دىن،
مۇڭلىنىپ، سارغايدى قىز، ئايالىمىز.

ھون قوشىقىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تارىخىي سەۋەب ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك.

مىلادىدىن 201 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بەيدىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلۇپ، شىئەنگە قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، ليۇجىڭنى نەزەربەنتتىن بوشاتقان، ئۇنىڭ ھونلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە بەرگەن تەكلىپىگە كۆنۈپ، ليۇجىڭ باشچىلىقىدا ھونلارغا ئەلچىلەر ئەۋەتكەن. خەن سۇلالىسى

① تەڭرى تاغى — كەنسۇدىكى چىلەنشەن تېغى — ئا.
② ئالچى تاغى — كەنسۇدىكى يەنجىشەن تېغى. — ئا.

ئەلچىلىرى باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) تەرىپىدىن قويۇلغان ئېغىر شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپ، تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىتىمنامىغا قول قويغان.

تۈزۈلگەن بىتىمنامىغا بىنائەن خەن سۇلالىسى ھەر يىلى ھونلارغا بەلگىلىك مىقداردا ئالتۇن، تاۋار - دۇردۇن، ئاشلىق، ھاراق ئېچىتقۇسى ئەۋەتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ھون تەڭرىقۇتلىرىغا خەن مەلىكىلىرىنى ياتلىق قىلىپ قۇدىلىشىش، قوۋۇق (سەددىچىن قوۋۇقلىرى) سودىسىنى (ھونلار بىلەن خەن سودىگەرلىرى ئارىسىدا) يولغا قويۇش ئارقىلىق ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش يولىنى تۇتتى. لېكىن ھونلار خالىغاندا بىتىمنامىنى بۇزۇپ سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ، خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى.

بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىكى قۇدىلىشىش قەدىمكى چاغدىكى دىپلوماتىيە قائىدىسىگە كۆرە بىر تۈرلۈك پاسسىپ ئۇسۇل ئىدى. ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ قالغان ئىككى دۆلەت ۋاقىتلىق بولسىمۇ تىنىچ ئۆتۈش ئۈچۈن بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئۆز قىزىنى ياتلىق قىلاتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ قۇدىلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشى ئىلاجىسىزلىقتىن بولۇپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ ھونلار تاجاۋۇزىغا ئۇچرىماسلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ھەر يىلى ھونلارغا بەلگىلىك مىقداردا ئەۋەتىپ تۇرىدىغان ئالتۇن،



تاۋار - دۇردۇن، ئاشلىق، ھاراق ئېچىتقۇسى قاتارلىق نەرسىلەر سوۋغا - سالام بولماستىن، ئەمەلىيەتتە شەكلى ئۆزگەرگەن (ئولپاڭ) سېلىق تۆلەشنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇنداق ئەھۋال 70 يىل (مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 130 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) داۋام قىلدى.

خەن سۇلالىسى ھونلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئۇزاق مۇددەت پۇختا تەييارلىق قىلدى. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋۇدى پادىشاھلىق قىلغان چاغدا (مىلادىدىن 140 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 87 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) جۇڭگو ھونلارغا بولغان قاراملىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھونلارغا قارشى ئۇزاققا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى.

خەن ۋۇدى زامانىسىدا خەن سۇلالىسى ھونلارغا قارشى ئۈچ قېتىم ناھايىتى دەھشەتلىك ئۇرۇش ئېلىپ باردى.

بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش مىلادىدىن 127 يىل بۇرۇن بولدى. بۇ ئۇرۇشتا خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ھونلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئوردۇس يايلىقى (خىتاۋ)نى بېسىپ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن چاڭئەن (شىئەن)نىڭ ھونلار خەۋپىگە ئۇچرىشى تۈگىتىلدى.

خەن ۋۇدى ئوردۇس يايلىقىدا ئۆز كۆچمەنلىرىنى جايلاشتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ھونلار بىلەن تىبەت خانلىقى (كوكنۇردىكى) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاش

لاپ، ھون تەگرىقۇتلىقىنىڭ غەربتىكى تېررىتورىيىسى (ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن غەربىي ئاسىيا)گە بارىدىغان قاتناش يولىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن كەڭسۇدىكى خېشى كارىدورىنى بېسىپ ئېلىشنى كۆزلىدى. خېشى كارىدورى (ھازىرقى گەنسۇدا)، تەگرى تېغى (ھازىرقى چىلەنشەن تېغى) ۋە ئالچى تېغى (ھازىرقى يەنجىشەن تېغى) ئەتەكلىرىدىكى بىر پارچە مۇنبەت يايلاق ئىدى. مىلادىدىن 121 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ قوماندانى خوچۈبىڭ باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە يۈز مىڭ ئاتلىق، پىيادە قوشۇن ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئىككى قېتىم كەڭسۇنىڭ شىمالىغا قوغلىۋېتىپ، خېشى كارىدورىنى بېسىپ ئالدى. خەن سۇلالىسى ھونلاردىن تارتىپ ئالغان خېشى كارىدورىغا ئادەم كۆچۈرۈپ، بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىقنى يولغا قويۇپ، شۇ جايلاردا ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ، ئۇۋېي، جاڭيې، جۇچۇەن، دۇڭخۇاڭ قاتارلىق ۋەلايەتلەرنى تەسىس قىلدى.

ھونلار مانا شۇ خېشى كارىدورىدىن ئىبارەت يايلاقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئېچىنىپ «ھون قوشىقى»نى توقۇغان.

«ھون قوشىقى»دا، ھونلار ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان چارۋىچىلىق بىلەن رېئال ھاياتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن.

قوشاقتا «ئالچى تېغى» بىلەن «مۇڭلىنىپ سارغايدى قىز، ئايالىمىز» دېگەن قۇرنىڭ باغلىنىپ تەسۋىرلىنىشى ناھايىتى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. چۈنكى ھونلارنىڭ



خوتۇن – قىزلىرى قىزىل سىرىققا مايىل بىر خىل گۈلدىن ئەڭلىك ياساپ چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، يۈزىگە ئەڭلىك سۈركىشەتتى. ھونلار مانا شۇ ئەڭلىكنى «ئالچى ئەڭلىكى» (قىزىلچى ئەڭلىكى) دەپ ئاتىشاتتى. شۇنىڭدەك ھون تەگرىقۇتلىرىنىڭ رەسمىي بىكىسى (قەدىناس خانىشى) ئالچى دەپ ئاتىلاتتى. ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە ھازىرقى رۇس تىلىدىكى ئالى (قىزىل) سۆزى ھونلار (تۈركلەر)نىڭ ئالچى سۆزىدىن كېلىپ چىققان.

ھونلار ئالچى تېغىنىڭ قولدىن كېتىشىنى خوتۇن – قىزلىرىنىڭ گويا ئەڭلىكتىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئوخشىتىپ «بۇندىن كېيىن خوتۇن – قىزلىرىمىز چىرايى گۈزەل ئالچى بولالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى» دەپ ھەسرەتلەنگەن.

## ئالپ ئارتۇڭا ھەققىدىكى قوشاقلار

مىلادىدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىن بولغان تۇرانىلار ئالپ ئارتۇڭا يېتەكچىلىكىدە بىر دۆلەت قۇرغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ دۆلەت مىلادىنىڭ ئىككىنچى ئەسىرىگىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

تۇران خاقانى ئاپراسىياپ (ئالپ ئارتۇڭا) ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئەڭ بۇرۇن ئاتەشپەرەستلەر — زارۇدىشتلەر (ئوتپەرەستلەر)نىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋىس-

-تا»دا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپراسىياپنى تۇران پادىشاھى دەپ ئاتىغان. ئۇلۇغ پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇت غەزنەۋى (مىلادىنىڭ 997- يىلىدىن 1030- يىلىغىچە سۇلتان بولغان) نىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يازغان «شاھنامە» دە تۇران خاقانى ئاپراسىياپنىڭ ئىران شەھىنشاھلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ناھايىتى كۆپ جايدا تىلغا ئېلىنغان.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا ئالپ ئارتۇڭا (ئاپراسىياپ) ھاۋاسى ناھايىتى ياخشى بولغان ئوردوكەنت (قەشقەر) دە ياشىغان. بۇ چاغدا كۈچلۈك پارس ئىمپېرىيىسى (ئەھمانىلار سۇلالىسى) ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىدى.

مىلادىدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ شاھىنشاھى كەي خىسراۋ (مىلادىدىن 558 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 529 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە شاھىنشاھ بولغان) ئىران قىرلىرىدا ياشايدىغان قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەھمانىلار سۇلالىسىنى قۇدرەتلىك ھالغا كەلتۈرگەن. بۇ ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى سىزا شەھىرى ئىدى.

ئالپ ئارتۇڭا ئىران شاھىنشاھى كەي خىسراۋ بىلەن قىلغان بىر جەڭدە (جەڭ ئەزەربەيجاندا بولغان) ھۆكۈپ ياتقان ئىرانلىق بىر جەڭچىنىڭ ئاتقان ئوقىيا ئوقىدا ھالاك بولغان.



بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز، ئۆزىنىڭ قەيسەر خاقانى ئالپ ئارتۇڭا (ئاپراسىياپ) نىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلاپ، تۆۋەندىكى قوشاقلارنى توقۇپ ماتەم تۇتۇشقان.

بۇ قوشاقلارنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئەسلىسى مۇنداق:

ئالپ ئارتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئىسسىز ئاژۇن قالدىمۇ،
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

ھازىرقى تىلىمىزدا:

ئالپ ئارتۇڭا ئۆلدىمۇ،
يۈزسىز دۇنيا قالدىمۇ،
(ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ)،
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

ئەسلىسى:

ئۇلىشىپ ئەرەن بورلەيۇ،
يىرتىپ ياقا ئۇرلايۇ.
سىقرىپ ئۈنى يورلايۇ،
سىختاپ كۆزى ئۆرتۈلۈر.

ھازىرقى تىلىمىزدا:

ئەل بۆرىدەك ھۇۋلاشتى،
يىرتىپ ياقا يىغلاشتى.
پەرياد چېكىپ داتلاشتى،
كۆزلەر ياشقا قاپلىنۇر.

يۇقىرىدىكى ئىككى كۇپلېت قوشاق، ماتەم قوشاقلىـ
رىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇ ئالىپ ئارتۇڭا (ئاپراسىياپ)
قا بېغىشلانغان. بۇ قوشاقلار ئەڭ قەدىمكى قوشاق بوـ
لۇپ، مىلادىيىدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن توقۇلغان.
ئالىپ ئارتۇڭا ھەققىدىكى قوشاقلار، ئاپراسىياپنىڭ
تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا
ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

## مەلىكە قوشىقى

ئۇزاتتى يىراققا مېنى تۇغقانلار،
ياتلىق قىلىشىپ ئۇيسۇن خانىغا.
ئۆيلىرى يۇمىلاق كىگىز ئوتاۋكەن،
ئۇلارغا گۆش، قىمىز تائام – ئوزۇقكەن.
ئۆرلەيدۇ پىغانىم يۇرتنى ئەسلىسەم،
قۇش بولۇپ يۇرتۇمغا ئۇچۇپلا كەتسەم.

«خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. غەرب ئەللىرى ھەققىدە
قىسسە» بابىنىڭ «ئۇيسۇن تارىخى»دىكى مەلۇماتقا ئاساسـ
لانغاندا، «مەلىكە قوشىقى» ناملىق بۇ قوشاقنى مىلادىيىدىن
106 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەنـ
ۋۇدى تەرىپىدىن ئۇيسۇن خانى راغومىغا ياتلىق قىلىنـ
غان مەلىكە شىجۈن توقۇغان. بۇ قوشاق ناھايىتى مۇـ
ھىم تارىخىي ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك.
ئۇيسۇنلار تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە خېلى كۈچلۈك
خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار ئەڭ قەدىمكى چاغلارـ



دىن تارتىپ (مىلادىيىدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن)
كەنسۇ (ھازىرقى گەنسۇ)نىڭ داشاتا (ھازىرقى ئاتلىشى
دۇنخۇاڭ) ۋىلايىتىدىن تارتىپ، تەڭرى تاغلىرى (چىلەنـ
شەن تاغلىرى) نىڭ ئېتەكلىرىدە ياشاپ كەلگەن. مىلاـ
دىيىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن ئۇيسۇنلار بىلەن ئۇلارغا
قوشنا بولغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز
بەرگەن. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۇيسۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ،
ئۇلارنىڭ خانى نەندۇمى (مىلادىيىدىن ×× يىل بۇرۇنقى
چاغدىن مىلادىيىدىن 197 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان)نى
ئۆلتۈرگەن. ئۇيسۇنلار ياشاپ، تۇرغان جايلارنى ئۇلۇغ ياۋـ
چىلار بېسىپ ئالغان. ئۇيسۇن خانلىقىنىڭ ئاھالىسى بولـ
سا ھونلارنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇلاردىن پاناھ تىلىـ
گەن. شۇ چاغدا ئۇيسۇنلارنىڭ خانى نەندۇمىنىڭ بوۋاق
ئوغلى راغومىنى بوجو ئاتلىق ئۇيسۇن يابغۇسى ئېلىپ
ھونلار قېشىغا قېچىپ بارغان. راغومى چوڭ بولغاندىن
كېيىن ھون تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت ئۇنى ئۇيسۇنـ
لارغا خان قىلىپ تەيىنلىگەن. ھونلارنىڭ ياردىمىگە
ئىگە بولغان ئۇيسۇنلار ئۇلۇغ ياۋچىلار بىلەن بولغان
بىر ئۇرۇشتا يەنە مەغلۇپ بولۇپ، غەربكە قاراپ كۆچۈپ،
ھازىرقى ئىلى ۋادىسى، ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىغا بېرىپ
ماكانلاشقان.
ھونلار بىلەن چىقىشالمىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار
مىلادىيىدىن 175 يىل بۇرۇن ھونلار تەرىپىدىن ئېغىر مەغـ
لۇبىيەتكە ئۇچراپ، كەنسۇدىكى خىشى كارىدورىدىن
غەربكە قاراپ كۆچۈپ، دەسلەپ كۇچارغا كەلگەن.

ئاندىن ئىلى ۋادىسىغا ئۆتۈپ، ئۇيسۇنلارنى ياشاپ تۇرغان جايلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆزلىرى جايلىشىۋالغان. ئۇيسۇنلار مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇن ھونلار ياردىمىنى ئېلىپ، ئۇلۇغ ياۋچىلارنى ئىلى ۋادىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۆزلىرى شۇ جايلارغا يەنە كۆچۈپ كېلىدۇ.

ئۇلۇغ ياۋچىلار ئىلى ۋادىسىدىن كۆچۈپ، ئىسسىق كۆل تەرىپىگە سىلجىپ قەشقەرگە كېلىدۇ. ئۇلار قەشقەر ئەتراپىدا ئانچە ئۇزاق تۇرماستىن ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. پايتەختنى ئامۇ دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا بەرپا قىلغان ئۇلۇغ ياۋچىلار تارىختا «توخارىستان» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان دۆلەتنى قۇرىدۇ. «توخار» سۆزىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭ قانداق مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېلىغىچە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق.

ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ كەينىدىن كۆچۈپ، ئافغانىستانغا كېلىپ، توخارىستاندا (شىمالىي ئافغانىستاندا) گرېك — ماكېدون ھۆكۈمرانلىقى (ئىسكەندەر مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇن ئىراننى بېسىپ ئالغاندىن كېيىن توخارىستاندا گرېك — ماكېدون پادىشاھلىقى قۇرۇلغان)نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، توخارىستان دۆلىتىنى (مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قۇرغۇچى بولغان ھەرىكەتلىرىگە ھونلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ياۋچىلار خانىنىڭ ئايالى باشچىلىق قىلغان.



مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن ئۇيسۇنلارنىڭ ئاھالىسى 630 مىڭ بولۇپ، يۈزمىڭغا يېقىن ھەربىي قوشۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇيسۇنلار خانىنى كۈنبەك دەپ ئاتايتتى. ئۇيسۇن خانلىقىنىڭ پايتەختى ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قىزىل قورغان شەھىرى ئىدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋۇدى مىلادىدىن 133 يىل بۇرۇن ھونلارغا قارىتا قوللىنىپ كەلگەن قۇدىلىشىش سىياسىتىنى ھەربىي كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا ئۆزگەرتىپ، ھونلارغا بولغان قاراملىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھونلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلغان. شۇنىڭغا بىنائەن خەن ۋۇدى جاڭچيەننىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇيسۇنلارغا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپ، ئۇلارنى خېشى كارىدورىدىكى ئەسلى ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىشكە ئۈندەش، خەن مەلىكىلىرىنى ئۇيسۇن خانلىرىغا ياتلىق قىلىپ قۇدىلىشىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، ھونلارغا قارشى تۇرۇپ، ھونلارنىڭ ئوڭ قولىنى (ھەربىي ستراتېگىيە بويىچە قارىغاندا تىبەتلىكلەر ھونلارنىڭ ئوڭ قولى ھېسابلانغان) كېسىپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. خەن ۋۇدى بۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىلادىدىن 115 يىل بۇرۇن جاڭچيەننى ئۇيسۇنلارغا ئەۋەتتى. جاڭچيەن باشچىلىقىدىكى خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى ئۇيسۇنلارغا يېتىپ بارغاندا، ئۇلارنى ئۇيسۇن خانى راغومى (مىلادىدىن 177 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 104 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان) ھون تەڭرىقۇتلىرىغا خاس مەھ-

رۇر قىياپەتتە تۇرۇپ، ئانچە ياخشى قارشى ئالمايدۇ. ھەتتا ئۇيسۇن خانى ۋە ئۇنىڭ بەگلىرى خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىنمۇ تۇرمايدۇ. شۇ چاغدا جاڭچيەن، ئەگەر ھۆرمەت بىلدۈرۈلمىسە سوۋغا - سالاملارنىڭ قايتۇرۇپ ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئۇيسۇن خانى ۋە ئۇنىڭ بەگلىرى رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قويىدۇ. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى بىلەن ئۇيسۇنلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەردە جاڭچيەن تەرەپتىن قويۇلغان تەلەپلەرگە، ئۇيسۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلمىگەنلىكى، ھونلاردىن قورقىدىغانلىقى ئۈچۈن قوشۇلمايدۇ. جاڭچيەن كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەي قايتىپ كېتىدۇ.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خەن ئەلچىلىرىگە ھەمراھ بولۇپ چاڭئەنگە (شىئەنگە) كەلگەن ئۇيسۇن ئەلچىلىرى خەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۆز ئېلىگە قايتقاندىن كېيىن ئەھۋالنى كۈنبەگ راغومىغا مەلۇم قىلىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇيسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا ئەلچىلەر ئۈزلۈكسىز بېرىپ-كېلىپ تۇرىدىغان بولىدۇ. ئاخىرى ئۇيسۇنلار ھونلار ئىتتىپاقىدىن چىقىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولىدۇ. ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتى شۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، خەن ۋۇدى مىلادىدىن 106 يىل بۇرۇن تۇغقىنى ليۇجيەننىڭ قىزى شىجۈننى ئۇيسۇن خانى راغومىغا ياتلىق قىلىدۇ. مەلىكە شىجۈننىڭ تويلىقى ئۈچۈن ئۇيسۇنلار خەن



سۇلالىسىغا 1000 ئات بېرىدۇ.

خەن ۋۇدى مەلىكە شىجۈننى نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن تېگىشلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇيسۇنلارغا ماڭدۇرىدۇ. دەل شۇ چاغدا ھون تەڭرىقۇتى ئۇۋى تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 114 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 105 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان)مۇ ھون بەگلىرىدىن بىرىنى راغومىغا ياتلىق قىلىپ يولغا سالىدۇ.

مەلىكە شىجۈن بىر قانچە ئون كۈنلەرگە سوزۇلغان ئۇزۇن مۇشەققەتلىك سەپەردىن كېيىن ئۇيسۇنلارنىڭ پايتەختى قىزىل قورغان شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. كۈنبەگ راغومى شەھەر ئەتراپىغا چىقىپ مەلىكىنى قارشى ئالىدۇ. مەلىكە شىجۈن گۈللۈك مەپىدىن چۈشكەندە، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان، چاچلىرى ئاقارغان، 80 ياشتىن ئاشقان بىر بوۋايغا كۆزى چۈشىدۇ. ئەنە شۇ بوۋاي مەلىكە شىجۈن ياتلىق بولغان ئۇيسۇن خانى راغومى ئىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن مەلىكە شىجۈننىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قېيىپ، ھوشىدىن كېتىپ، يىقىلىپ كېتىشكە تاسلا قالىدۇ. كېيىن ئۆزى بىللە كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بويىچە مۇتەشەككە تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى زورمۇ زور ئۆتەيدۇ.

مەلىكە شىجۈن ئۆزىنىڭ «سىياسىي ۋەزىپىسى»نى تونۇمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلىكە شىجۈن ئۇيسۇنلارنىڭ تىلىنى بىلمىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە كۆنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇڭلىنىپ، ھەسرەت نا-

دامەت ئىچىدە قالغان. راغۇمى مەلىكە شىجۈننى ئىززەتلىگەن بولسىمۇ، ھون بىكەسى چوڭ مەلىكە بولۇپ، خەن مەلىكىسى توقال ئورنىدا ئىدى. مانا شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغان مەلىكە شىجۈن گويا قۇش بولۇپ، ئۆز يۇرتىغا ئۇچۇپ كېتىشنى ئويلاپ «مەلىكە قوشىقى»نى توقۇغان.

راغۇمى مەلىكە شىجۈن بىلەن مەلۇم ۋاقىت جاھاندارچىلىق قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بەكمۇ قېرىپ كەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەلىكە شىجۈننى نەۋرىسى قونشۇمىغا چېتىپ قويىدۇ. مەلىكە شىجۈن قونشۇمىدىن بىر قىز تۇغىدۇ ۋە ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

مىلادىدىن 104 يىل بۇرۇن راغۇمىمۇ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. قونشۇمى ئۇيسۇنلارغا خان بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خەن ۋۇدى ئۆز تۇغقانلىرىدىن بىرىنىڭ قىزى جەيۇنى ئۇيسۇن خانى قونشۇمى (مىلادىدىن 104 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 93 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان)غا ياتلىق قىلىدۇ. 18 ياشقا ئەمدىلا كىرگەن جەيۇ ئۇيسۇنلار يۇرتىغا كېلىدۇ. ئۇ كۈنبەگ قونشۇمى بىلەن بىرنەچچە يىل تۇرمۇش ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، مىلادىدىن 93 يىل بۇرۇن قونشۇمى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ھون بىكەسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى نىمى كىچىك بولغانلىقىدىن راغۇمىنىڭ نەۋرىسى ئۇنغۇمى قارىچۇق خان بولىدۇ. مەلىكە جەيۇ كۈنبەگ ئۇنغۇمىغا ياتلىق بولىدۇ. ئۇنغۇمى (مىلادىدىن 93 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 60 يىل بۇ-



رۇنقى چاغقىچە خان بولغان) مەلىكە جەيۇدىن ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز تاپىدۇ. ئوغۇللارنىڭ تۇنجىسىنىڭ نامى يۈەنگۈمى ئىدى.

ھون تەڭرىقۇتى غويالىدى تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 85 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 68 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) مىلادىدىن 74 يىل بۇرۇن ئۇيسۇنلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئۇيسۇن ئاھالىسىدىن بىر قىسمىنى ھەيدەپ كېتىدۇ. غويالىدى تەڭرىقۇت دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇيسۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مەلىكە جەيۇنى ھونلارغا تۇتۇپ بېرىشنى، خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە مەلىكە جەيۇ بىلەن ئۇنغۇمى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن شۈەندىگە (مىلادىدىن 74 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 49 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە پادىشاھ بولغان) يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېگەن:

«ھونلار ئۇيسۇنلارغا ئارقا - ئارقىدىن چوڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ چىشيەن (ئېھتىمال ھازىرقى قاراماي بولسا كېرەك)، ئۇش (غۇلجا ئەتراپلىرى بولسا كېرەك) قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئالدى. تۇرغۇزۇلغان ئادەملەرنى ئەسىر قىلىپ ھەيدەپ كەتتى. ھونلار ئەلچى ئەۋەتىپ مەلىكىنى (جەيۇنى دېمەكچى) دەرھال تۇتۇپ ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلىمۇ يولسىزلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇيسۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇيسۇنلار خىللانغان

قوشۇنلىرىدىن يېرىمىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 50 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاتلىق قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، هونلار بىلەن هەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىشنى خالايدۇ. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ياردەمگە قوشۇن چىقىرىپ، مەلىكە بىلەن كۈنبەگنى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.»①

خەن سۇلالىسى مەلىكە جەيۇنىڭ ياردەم تەلەپ قىلىپ يازغان مەكتۇبىغا بىنائەن، مىلادىدىن 71 يىل بۇرۇن، 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، هونلار تېررىتورىيىسىگە قاراپ، بەش يۆنىلىش بويىچە هۇجۇم باشلايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيسۇن خانى ئۇنغۇمى 50 مىڭ ئاتلىق ئۇيسۇن قوشۇنىغا ئۆزى باش بولۇپ، ھەربىي مەسلىھەتچى چاڭخۇي (خەنزۇ)نىڭ ھەمراھلىقىدا غەربتىن شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، هونلارنىڭ ئوڭ قول خان ئوردىسىغا قاراشلىق جايلارغا (ماناستىن تارتىپ باركۆلگىچە بولغان جايلارغا) هۇجۇم قىلىدۇ. هون تەڭرىقۇتى غوياندى تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ بەش يۆنىلىش بويىچە هۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، هونلار تېررىتورىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى هونلار ئاھالىسىنى چارۋا-ماللارنى شىمالغا ئېلىپ كېتىدۇ. سەددىچىن سېپىلىنىڭ قوۋۇقلىرىدىن ئۆتۈپ، هونلار تېررىتورىيىسىگە خېلى ئىچكىرىلەپ كىرگەن خەن

① يۈەنگۈ، «خەن سۇلالىسى تىزكىرى ئۇيسۇنلار» خەنزۇچە، ٣٧- بەت



سۇلالىسى قوشۇنلىرى هونلارنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىنى ئۇچرىتالماي، مەغلۇپ بولۇپ، ئارقىسىغا قايتىدۇ. لېكىن غەرب تەرەپتىن هۇجۇم قىلغان ئۇيسۇن قوشۇنلىرى هونلارنىڭ ئوڭ قول خان ئوردىسىنى (ماناس بىلەن پۈتكاڭ ئارىلىقىدا) ۋەيران قىلىپ، 40 مىڭ ئادەم، 700 مىڭ چارۋا - مال (ئات، كالا، تۆگە، قوي قاتارلىق)نى ھەيدەپ كېتىدۇ. شۇ يىلى قىش پەسلىدە غوياندى تەڭرىقۇت ئۇيسۇنلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئۇيسۇنلارغا هۇجۇم قىلىدۇ. ئۇرۇشتا ئۇيسۇن ئاھالىسىدىن بىر قىسمىنى ئەسىر قىلىدۇ ۋە نۇرغۇن چارۋا - ماللارنى غەنىمەت ئالىدۇ. ئەپسۇسكى غوياندى تەڭرىقۇت غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقاندا قاتتىق قار يېغىپ، ئەسىر ۋە چارۋا - ماللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇزلاپ ئۆلگەن.

مەلىكە جەيۇ ئۇيسۇنلار ئېلىدە 50 يىل تۇردى. ئۇ، شۇ مەزگىلدە (مىلادىدىن 102 يىل بۇرۇنقى چاغدىن، مىلادىدىن 51 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) ئۇيسۇنلارنىڭ كۈنبەگلىرىدىن قونشۇمى (مىلادىدىن 104 يىل بۇرۇنقى چاغدىن، مىلادىدىن 93 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان)، ئۇنغۇمى (مىلادىدىن 93 يىل بۇرۇنقى چاغدىن، مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان)، نىمى (مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇنقى چاغدىن، مىلادىدىن 53 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان) قاتارلىق ئۈچ خانغا ياتلىق بولغان. ئۇ شۇ مەزگىلدە ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ، خەن پادىشاھلىرى تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان سىياسىي ۋەزىپىلەرنى

يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا ساداقەت بىلەن ئورۇنلىغان.

ئونغۇمى ئۆزىنىڭ خانلىق ئورنىغا مەلىكە جەيۇدىن تۇغۇلغان تۇنجى ئوغلى يانغۇمىنى ۋارىس قىلىپ تەيىنلەش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىغا مەلىكە جەيۇ يول كۆرسەتكەن. مەلىكە جەيۇ بىلەن ئونغۇمى بۇ ئىشنى ۋاقىتىنچە سىر تۇتۇشقا، شەرت-شارائىت يار بەرگەندىلا ئاشكارىلاشقا ئەھدىلەشكەن. ئۇلار بۇ ئىشنى ئۇيسۇن بەگلىرىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، دەككە-دۈككىدە يۈرۈشكەن. چۈنكى مىلادىدىن 93 يىل بۇرۇن قونشۇمى ئالەمدىن ئۆتىدىغان چاغدا، ھۇن بىكەسى (مەلىكىسى)دىن تۇغۇلغان ئوغلى نىمىنىڭ گۆدەكلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇ چوڭ بولۇپ، ئەقلى-ھوشىنى تاپقىچە جىيەنى (تاغىسىنىڭ ئوغلى) ئونغۇمىنى ئۇيسۇنلارغا قارانچۇق خان بولۇپ تۇرۇشقا كۆرسەتكەن، قونشۇمى بۇ قارارنى ئۇيسۇن بەگلىرىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن جەيۇ بىلەن ئونغۇمى يوشۇرۇن ھالدا نىمىنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يانغۇمىنى خان قىلىش قارارىغا كېلىشكەن. مىلادىدىن 94 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان نىمى 30 ياشقا كىرىپ قالغاندىمۇ (مىلادىدىن 64 يىل بۇرۇن) قارانچۇق خان ئونغۇمى نىمىغا خانلىق ئورنىنى بەرمىگەن. جەيۇ يوشۇرۇن سۈيىقەستنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا خەن پادىشاھىنىڭ كاپالىتىنى ئېلىش ئۈچۈن مىلادىدىن 64 يىل بۇرۇن چاكخۇي ئارقىلىق ئونغۇمىنىڭ نامىدىن خەن شۈەندىگە مەكتۇپ يوللىغان. مەكتۇپتا



مۇنداق دېيىلگەن:

«مەن خەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ جىيەن لەۋزىسى مەلىكە جەيۇنىڭ تۇنجى ئوغلى يانغۇمىنى ئۇيسۇنلار تەختىگە ۋارىس قىلىپ تەيىنلەش قارارىغا كەلدىم. خانزادە يانغۇمىنىڭ خەن مەلىكىسىگە ئۆيلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمەن... ئەگەر پادىشاھ مېنىڭ تەلىپىمنى ماقۇل كۆرسە، ئۇيسۇن خانى مىڭ ئات، مىڭ خېچىرنى ياتلىق بولغۇسى مەلىكىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ.»①

بۇ مەكتۇپتىن ئىنتايىن خۇشال بولغان خەن شۈەندى مەلىكە جەيۇنىڭ ئۇكىسىنىڭ شاكچۇ ئاتلىق قىزىنى يانغۇمىغا ياتلىق قىلماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئونغۇمى تۇلپار ئاتلاردىن مىڭ، خېچىردىن مىڭ تۇياقنى ئاللاپ ئۇيسۇنلار ئېلىدىن 300 كىشىنى سوۋغا-سالاملار بىلەن مەلىكە شاكچۇنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە چاڭئەنگە ماڭدۇردى.

پادىشاھ خەن شۈەندى مەلىكە شاكچۇغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇيسۇنلارغا بارىدىغان ئەمەلدارلار، مۇھاپىزەتچىلەردىن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق كىشى تەييارلىغان. ئۇلارغا (مەلىكىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) چاڭئەندە ئېچىلغان مەخسۇس مەكتەپتە ئۇيسۇن تىلى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ئۆگىتىلگەن.

مەلىكە شاكچۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇن خىلمۇخىل ئېسىل بۇيۇملاردىن تەيـ

① يۇقىرىقى: «خەن سۇلالىسى قىزلىرى ئۇيسۇندا»، خەنزۇچە، 42—44-بەتلەر.

يارلانغان سوۋغا- سالاملارنى ئېلىپ، مەپە - ھارۋىلارغا ئۇلتۇرۇشۇپ، ئۇلاغ - ئۇلاغلارغا مىنىشىپ داشاتا (دۇڭخۇاڭ)غا يېتىپ كەلگەندە، كۈتۈلمىگەن بىر خەۋەرنى ئاڭلىغان. بۇ شۇم خەۋەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھىي چۈشۈپ شۈك بولۇشۇپ كەتكەن. ئۇلار مىش - مىشلارغا ئاساسەن، ئۇنغۇمنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئۇيسۇن بەگلىرى مەرھۇم قۇنشۇمنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا قىلغان ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭ ئوغلى نىمىنى خان قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان.

شۇ سەۋەبتىن مەلىكە شاگىپۇ باشلىقلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ناھايىتى روھسىز ھالدا چاڭئەنگە قايتىپ كەتكەن. مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان جەيۇ ئۆزىدىن 22 ياش كىچىك نىمىغىمۇ ياتلىق بولۇشتىن باش تارتمىغان. شۇ چاغدا مەلىكە جەيۇ 56 ياشقا كىرگەن ئىدى. مەلىكە جەيۇ نىمىدىن چىمى ئاتلىق بىر ئوغۇل تۇغقان.

مەلىكە جەيۇ مىلادىدىن 53 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىدىن كەلگەن ۋى رۇي قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يانغۇمىنى خان قىلىش ئۈچۈن، نىمىنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. زىياپەتتىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جەيۇنىڭ نىمىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تەيىنلىگەن ئادەملىرى خەنجەرنى نىمىنىڭ ئەجەللىك يېرىگە سالالمايدۇ. مۆرىسىدىن يارىدار بولغان نىمى زىياپەت ئورنىدىن بۆسۈپ چىقىپ ئېتىغا مىنىپ قېچىپ كېتىدۇ.

سۈيىقەست مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋى رۇي ئۇيسۇن بەگلىرىگە: «بۇنداق قىلغانلىقىم خەن پادىشاھىنىڭ



بۇيرۇقى بويىچە بولغان» دەيدۇ. ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىق بىلمىگەن ئۇيسۇن بەگلىرى ھەيران بولىدۇ.

ئەمەلگە ئاشمىغان سۈيىقەستتىن غەزەپلەنگەن شىشىسۇ (نىمىنىڭ ھون بىكەسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى) قوشۇن تارتىپ كېلىپ، قىزىل قورغاندىكى مەلىكىنى ۋە سۈيىقەست پىلانلاشتا مەلىكىگە ياردەم بەرگەن ۋى رۇي، رېنچاڭ قاتارلىقلارنى قورشىۋالىدۇ. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بۈگۈر ئەتراپىدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان كۆچمەنچى ھەربىيلەرنىڭ باشلىقى جېڭ جى غەربىي رايوندىكى بىرقانچە بەگلىكلەرنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ، سۈيىقەستچىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ ئالىدۇ. «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى، غەربىي رايون ھەققىدە قىسسە»دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، سۈيىقەست ۋەقەسى خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن سۈرۈشتە قىلىنىپ، ۋى رۇي، رېنچاڭ قاتارلىقلار چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، مەلىكە جەيۇ سۈيىقەست ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى بويىنىغا ئالمىغانمىش.

مىلادىدىن 53 يىل بۇرۇن ئۇنغۇمنىڭ ھون بىكەسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئۇيغۇت نىمىنى ئۆلتۈرۈپ خان بولغاندا، جەيۇنىڭ چوڭ ئوغلى يانغۇمىمۇ خانلىق تەختىنى تالاشىدۇ. ئاخىرى جەيۇ بىلەن ئۇيسۇنغا كەلگەن پېڭ لاۋ دېگەن ئايال ئۇيغۇتقا تەھدىت سېلىپ «خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا سىز ئامان قالمايسىز» دەپ پوپوزا قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇيغۇت ھونلاردىن ياردەم كەلگىچە كۈچ توپلاپ تۇرۇش ئۈچۈن

قاچقا چىقىۋالغان ئىدى. نەتىجىدە بىر پۈتۈن ئۈيسۈن دۆلىتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. خەن مەلىكىسى جەيۇدىن تۇغۇلغان يانغۇمى چوڭ كۈنبەگ، خۇن بىكەسىدىن تۇغۇلغان ئۇيغۇت كىچىك كۈنبەگ بولىدۇ: يانغۇمىغا ئۈيسۈن ئاھالىسىدىن 60 نەچچە مىڭ ئائىلە (350 مىڭ كىشى) ئۇيغۇتقا 50 نەچچە مىڭ ئائىلە (250 مىڭ كىشى) قارايدۇ. بۇ ئىككى خان ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان جايلارنىڭ چېگرىسىمۇ ئېنىق ئايرىتىلىدۇ.

مەلىكە جەيۇ 70 ياشقا كىرىپ قالغاندا، مىلادىدىن 51 يىل بۇرۇن چاڭئەنگە قايتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلىدۇ. يانغۇمىمۇ كېسەل بولۇپ، شۇ يىلى ئۆلىدۇ.

مىلادىنىڭ 127 - يىلىغا كەلگەندە خەن سۇلالىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئالاقىسى تامامەن ئۈزۈلىدۇ. بۇنىڭغا غەربىي ھونلارنىڭ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلىشى، كۇشانلارنىڭ خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق خانلىقلارنى بېسىپ ئېلىشى سەۋەب بولغان. «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى»دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 5- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۈيسۈنلار ئاۋارلارنىڭ ھۇجۇمىغا بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىغان. شۇڭا ئۈيسۈنلار پايتەختىنى پامىر تاغلىرىنىڭ ئىچىگە كۆچۈرۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. مىلادىنىڭ 437 - يىلى توبا خانلىقىنىڭ (385—534) خانى توبا تاۋ (مىلادىدىن 424 - يىلىدىن 452 - يىلىغىچە خان بولغان) ئۈيسۈنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقە باغلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈيسۈنلار تارىخىي يىلنامىلەردە تىلغا ئانچە ئېلىنمايدۇ.



## قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

جۇڭگو تارىخىدىكى شىمالىي خانلىقلار دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 386 - يىلىدىن 581 - يىلىغىچە — ئا) مۇزىكا مەھكىمىسى توپلاپ رەتلىگەن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ (قەدىمكى چاغ ۋە ئوتتۇرا چاغلاردا ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ — ئا) قوشاقلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇنداق بولۇشى قەدىمكى چاغلاردىكى ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ ئازلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەدىبلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قوشاق توپلاملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئوتتۇرا چاغنىڭ باشلىرىدا ياشىغان خەنزۇ ئەدىبلىرى ئۇيغۇر تىلىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى توپلاپ رەتلەشتە، ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان. يەنە بىر تەرەپتىن تۇرغۇزۇلغان قوشاقلار يوقىلىپ كەتكەن.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شىمالىي خانلىقلارنىڭ «مۇزىكا مەھكىمىسى شېئىرلار توپلىمى»دا ئۇيغۇر قوشاقلىرىدىن بىر نەچچىسى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭدىن بىرىنىلا مىسال كەلتۈرىمەن:

تولدى قەلبىم قايغۇغا، قالدىم ھەسرەت ئىچىدە،
ماڭسام ئەگەر سەپەرگە، ئات قامچىسى مەن بولاي.
قورغان ئېمى ئۈستىدە، ساڭا يېقىن ياندىشىپ،

بىللە تۇراي يىگىتىم، بىللە كېلەرىڭ مەن بولاي.

بۇ قوشاقتا، بىر قىزنىڭ سۆيگەن يىگىتى سەپەرگە چىقىدىغان چاغدا يالغۇز قېلىپ چىداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆيىدە قالغاندىن كۆرە، يىگىتىنىڭ ئات قامچىسى بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكى، يەنە مۇداپىئە قورغانلىرىنىڭ ئۈستىدە يىگىتى بىلەن ياندىشىپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىشىدىغانلىقىنى؛ ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپلا باتۇر، مەردانە، جەڭگىۋار خىسلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار بىلەن تەسۋىرلىگەن.

بەگ قولى ھەققىدىكى قوشاق

«شىمالىي خانلىقلار تارىخى، ئىگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە»دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ خوغۇزسۇر قەبىلىسىنىڭ خانى بەگ قولى ھەققىدە شەرقىي ئۇيغۇرلار 5- ئەسىرنىڭ بېشىدا مۇنداق بىر قوشاق توقۇغان.

ۋاي كەلدى بەگ قولى دېگەندە ئاناھ
توختايدۇ بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇ ئان.
دەيدىكەن ياش قىزلار ئېيتقاندا ناخشا،
بولسىدى يىگىتىم بەگ قولى سىمان.

3 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلۇغ سىياپىلار



ئىمپېرىيىسى تارقىلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سىياپىلاردىن توبا ناملىق بىر قەبىلە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى كۆكخوت شەھىرىنىڭ جەنۇبىي چوغاي تاغلىرى (ھازىرقى يىنشەن تاغلىرى — ئا)نىڭ ئەتراپلىرىنى ئىگىلەپ ئالىدۇ. ئۇلار 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پىنچېڭ شەھىرىنى (ھازىرقى داتۇڭ شەھىرى — ئا) پايتەخت قىلىپ، جۇڭگو تارىخىدا شىمالىي ۋېي خانلىقى (مىلادىنىڭ 386 - يىلىدىن 534 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن — ئا) دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇرىدۇ. خۇددى شۇ مەزگىلدە، كېلىپ چىقىشى سىياپىلاردىن بولسىمۇ، ئاساسەن تۈركلەشكەن يەنە بىر خەلق — جۇجانلار (ياۋروپا تارىخچىلىرى «ئاۋارلار» دەپ ئاتىشىدۇ — ئا) ھازىرقى موڭغۇلىيىدە باش كۆتۈرىدۇ. 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقىي ئۇيغۇرلار، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن توبالار ۋە جۇجانلاردىن ئىبارەت ئىككى دۈشمەننىڭ ئارىسىدا قالىدۇ. بۇ چاغدا شەرقىي ئۇيغۇرلار تېخى بىرلەشكەن كۈچلۈك دۆلەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۇششاق بەگلىكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر قايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا خانلىرى بار ئىدى. شۇڭا شەرقىي ئۇيغۇرلار، توبالار، جۇجانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ناھايىتى ئېغىر زىيانلارنى تارتىپ تۇراتتى. توبالارنىڭ تۇنجى خانى تۇباغۇي مىلادىنىڭ 390 - يىللىرى ئورغۇن قوشۇن بىلەن شەرقىي ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە

بېسىپ بارىدۇ. تۇباغۇي شۇقېتىمقى يۇرۇشتە، شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئىككى يۈزمىڭدىن ئارتۇق چارۋا - ماللارنى غەنىمەت ئالغان.

مىلادىنىڭ 400 - يىللىرىغا كەلگەندە جۇجان خاقانى تولۇن I شەرقىي ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇپ ئالدى. شۇندىن باشلاپ جۇجانلار كۈچىيىدۇ لېكىن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ خوغۇرسۇر قەبىلىسىنىڭ خانى بەگ قولى ناھايىتى باتۇر خان بولۇپ، ئۇ جۇجانلارغىمۇ، توبالارغىمۇ بويسۇنماي، دائىم ئۇرۇشۇپ تورغان. بىر نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشتا جۇجانلار ئۈستىدىن غەلىبىمۇ قىلغان. ئۇ مىلادىنىڭ 405 - يىلى جۇجانلار بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، توبالار خانلىقىنىڭ پاناھىغا كەلگەن. ئۇزاق ئۆتمەي توبالار خانلىقىنىڭ پايتەختىدە ئالەمدىن ئۆتكەندە، توبالار خانى تۇباغۇي بەگ قولىغا دۆلەت بويىچە ماتەم تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەبدەبىلىك ھالدا دەپنە قىلغان.

يۇقىرىدىكى قوشاق مانا شۇ بەگ قولىنىڭ باتۇر - جەڭگىۋارلىقىغا ئوقۇلغان مەدھىيە بولۇپ، قەدىمكى چاغدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار باتۇر، جەڭگىۋار ئوغۇللىرىنى ناھايىتى ئىززەتلەيتتى.

مىلادىنىڭ 429 - يىلى توبالار خانى توباتاۋ جۇجانلارنى تارمار قىلغان بولسا، 430 - يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلارنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىدىن بىرنەچچە يۈزمىڭ كىشىنى ئەسىر قىلىپ، ھەيدەپ كەتكەن. بۇلدىن تاشقىرى بىر مىليونغا يېقىن چارۋا -



مال غەنىمەت ئالغان.

توبالار مىلادىنىڭ 471 - يىلى پايتەختىنى فىنچېڭدىن لوياڭغا يۆتكىگەن. ھۆكۈمران تەبىقە فامىلىسىنى توبادىن «يۈەن»گە ئۆزگەرتكەن. ئىلگىرى - ئاخىرى 149 يىل ھۆكۈم سۈرگەن توبا خانلىقىنى قۇرغان توبالار ئاخىرى بېرىپ خەنزۇلىشىپ كەتكەن.

## تۇرا قوشىقى

چوغاينىڭ تاغلىرى باغرىدىن ئاقار،
تۇرالار دەرياسى ئويناپ، دولقۇنلاپ.
ئاسماننىڭ گۈمبىزى بارىگاسىمەن،
تۇرىدۇ پايانسىز دالىنى قاپلاپ.

شۇنچە كۆپ، غۇبارسىز، ساماۋى ئاسمان،
دالىلار بىپايان كۆرۈنمەيدۇ قاش.
كۆرۈنۈپ قالىدۇ سانسىز چارۋا - مال،
ئەسكەندە شاماللار ئوتلار ئەگسە باش.

«تۇرا قوشىقى»دا يايلاقنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن. چوغاي تاغلىرىنىڭ باغرىدا يايپېشىل ئېگىز ئۆسكەن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان چەكسىز يايلاقلار يىراق - يىراقلارغا سوزۇلغان، قەدىمكى چاغلاردا تۇرالار (ئۇيغۇرلار — ئا) شۇ يايلاقلاردا چارۋىچىلىق قىلىشقان. قوشاقنىڭ تەسۋىردە تۆت تەرەپكە كۆز يەتمەيدىغان كەڭ يايلاق بىلەن ئاسماننىڭ چېتى تۇتىشىپ كەتكەن، كۆپكۆك ئاسمان گويا تەگدىشى يوق،

ناھايىتى چوڭ، يۇپيۇمىلاق چېدىرغا ئوخشىتىلىپ، بۇ چېدىرنىڭ پۈتۈن يايلاقنى قاپلاپ تۇرغانلىقى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇشتۇمتۇتلا شاماللار ئەسكەندە (چىققاندا) يايلاق داۋالغۇپ، ئوتلار دولقۇنى ئۇپۇقنىڭ چېتىگىچە يامراپ بارىدۇ. ئوتلار دولقۇنى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسەيگەندە، پادا - پادا بولۇپ ئوتلاۋاتقان ئاتلار، كالىلار، قويلار كۆرۈنۈپ قالىدۇ. «تۇرا قوشىقى»نى كىشىلەر ئوقۇغاندا، كەڭ پايانسىز يايلاقتا يايلاۋاتقان سان - ساناقسىز ئاتلار ئۈيۈرى، كالىلار، قويلار پادىسى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرۈنگەندەك بولىدۇ. مانا بۇ سەددىچىن سېپىلىنىڭ تېشىدىكى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بولغان چارۋىچىلىق ھاياتىنىڭ جانلىق مەنزىرىسىدۇر. «تۇرا قوشىقى»دا شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ يۇرتىغا، چارۋىچىلىق ھاياتىغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى كۈيلىگەن.

«تۇرا» ئاتالغۇسى بەزىدە شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولسا، بەزىدە ئوتتۇرا چاغدا (سۇي سۇلالىسى تارىخى، «تۇرالار ھەققىدە قىسسە»دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا)، شەرقتە قىدىرقان تاغلىرى (ھازىرقى ھىنگان تاغلىرى) دىن (6 - ئەسىردە) غەربتە قارا دېڭىز، دنېپىر بويلىرىغىچە بولغان چەكسىز بىپايان زېمىندا ياشىغان پۈتكۈل تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

خوغۇرسۇر ئالتۇن (487 — 567) «تۇرا قوشىقى» ناملىق بۇ شېئىرنى 6 - ئەسىردە يازغان. بۇ قوشاقنى



«تۇرا قوشىقى» دېگەندىن كۆرە «ئۇيغۇر قوشىقى» دېگەن ناھايىتى مۇۋاپىق. خوغۇرسۇر ئالتۇننىڭ «تۇرا» دېگىنى دەل شەرقىي ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

شائىرنىڭ ئىسمى ئالتۇن بولۇپ، فامىلىسى خوغۇرسۇر ئىدى. خوغۇرسۇر ئەسلىدە شائىر كېلىپ چىققان ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ نامى بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ قايسى ئۇيغۇر قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئاتا - بوۋىسى فامىلە قىلىپ كەلگەن، ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئۆزىنى خوغۇرسۇر ئالتۇن دەپ ئاتىغان.

ئۇيغۇر تارىخىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، خوغۇرسۇر قەبىلىسى ئۇيغۇر خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 648 - يىلىدىن 1336 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نىڭ ئورخۇن دەۋرىدىكى (مىلادىنىڭ 646 - يىلىدىن 845 - يىلىغىچە) ئون ئۇيغۇرنىڭ بىرى ئىدى.

شائىر خوغۇرسۇر ئالتۇن مىلادىنىڭ 487 - يىلى تۇغۇلۇپ، 567 - يىلى 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

«شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى، خوغۇرسۇر ئالتۇن ھەققىدە قىسسە»دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، خوغۇرسۇر ئالتۇن، ھۆكۈمران تەبىقىسى سىپاھىلاردىن كېلىپ چىققان. شىمالىي چى سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 550 - يىلىدىن 577 - يىلىغىچە)دا مەشھۇر دۆلەت ئەربابى رولىنى ئوينىغان.

«شىمالىي خانلىقلار يىلنامىسى»نىڭ «ئېگىز ھارۋىلىقلار

ھەققىدە قىسسە»، «جۇجانلار ھەققىدە قىسسە»، «گاۋچاڭ ھەققىدە قىسسە» بابلىرىدىكى ۋە «جەنۇبىي چى سۇلالىسى تارىخى»نىڭ «جۇجانلار ھەققىدە قىسسە» بابلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شائىر خوغۇوسۇر ئالتۇن ياشىغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 487 – يىلىدىن 567 – يىلىغىچە) شەرقىي ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ناھايىتى كەسكىن، تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن.

ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، 5 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ، 6 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىغىچە بولغان تەخمىنەن 70 يىل ئىچىدە شەرقىي ئۇيغۇرلار كىچىك كىچىك بەگلىكلەردىن بىرلەشكەن، كۈچلۈك خانلىقلارغا قاراپ تەرەققىي قىلغان. بۇنداق ئەھۋالنىڭ قىسقىچە بايانى تۆۋەندىكىچە:

4 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا: «ئېگىز ھارۋىلىقلار» دەپ ئاتالغان شەرقىي تۇرالار (شەرقىي ئۇيغۇرلار — ئا) ئىككى تارماقتىن ئىبارەت 18 قەبىلىگە بۆلۈنگەن ئىدى. بۇ ئىككى تارماقنىڭ بىرى ئالتە قەبىلە، يەنە بىرى 12 قەبىلىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئالتە قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان بىر تارمىقى:

1. قۇتلار  2. ئۇيغۇرلار
3. خوغۇرسۇر  4. چىبىنى
5. قىرغىزلار  6. ئىل تىپكىنلار

يەنە بىرى 12 قەبىلىدىن ئىبارەت. تارماقتىكى قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى مۇنداق: 1. چىنپۇاي، 2. تۆرە،



3. ئىل جان، 4. تارلان، 5. قوشا، 6. تاربو، 7. ئايرون، 8. بايان، 9. ئەركىن، 10. بوركلى، 11. قىئوى، 12. يوشۇپى.

مىلادىنىڭ 487 – يىلى جۇجان خاقانلىقىنىڭ (مىلادىنىڭ 400 – يىلىدىن 551 – يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) خاقانى تولۇن خان II (مىلادىنىڭ 485 – يىلىدىن 488 – يىلىغىچە خاقان بولغان) توبا خانلىقى (شىمالىي ۋې خانلىقى)غا كەڭ – كۆلەمدە ھۇجۇم باشلىدى. مانا شۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن شەرقىي ئۇيغۇرلار، جۇجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. بۇ ئىسيانغا يېتەكچىلىك قىلغان خان — بۆركلى (تۇماغلىق — ئا) قەبىلىسىنىڭ خانى ئاي ئۇجرو بولۇپ، ئۇ ئۆكسى چۇنچى بىلەن بىرلىكتە شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ 12 قەبىلىسىدىن 120 مىڭ ئائىلىنى (ئاز دېگەندە 600 مىڭ كىشىنى) باشلاپ، غەربكە قاراپ مېڭىپ ئالتاي تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى تاغلىرى ئارىلىقىدىكى دالىغا كۆچۈپ كەلدى. بۇ ھەقتە تەپسىلىراق توختىلىشتىن بۇرۇن موڭغۇلىيە (ئىچكى – تاشقى موڭغۇلىيە)دە قالغان شەرقىي ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىرئاز چۈشەنچە بەرمەكچىمەن.

مىلادىنىڭ 498 – يىلى توبالار خانى شاۋۋىندى (مىلادىنىڭ 471 – يىلىدىن 499 – يىلىغىچە خان بولغان) چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى جەنۇبىي چى خانلىقى (مىلادىنىڭ 479 – يىلىدىن 502 – يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)غا چوڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشقا تەييار-

لاندى. شاۋۋىندى شەرقىي ئۇيغۇرلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ جەنۇبىي چى خانلىقىغا قىلىدىغان ھۇجۇمىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ سانلىق قوشۇن بىلەن كېلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلدى. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئالتە قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان بىر تارمىقى، ئۇنىڭغۇر قەبىلىسىنىڭ خانى شۇقا ئاتلىق بەگنى ئۆزلىرىگە باش خان قىلىپ كۆتۈرۈپ، شاۋۋىندىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. توبالار خانى شاۋۋىندى تۇتۇق بەگ يۈۋسىنپۇ قوماندانلىقىدا ناھايىتى نۇرغۇن سانلىق قوشۇننى شەرقىي ئۇيغۇرلارغا قارشى ماڭدۇردى. شۇقاخان باشچىلىقىدىكى بىرلەشكەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرى يۈۋسىنپۇ قوماندانلىقىدىكى توبا قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان يۈۋسىنپۇ قېچىپ قۇتۇلدى. مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن شاۋۋىندى تۇتۇق بەگ جاك ۋاك ئاتلىق سانغۇن قوماندانلىقىدا يەنە نۇرغۇن سانلىق قوشۇننى ئۇيغۇرلارغا قارشى ماڭدۇردى. ئۇيغۇرلار توبا قوشۇنلىرىنى يەنە مەغلۇپ قىلدى. توبالارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئىككى قېتىملىق كۈرىشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، توبا خانى، ئۇيغۇر خانى شۇقا ئالدىغا ھال سوراش ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ، ناماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىشىپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىشى كۈچلۈك دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ توبالارنى مەغلۇپ قىلىشى، جەنۇبىي چى خانلىقىنى شاۋۋىندىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالدى. شەرقىي ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، شۇقانى ئۆزىگە



خان قىلىپ كۆتۈرگەندىن باشلاپ، مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈپ، تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇنداق ئەھۋال 498 - يىلىدىن 550 - يىلىغىچە داۋام قىلدى. شۇ مەزگىلدە جۇجانلارمۇ، توبالارمۇ شەرقىي ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرالمىدى. چۈنكى توبالار، جۇجانلار ئاجىزلىشىشقا باشلىغان ئىدى. مىلادىنىڭ 551 - يىلى ئۇلۇغ كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغاندا، شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسىدە ئاساسىي كۈچ بولغان.

ئەمدى بىرئاز ئارقىغا يېنىپ 487 - يىلى موڭغۇلىيىدىن ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى تاغلىرى ئارىسىدىكى دالىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختىلىمەن.

ئاكا - ئۇكا ئاي ئۇجرو بىلەن چۈنچى يېتەكچىلىكىدە جۇجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھازىرقى موڭغۇلىيىدىن غەربكە قاراپ كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى تاغلىرى ئارىسىدىكى دالىغا كۆچۈپ كېلىپ، بۇ جايدىكى غەربىي تۇرالار (غەربىي ئۇيغۇرلار — ئا)غا قوشۇلۇپ، تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان جۇجان خاقانى تولۇن خان II ۋە ئۇنىڭ تاغىسى ناغاي خانلار ناھايىتى نۇرغۇن سانلىق جۇجان قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئاي ئۇجرو بىلەن چۈنچىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. ئاي ئۇجرو بىلەن چۈنچى جەنۇبىي ئالتايدا بولغان قانلىق بىر جەڭدە، جۇجان خاقانى تولۇن خاننى تارمار كەلتۈردى. تولۇن خان قېچىپ كەتتى.

ئاي ئوجرو جۇجانلار ئۈستىدىن قازانغان شۇ شانلىق غەلىبىسىدىن كېيىن، ھازىرقى ماناس ئەتراپىدا ئۆز پايتەختىنى بەرپا قىلىپ، ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىنىڭ 487 – يىلىدىن 546 – يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن — ئا)نى قۇردى. ئاي ئوجرو بولسا، «ئۇلۇغ تەڭرىقۇت»، چۈنچى بولسا «ئۇلۇغ بەگ» دەپ ئاتالدى. بۇ ئۇيغۇر خانلىقى خېلى كۈچلۈك دۆلەت سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. بۇ خانلىقنىڭ ئاھالە سانىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇيغۇر خانلىقى كۆپ دېگەندە ئىككى يۈز مىڭ، ئاز دېگەندە بىر يۈز ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە ئىدى. بۇ خانلىقنىڭ شەرقىي قۇمۇلغىچە، شىمالىي ئالتايغا، غەربىي سايرام كۆلىنىڭ بويلىرىغا، شەرقىي جەنۇبىي لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىغا، غەربىي جەنۇبىي بۈگۈرگىچە سوزۇلغان ئىدى. چۈنكى ئاي ئوجرو جۇجان خاقانى تولۇن خاننى تارمار كەلتۈرۈپ، خانلىقنى قورغاندىن كېيىنلا، تۇرپان خانلىقى (تارىختا گاۋچاڭ خانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ — ئا)، قاراشەھەر خانلىقى، لولان خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنى جۇجانلار قولىدىن تارتىۋالدى. لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىكى چەرچەن خانلىقىنىمۇ تۇيغۇنلار (تىبەت خانلىقى) قولىدىن تارتىۋېلىپ ئۆز خانلىقى تەركىبىگە قوشقان ئىدى.

ئاي ئوجرو يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنى دۈشمەن دۆلەتلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن، جىددىي ئۈنۈملۈك ھەربىي تەدبىرلەرنى كۆرگەندىن تاشقىرى، دىپلوماتىيە جەھەتتىمۇ بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى.



چۈنكى يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى، كۈچلۈك ئىككى دۈشمەنگە دۇچ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بىرى جۇجان خاقانلىقى بولسا، يەنە بىرى ئاق ھۇنلار ئىدى. ئاق ھۇنلار — قېرىنداشلىق جەھەتتىن ئۇيغۇرلارغا تۇغقان بولغان ئۇلۇغ ياۋچىلار نەسلىدىن بولغانلار، 5 – ئەسىردە ئاق سىيىۋارخان يېتەكچىلىكىدە، ئاق ھۇن ئىمپېرىيىسىنى (مىلادىنىڭ 420 – يىلىدىن 565 – يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قۇرغان ئىدى. بۇ ئىمپېرىيە زېمىنىغا ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاساسەن ماۋارەئۇننەھر) ئافغانىستان، پاكىستان تولۇقى بىلەن كىرگەن، ئاق ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى ماراكەنت (سەمەرقەنت) بولغان بولسىمۇ، كېيىنچە ھازىرقى بەلخ شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. مانا شۇ ئاق ھۇن ئىمپېرىيىسى 480 – يىلىدىن باشلاپ تازا كۈچىيىشكە باشلىدى. غەربتە ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنى قارام ھالغا چۈشۈرگەن بولسا، شەرقتە قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، خوتەن، يەركەن، ئاقسۇ، قەشقەر، كۇچار قاتارلىق ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى بېسىۋالدى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغان ئاي ئوجرو ئۇكىسى چۈنچىنى خېلى نۇرغۇن قوشۇنغا باش قىلىپ، قاراشەھەرگە ئەۋەتىپ، كۇچار تەرەپتىن ئاق ھۇنلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىگە تاقابىل تۇرماقچى بولدى. ئۆزى بولسا نۇرغۇن سانلىق ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا باش بولۇپ، خانلىقنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىن كېلىدىغان خەۋپ — جۇجانلار ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شى–

مالدا تۇردى.

ئۇيغۇر خانلىقى شىمالدا جۇجانلار، غەربىي جەنۇبتا ئاق هونلار، جەنۇبتا تۇيغۇنلار بىلەن دۈشمەنلىك هالەتتە تۇراتتى. ئاي ئوجرو يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ هەربىي كۈچلىرىنى تولۇقلاپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى خېلىلا كۈچەيتكەن مەزگىلىنىڭ ئۆزىدىلا، توبالار خانلىقىنىڭ پايتەختى — لوياڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقە باغلىدى. توبالار خانى شاۋۋېندى ئەهۋالنى بىلگەندىن كېيىن، دەرهال جاۋاب ئەلچىلىكى يوللاپ، ئاي ئوجرو بىلەن چۈنچىگە كىمخاب تون، يۈز توپ شايى سوۋغا قىلدى. 487 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن توبالار ئارىسىدا ئورنىتىلغان دوستانە مۇناسىۋەت ئەمەلىيەتتە ئىككى دۆلەتنىڭ جۇجان خانلىقىغا قارشى تۈزۈلگەن هەربىي ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىدى. 488 - يىلى چاڭجياڭ ۋادىسىدىكى جەنۇبىي چى خانلىقىنىڭ خانى شىياۋزى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ مۇناسىۋەت ئورناتتى.

جۇجانلار، ئاي ئوجرو خانلىق قىلغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 487 - يىلىدىن 500 - يىلىغىچە) ئۇيغۇر خانلىقىغا هۇجۇم قىلالمىدى. چۈنكى ئۇيغۇر خانلىقى هەربىي كۈچ جەهەتتە قۇدرەتلىك هالغا كەلگەن بولسا، دىپلوماتىيە جەهەتتە خېلى ئۇڭۇشلۇق (توبالار خانلىقى، جەنۇبىي چى خانلىقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىدى) شەرتكە ئىگە بولغان ئىدى. ئەمما، 498 - يىللىرى ئاق هونلار كۈچار تەرەپتىن بېسىپ كىرىپ، قارا شەهەردە مۇداپىئەدە تۇرغان چۈنچى بىلەن ئۇرۇش-



چى. ئۇرۇشتا چۈنچى مەغلۇپ بولۇپ، ئاق هونلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئاق هونلار چۈنچىنىڭ باتۇر، ئىل بەگ ئاتلىق ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ كەتتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، مىلادىنىڭ 500 - يىللىرى ئوردا بەگلىرى ئاي ئوجرونى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خان جەمەتىدىن بولغان بارىيانىنى خان قىلدى. چۈنكى ئاي ئوجرو خان بولغاندىن كېيىن ئەس-هوشىنى يوقىتىپ، رەهىمسىز زالىمغا ئايلىنىپ، ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

مىلادىنىڭ 505 - يىلى ئاق هونلار ئۇيغۇر خانلىقىغا جەنۇب تەرەپتىن هۇجۇم قىلدى. هۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئاق هون قوشۇنلىرى ئارىسىدا، چۈنچىنىڭ ئوغلى باتۇرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ئۇيغۇرلار بارىيانىنى ئۆلتۈرۈپ، باتۇرنى قارشى ئالدى ۋە ئۇنى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. مانا شۇ ئەهۋالغا قارىغاندا، ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئاق هون ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا دۈشمەنلىك تۈگەپ دوستلۇق ئورنىتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

باتۇرخان خان بولغان مەزگىلدىن تارتىپ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن جۇجانلار ئوتتۇرىسىدا ناهايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان قانلىق تارتىشما جەڭلەر باشلىنىپ كەتتى. باتۇرخان ئۇيغۇر خانلىقىغا خان بولغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 505 - يىلىدىن 516 - يىلىغىچە) ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن توبالار خانلىقى ئارىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت تېخىمۇ كۈچەيدى. باتۇرخان مىلادىنىڭ 508 - يىلى توبالار خانلىقىغا ئەلچى يوللاپ توبالار

خانى شۇەن ۋۇدىغا بىر قىش ئالتۇن، بىر قىش كۈمۈش، ئىككى دانە ئالتۇن ھاسا، يەتتە ئات، ئون تۆگە قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى. توبالار خانى جاۋاب ئەلچىلىكى يوللاپ، باتۇرخانغا 60 توپ شايى - ئەتلەس سوۋغا ئەۋەتتى.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك باتۇرخان خان بولغاندىن تارتىپ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن جۇجان خانلىقى ئارىسىدىكى قانلىق جەڭلەر توختىماي داۋام قىلىشقا باشلىدى.

مىلادىنىڭ 508 - يىلى جۇجان خاقانى ئۇقۇخان (مىلادىنىڭ 506 - يىلىدىن 508 - يىلىغىچە خان بولغان) نۇرغۇن سانلىق جۇجان قوشۇنلىرى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى ئاتلاندى. ئەھۋالنى ئېنىق بايقاپ تۇرغان ئۇيغۇر خانى باتۇرخان بارىس كۆل (ھازىرقى بارىسكۆل) نىڭ بويىدا جۇجان خاقانى ئوتو بىلەن ئۇچراشتى. شۇ جايدا بولغان جەڭدە باتۇرخان مەغلۇپ بولۇپ ئارقىغا يېنىپ (غەربكە قاراپ) 300 يولچە يىراقلىققا چېكىنىپ كەتتى. خاقان ئوتو قوشۇنىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا جايلىشىۋالدى. دەل شۇ چاغدا ئۇيغۇرلار بىلەن ھەربىي ئىتتىپاقى بولغان توبالار خانى شۇەن ۋۇدى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىرنەچچە مىڭ قوشۇن مىڭۇي ئاتلىق سانغۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە قوموۇلغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالدىن ئەنسىرىگەن جۇجان خاقانى ئوتو خان ئالدىراپ - تېنەپ قېچىشقا ئۇرۇندى، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن باتۇر خان بورانداك تېزلىكتە بېسىپ كېلىپ، ئوتو خان بىلەن



يەنە بارىس كۆلىنىڭ بويىدا جەڭ قىلدى. جەڭدە ئۇيغۇرلار غەلىبە قازاندى، باتۇر خان ئوتو خاننى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى كېسىپ، چېچىنى مىڭۇيغا تەقدىم قىلدى.

باتۇر خان مىلادىنىڭ 508 - يىلى بارىس كۆلىنىڭ بويىدا جۇجانلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىنىڭ تەنتەنىلىك كۈنلىرىدە، توبالار خانى شۇەن ۋۇدىغا ئەلچى يوللاپ، توبالار خانىغا ئالتۇن كۈمۈش، سۆسەر، بەش ئات قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇيغۇر ئەلچىلىرىنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالغان توبالارخانى دەرھال جاۋاب ئەلچىلىكى يوللاپ، باتۇر خانغا بىر يۇرۇش چالغۇ (مۇزىكا ئەسۋابلىرى) ئەسۋابلىرىنى ياسايدىغان 80 نەپەر ئۇستا، قىزىل شايىدىن ئون توپ، گۈللۈك شايى - ئەتلەستىن 210 توپ سوۋغا ئەۋەتىپ، باتۇرخاننىڭ جۇجانلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى. باتۇرخان شۇ غەلىبىدىن سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 516 - يىلى جۇجان خاقانى چونۇخان (مىلادىنىڭ 508 - يىلىدىن 521 - يىلىغىچە خاقان بولغان) بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولدى. چونۇخان باتۇر خاننى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى ئىككى ئاتقا باغلاپ سۆرىتىپ، چېپىپ يېرىپ تاشلىدى. دادىسى ئوتو خاننىڭ ئۆچىنى باتۇرخاندىن ئالغان چونۇخان، باتۇرخاننىڭ باش سۆڭىكىنى سىرلاپ (زەر پۇركۈتۈپ)، مەي ئىچىدىغان قەدەھ قىلىۋالغان.

**516 - يىلى جۇجانلار تەرىپىدىن ئېغىر مەغلۇبىـ**

يەتكە يولۇققان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلاشقان بولسىمۇ، چۈنچېنىڭ ئوغلى ئىل بەگ (باتۇر خاننىڭ ئۇكىسى) ئۇيغۇر خانلىقىغا خان بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 520 – يىلىدىن 530 – يىلىغىچە) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا قاراپ ماڭدى. ئىل بەگ 520 – يىلى جۇجانلار ئۇستىگە باستۇرۇپ بېرىپ، جۇجان خاقانى بىراھمانىنى (مىلادىنىڭ 521 – يىلىدىن 522 – يىلىغىچە خاقان بولغان) تارمار كەلتۈردى. بىراھمان ھازىرقى كەڭسۇدىكى ئۇۋەيغا قېچىپ كەتتى. مىلادىنىڭ 523 – يىلى توبالار خانى شاۋمىڭدى ئىل بەگكە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، خىلمۇ خىل رەڭدىكى سىرلار بىلەن سىرلانغان ئېسىل يەلپۈگۈچلەر، كۆنلۈكلەر، داقا – دۇمباقلار، چىدىر قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى.

ئىل بەگ مىلادىنىڭ 530 – يىلى جۇجان خاقانى ئايناغاي (مىلادىنىڭ 521 – يىلىدىن 551 – يىلىغىچە خاقان بولغان) بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كالگەندە، ئۇكىسى يوقۇ (چۈنچېنىڭ كەنجى ئوغلى) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. يوقۇ (مىلادىنىڭ 530 – يىلىدىن 537 – يىلىغىچە خان بولغان) مىلادىنىڭ 537 – يىلى ئايناغاي تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا، ئىل بەگنىڭ ئوغلى بەگچى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بەگچى (مىلادىنىڭ 537 – يىلىدىن 541 – يىلىغىچە خان بولغان) مۇ جۇجانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. بەگچىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقىغا يوقۇنىڭ ئوغلى



چوبىننىڭ ئەمەلىيەتتە خان بولغانلىقى نامەلۇم. چۈنكى، بەگچى 537 – يىلى جۇجانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغاندا، چوبىن شەرقىي ۋەي (مىلادىنىڭ 534 – يىلىدىن 550 – يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) خانلىقىغا قېچىپ كەتكەن. ئۇ، شۇ يەردە كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇيغۇر قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 546 – يىلى (بۇ چاغدا كىمنىڭ خان بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس) جۇجانلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا ئالتايدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان كۆك تۈركلەر (ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىنداشلىرى) نىڭ خانلىرى ئاكا – ئۇكا تۇمەن خان بىلەن ئىستەمى خانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان.

60 يىل ئۆمۈر سۈرگەن ئۇيغۇر خانلىقى تارىختا خېلى مۇھىم رول ئوينىغان. بۇنى ئىككى تەرەپتىن ئىسپاتلاش مۇمكىن. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان ۋاقىتتىن تارتىپ، خۋاڭخې ۋادىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان توبالار خانلىقى (شىمالىي ۋەي خانلىقى) بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن توبالار جۇجانلارغا قارشى ھەربىي ئىتتىپاقچى سۈپىتىدە ئىش كۆرۈشتى، ئۇيغۇر خانلىقى باشتىن تارتىپ ئاخىرغىچە جۇجانلار بىلەن 60 يىل دېگۈدەك توختىماي ئۇرۇشۇپ تۇرغان. مىلادىنىڭ 400 – يىلى تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقى چاۋشيەنگىچە، غەربى قازاقىستانغىچە، غەربىي جەنۇبى قارا شەھەرگىچە سوزۇلغان كۈچلۈك جۇجان خاقانلىقى باتۇر، ئەرك سۆيەر ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرالمىدى. ئۇيغۇرلار جۇجانلارنى

تۇرغۇن جايلاردىن ھەيدەپ چىقىرىپ، (ئالتاي بىلەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئارىسى، تۇرپان، قارا شەھەر، لولان، چەرچەن قاتارلىق جايلاردىن) جۇجان خاقانلىقىغا ئەجەللىك زەربىلەرنى بەردى. مىلادىنىڭ 487 - يىلىدىن 546 - يىلىغىچە بولغان 60 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزگىلدە جۇجانلارنىڭ ئاساسىي ھەربىي كۈچلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان قانلىق ئۇرۇشلارغا چەلپ قىلىنغانلىقتىن، جۇجانلار سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ، خۇاڭخې ۋادىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا زادى ئىمكانىيەت تاپالمىدى. شۇڭا خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ ئىقتىسادى گۈللەپ ياشناش شەرتىگە ئىگە بولدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇجانلار بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرۇشى، جۇجانلار تەرەپتىن بويسۇندۇرۇلغان ئالتاي تۈركلىرىنىڭ قەدەممۇ قەدەم قۇدرەتلىنىپ ئاخىرىدا جۇجانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلۇغ كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىگە ئاساس يارىتىپ بەردى.

ئالتايدىكى تۈركلەر قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ پولات تاۋلاپ، خىلمۇ خىل ھەربىي قوراللارنى (نەيزە، قىلىچ، ساۋۇت، دۇبۇلغا، قالقان، ئوقيا) ياساشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. ئۇندىن باشقا ئالتۇندىن تۇرمۇشقا كېرەكلىك سايمانلار (ئالتۇن تەخت، ئالتۇن تۈۋرۈك، ئالتۇن جام، ئالتۇن قاچا، ئالتۇن ئۈزەڭگە، ئالتۇن يۈگەن، ئالتۇن يىڭنە، ئالتۇن جۇۋالدۇرۇز، ئالتۇن دەرەش، ئالتۇن ئەينەك، ئالتۇن قەدەھ، ئالتۇن چۆگۈن قاتارلىق)



ۋە ئالتۇندىن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى (ئالتۇن تاج، ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن ئۇتۇغات، ئالتۇن ساقا، ئالتۇن چىكە گۈل قاتارلىق)نىمۇ ياساشقا ئۇستا ئىدى. جۇجانلار مىلادىنىڭ 427 - يىللىرى ئالتايدىكى تۈركلەرنى بويسۇندۇرۇپ ئالغاندىن باشلاپ، ئۇلارنى جۇجان قوشۇنلىرىنى ھەربىي قوراللار بىلەن تەمىنلەشكە ۋە جۇجان بەگلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىنى بېزەشكە كېرەك بولىدىغان ئالتۇن سايمانلار، ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلغان. ھەتتا جۇجان خاقانلىرى تۈركلەرنى «تۆمۈرچى قۇللىرىم» دەپ ھاقارەتلىگەن.

ئەنە شۇنداق ئېزىلىش ۋە خورلۇققا چىدىمىغان تۈركلەر ئۆزىگە قېرىنداش بولغان ئۇيغۇرلارنى، ئالتايدىكى سۇر تاردۇشلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق كۈچىيىپ، جۇجانلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇلۇغ تۈرك ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشقا بەل باغلىدى.

تۈركلەر بۇنداق ئۇلۇغ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، مىلادىنىڭ 546 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئالدى. ئارقىدىنلا سۇر تاردۇشلارنىمۇ بويسۇندۇرۇپ كۈچەيدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۈرك خانى تۇمەن خان جۇجان خاقانى ئايناغايغا ئەلچى ئەۋەتىپ، جۇجان مەلىكىلىرىدىن بىرىگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تۈرك ئەلچىلىرىدىن بۇنداق تەلەپنىڭ قويۇلۇشىنى چۈشىدىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئايناغاي ناھايىتى غەزەپلىنىپ، «ھە، تۆمۈرچى قۇللـ

رىمنىڭ بۇنداق تەلەپنى قويۇشقا نېمە ھەددى باركەن!» دەپ تۈرك ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

تۈرك خانى تۇمەن خان، ئاينىغاينىڭ تۈرك ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 551 - يىلى تۈرك قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئاينىغاينىڭ ئۈستىگە ئاتلاندى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئاينىغاي نۇرغۇن سانلىق جۇجان قوشۇنلىرىغا باش بولۇپ، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا تۇمەنخان بىلەن بولىدىغان دەھشەتلىك ئۇرۇشقا يېتىپ كەلدى. تۇمەنخان، ئىستىمى خان يېتەكچىلىكىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى خۇددى ئالەمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان ناھايىتى دەھشەتلىك قارا بوراندەك بېسىپ كېلىپ، ئاينىغاي قوشۇنلىرىنى تىرە - پىرەن قىلىپ تاشلىدى. ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە يولۇققان ئاينىغاي ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى. بىر قىسىم جۇجان بەگزادىلىرى بىرنەچچە مىڭ كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە قېچىپ كەتتى. تۇمەن خان جۇجانلار ئۈستىدىن قازانغان ئۇلۇغ تارىخىي غەلىبىدىن كېيىن، شەرقىي ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغا، غەربىي قارا دېڭىز بويلىرىغىچە سوزۇلغان ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسىگە ئاساس قۇردى. مانا شۇ ئۇلۇغ كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە، مۇستەھكەملىنىپ، گۈللىنىپ ياشنىشىدا ئۇيغۇرلار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.



## داستانلار

قەدىمكى چاغدىكى ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئاتاقلىق قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرى يارىتىلغان، قۇرۇلمىسى غايەت چوڭ، فانتازىيە ۋە رىۋايەتلەر بىلەن تولۇپ - تاشقان ئۆلمەس ئەسەرلەر داستان دېيىلىدۇ.

بىر تارىخىي دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ ھالىتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ھاياتىنى بىرقەدەر مۇكەممەل بايان قىلىدىغان ئوبدان رومانلارمۇ داستان ياكى داستان خاراكتېرلىك ئەسەر دېيىلىدۇ.

داستانلار، قەدىمكى چاغلاردىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر بېشىدىن كەچۈرگەن چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. بىز قەدىمكى چاغدىكى دۇنيا ئەدەبىياتى ھەققىدە سۆز ئاچقىنىمىزدا، يۇنانلىقلارنىڭ «ئىلىئادا»، «ئودىسسا»، گېرمانلارنىڭ «نىبلۇڭگ ھەققىدە ناخشا»، فرانسۇزلارنىڭ «رولان ھەققىدە ناخشا»، ھىندىلارنىڭ «رامايانا»، «ماخاپىراتا»، ئىرانلىقلارنىڭ «شاھنامە» داستانلىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن تەڭ، يەنە

قىرغىزلارنىڭ «ماناس»، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇزنامە»
قاتارلىق داستانلىرىنىمۇ تىلغا ئالىمىز.

داستانلار قەدىمكى چاغدىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەت-
لەرنى، قەبىلە - ئۇرۇقلار چوقۇنىدىغان قەھرىمانلارنىڭ كا-
رامەتلىك ئىشلىرىنى ئاساس قىلىپ يارىتىلىدۇ.

مىلادىدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇن ياشىغان كىچىك ئا-
سىيالىق يۇنان شائىرى گومىر (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ
قارىغۇ ئىكەن) تەرىپىدىن يارىتىلغان «ئىلىئادا» داستانى
15 مىڭ قۇر بولغان بولسا، «ئودىسسا» داستانى 12 مىڭ
قۇردىن سەل كۆپرەك بولغان.

مىلادىدىن 12 ئەسىر بۇرۇن يۇنانلىقلار بىلەن
كىچىك ئاسىيادىكى تىروياللىقلار ئارىسىدا ئۇن يىلغا سوزۇل-
غان ئۇرۇش يۈز بەرگەن. گومىر مىلادىدىن توققۇز ئەسىر
بۇرۇن راۋىيانلار سۆزلەپ بەرگەن شۇ ئۇرۇش توغرىسى-
دىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى، قەھرىمانلارنىڭ ئاجايىپ
مۆجىزىلىك ئىشلىرىنى ئاساس قىلىپ، ماتېرىياللارنى توپ-
لاپ، رەتلەپ، دۇنياغا مەشھۇر بولغان «ئىلىئادا»،
«ئودىسسا» داستانلىرىنى ياراتقان.

تىرويا شەھىرى كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي شىمال.
دېڭىز قىرغىقىدىكى خېللىس پونت بوغۇزىنىڭ جەنۇبىغا
جايلاشقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە: ئىلوس ئاتلىق شاھزادە
تەڭرىدىن كەلگەن ۋەھى بويىچە شۇ جايغا مۇستەھكەم
قورغان سالدۇرغان ئىكەن. گومىرنىڭ داستانىدا ئۇ، «مۇقەد-
دەس ئىلون» دەپ ئاتالغان. «ئىلىئادا» دېگەن ناممۇ ئەنە
شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ «ئىلون ناخشىلى-



رى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.①

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا② قەدىمكى يۇنانلىق-
لارنىڭ تىروياللىقلارغا قىلغان يۈرۈشلىرى ھەققىدىكى رى-
ۋايەت مۇنداق:

يۇنانىستاندىكى فىسسالىيە پادىشاھى فىلىيە... فىتى-
دوي بىلەن توي قىلىدىغان چاغدا، يۇنانىستاننىڭ قەدىم-
كى چاغدىكى ئولىمپىيە تېغىدا تۇرىدىغان خۇدالارنى
تەكلىپ قىلىپتۇ. پەقەت جېڭ خۇداسى ئىرىدا ئۇنتۇلۇپ
قاپتۇ. جېڭ خۇداسى ئىرىدا تويغا ئۆزى كېلىپ، «دۇنى-
يادا ھەممىدىن چىرايلىق — گۈزەلگە» دېگەن خەت
يېزىلغان ئاداۋەت ئالمىسىنى ئولتۇرغانلار ئارىسىغا تاشلاپتۇ.
بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە زېۋىسنىڭ خوتۇنى گېرا،
ئەقىل - پاراسەت خۇداسى ئافىنا، گۈزەللىك خۇداسى
ئافرودىتالار ئالمىنى تالىشىپ قاپتۇ. بۇلار جېدەللىشىپ،
ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن زېۋىسنىڭ ئالدىغا
بېرىپتۇ. يۇنانىستاندىكى خۇدالارنىڭ سەردارى بولغان
زېۋىس بۇ ئىشقا ھۆكۈم قىلالماي، ئۇلارنى تىرويا پا-
دىشاھى پىرئامنىڭ ئوغلى پاروسنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. گېرا،
ئەگەر پاروس ئالمىنى ئۆزىگە بۇيرۇپ بېرىدىغان بولسا،
پاروسنى پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمران قىلىدىغانلىقىنى ئېيت-
ىپتۇ. ئافىنا، پاروسنى ئۇلۇغ قەھرىمان ۋە دانىشمەن
قىلىشقا ۋەدە بېرىپتۇ. ئافرودىتا بولسا ئەڭ گۈزەل ئايا-

① گې باۋچۈەن تۈزگەن «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى-
دىكى يۇنان-رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر»، ئۇيغۇرچە، 192- بەت.

② «قەدىمكى دۇنيا تارىخى» رۇسچە، 39- بەت.

لنى پاروسقا تائا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ياش پاروس ئالمىنى ئافرودىتاغا بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ گېرا بىلەن ئافىنا، پاروس ھەم تىروياىلىقلارغا قاتتىق ئاداۋەت ساقلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئافرودىتا ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، يۇنانىستاندىكى سپارتا دۆلىتىنىڭ پادىشاھى مىنىلايانىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئايالى يېلىنانى پاروسقا ئوغرىلاپ بېرىپتۇ.

يۇنانلىقلار بىلەن تىروياىلىقلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش «ئاداۋەت ئالمىسى» بالاسى بىلەن باشلانغان بولىسىمۇ، «يۇنانلىقلارنىڭ بۇ چاغدا تىروياىلىقلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانلىقىمۇ دەل ئېنگېلس ئېيتقاندەك قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدا قاراقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش يولىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇش ئىدى.»①

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، يۇنانلىقلارنىڭ قەھرىمانى ئودىسسا ياغاچتىن چوڭ بىر ئات ياساپ، تىرويا شەھىرى دەرۋازىسىنىڭ تاشقىرىسىدا قويغان. يۇنانلىقلار كۆرۈنۈشتە چېكىنگەن بولۇپ، كېمىگە ئولتۇرۇپ ئەتراپتىكى دېڭىز قولتۇقىغا مۆكۈنىۋالغان. ئودىسسا بىر توپ قەھرىمانلار بىلەن ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىغا كىرىۋالغان. تىروياىلىقلار يۇنانلىقلار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى دەپ ئويلاپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپتۇ. تىروياىلىقلار شەھەر سىرتىدا تۇرغان ياغاچ ئاتنى كۆرۈپ، بۇنىڭ يۇنانلىقلارنىڭ قىلـ

① كې باۋچۈەن تۈزگەن «ماركس — ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرىدىكى يۇنان — رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر» (ئۇيغۇرچە)دىن ئېلىندى.



غان ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ياغاچ ئاتنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. تۈن يېرىمىدا تىروياىلىقلار تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقانىدا ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىغا كىرىۋالغان يۇنان قەھرىمانلىرى ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىدىن چىقىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەلگە بەرگەندە، دېڭىز قولتۇقىدا مۆكۈپ تۇرغان يۇنانلىقلار قايتىدىن قىرغاققا چىقىپ، تىرويا شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، شەھەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، نۇرغۇن ئولجىلارنى ئېلىپ، ئۇرۇش تۈگىگەندە يۇنانىستانغا قايتىپتۇ.①

«ئىلىئادا» داستانىدا يۇنانلىقلار كىچىك ئاسىيادىكى تىرويا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئون يىل ئۇرۇشقان بولسىمۇ، شەھەرنى ئالالمىغانلىقى، ئاخىرىدا يۇنانلىقلار «ياغاچ ئات ھىيلىسىنى» ئويلاپ چىقىپ، ئاندىن تىرويا شەھىرىنى ئالغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە دۇنيادا شەھەرنى ياكى قورغاننى ئىچىدىن ئېلىشنى «تىرويا ياغاچ ئات ھىيلىسى» دەپ ئاتايدىغان ئادەت رەسمىيلىشىپ كەتكەن.

«ئودىسسا» داستانىدا ئودىسسانىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى، ئودىسسانىڭ تىرويا ئۇرۇشى تۈگەپ، يۇنانىستانغا قايتىشىدا بېشىدىن كەچۈرگەن سەرسانلىقىنىڭ ئۆتمۈشى، ئۆيىگە سالامەت قايتىپ بارغانلىقى تەپسىلىي ھېكايە قىلىنىدۇ.

① «قەدىمكى دۇنيا تارىخى» (رۇسچە) 95- بەت.

## «شاھنامە» داستانى ھەققىدە

9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم بىر دەۋر بولدى.

شۇ دەۋردە سامانىلار پادىشاھلىقى (870 — 1000)، ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى (850 — 1212) ئۇلۇغ غەزنەۋىلار سۇلتانلىقى (963 — 1187)، ئۇلۇغ سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 1037 — 1157 ـ يىللىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قاتارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تارىخىي سەھنىسىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. بولۇپمۇ ئىلىم ـ پەننىڭ گۈللىنىپ، مەرىپەتنىڭ كەڭ قانات يېيىشىدا، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ بېيىشىدا ئاجايىپ شانلىق تۆھپىلەرنى ياراتتى.

ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، شۇ دەۋردە ماتېماتىكىنىڭ ساھىبى — ئالگېبرا ئىختىراچىسى، ئۇلۇغ ئاسترونوم گېئوگراپ مۇھەممەت ئىبنى مۇسا ئەل خارەزمى (مىلادىنىڭ 780 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 847 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن). مەشھۇر دانىشمەن پەيلاسوپ ئەبۇنەسىر فارابى (مىلادىنىڭ 873 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 950 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، فىلوسوپىيە مەدىتسىنا ساھەسىدىكى قامۇسىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (980—1037)، ئۇنىڭ زاماندىشى، مەشھۇر فىلاسوپ، تەڭدىشى تېپىلمايدىغان ئۇلۇغ ئاسترونوم ئەبۇ-



رەيھان بىرۇنى (973 — 1048)، «شاھنامە» داستانىنىڭ ئاپتورى، تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئوبۇلقاسىم فىرداۋسى (934 — 1020)، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى، ئۇنىڭ زاماندىشى، ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى، پەيلاسوپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق دانىشمەن ئالىملار ياشىغان ئىدى.

9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋر، ئوتتۇرا ئاسىيادا «گۈللىنىش دەۋرى» ھېسابلىنىدۇ. شۇ دەۋردە ئەبۇ رەيھان بىرۇنى بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن يەرنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسا، ياۋروپالىقلار ئۇنىڭدىن 500 يىل كېيىن (ماگېللان ساياھىتىدىن كېيىن) يەرنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بۇنىڭدىن باشقا ئەبۇرەيھان بىرۇنى ياۋروپا ئالىملىرىدىن كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن ئالەمنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلۇغ ئاسترونوم كوپېرنىك (1473—1543) دىن 500 يىل بۇرۇن يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كوپېرنىك ئەبۇرەيھان بىرۇنىدىن 500 يىل كېيىنلا ئۆزىنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى» ناملىق ئەسىرىدە، ئالەمنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ پەخرى ھېسابلانغان ئەبۇرەيھان بىرۇنى، ئەبۇنەسىر فارابى، مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەل خارەزمى، ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا، ئوبۇلقاسىم فىرداۋسى قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىملار، شائىرلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان. مانا

شۇ ئالىملارنىڭ دانىشمەنلىكىدە كۆرسەتكەن پائالىيەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا «گۈللىنىش دەۋرى» نىڭ ياۋروپادىن 500 يىل بۇرۇن بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. «شاھنامە» داستانى ئەنە شۇ گۈللىنىش دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن.

بۇخارانى پايتەخت قىلغان باي، مەدەنىي سامانىلار پادىشاھلىقى (870 — 1000) نىڭ پادىشاھى مەنسۇرنىڭ غەزنىگە (ئافغانىستاندا) قويغان ۋالىيسى بارقاتېكىننىڭ ئوغلى ئالپ تېكىن (كېلىپ چىقىشى ئوغۇزلارنىڭ كىنىك ئۇرۇقىدىن) نىشاپور (ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شەھەر)گە ۋالىي بولغان چاغدا ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىل بولۇۋالغان. ئالپ تېكىن 963 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئوغلى ئىجىك تېكىن خان بولغان. ئۇ 966 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بىلايى خان بولغان. بىلايى 976 - يىلى ئالپ تېكىننىڭ كۈيئوغلى سەبۇق تېكىن تەرىپىدىن قوغلاندى قىلىنغان. سەبۇق تېكىن خان بولغان چاغدا (976 — 997) ئۇ كابۇل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالغان.

مىلادىنىڭ 994 - يىلى سامانىلار پادىشاھى نوھII سەبۇق تېكىندىن ئەبۇئەلى سىمجۇرىنى (ئۇ ئىسيانچى ھەم غەيرىي دىندا ئىدى) خوراساندىن قوغلاپ چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلغان. بۇ ۋەزىپىنى سەبۇق تېكىننىڭ ئوغلى مەھمۇت غەزنەۋى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئورۇنلىغان. سەبۇق تېكىن مەھمۇتنى خوراسانغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن.



ئۆزى بولسا 997 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەھمۇت، غەزنەۋىلەر دۆلىتىگە سۇلتان بولغان چاغدا (997 — 1030) غەزنەۋىلەر دۆلىتىنىڭ زېمىنى كېڭىيىپ، شەرقىي ھىندىستاننىڭ پەنجاپ ۋادىسىغىچە، غەربىي ئىراننىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن خارەزىمگىچە سوزۇلغان.

مەھمۇت غەزنەۋى مىلادىنىڭ 1001 - يىلىدىن، 1008 - يىلىغىچە ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، نۇرغۇن جايلارنى بويسۇندۇردى. شۇ مەزگىلدە قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدا ئىككى قېتىم (1006 - يىلى بىر قېتىم، 1008 - يىلى بىر قېتىم) ئۇرۇش يۈز بەرگەن. ھەر ئىككىلا قېتىمقى ئۇرۇشتا قاراخانىلارنىڭ ئافغانىستاننى بېسىۋېلىش غەرىزى ئەمەلگە ئاشمىغان. ئىككى دۆلەت ئارىسىدا سۈلھى تۈزۈلۈپ، ئامۇ دەريا چېگرا قىلىپ بەلگىلەنگەن. مەھمۇت غەزنەۋى قاراخانىلار بىلەن ياخشى خوپ بولۇۋالغاندىن كېيىن، 1009 - يىلى گورستان خانلىقىنى (غەزنە بىلەن ھىرات ئارىسىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان) 1013 - يىلى كابۇل خانلىقىنى، 1017 - يىلى خارەزىم شاھلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالغان.

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ھىندىستانغا 1018 - يىلى بىر قېتىم، 1024 - يىلىدىن 1026 - يىلىغىچە سوزۇلغان ئارىلىقتا يەنە بىر قېتىملىق يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق ناھايىتى نۇرغۇن بايلىقلارنى بۇلاپ كەلگەن. مەھمۇتنىڭ شۇ قېتىمقى يۈرۈشىدىن كېيىن، ئۇنىڭغا باغدات خەلىپىسى يېڭىدىن ئۇنۋانلار بېرىپ، «خۇراسان، ھىن-

...دىستان، سىستان ۋە خارەزىمنىڭ ھۆكۈمرانى» دەپ ئاتىغان.

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ئۆز ئۆمرىدە ھىندىستانغا 17 قېتىم يۈرۈش قىلىپ، تارىختا «بۇتلارنى ۋەيران قىلغۇچى» دېگەن نامغا ئىگە بولغان. چۈنكى ئۇ ھىندىستانغا ھەر قېتىم يۈرۈش قىلغاندا نۇرغۇنلىغان بايلىقلارنى بۇلاپ - تالىغاندىن تاشقىرى، ھىندىستاننىڭ مەشھۇر بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىكى بۇتلارنى پاچاقلاپ تاشلىغان.

ئۇنىڭ ھىندىستانغا قىلغان يۈرۈشلىرىدىكى ئاساسىي مۇددىئاسى بايلىق توپلاشقا قارىتىلغان. ئورنى ئېگىزلىككە جايلاشقان ئافغانىستان كەمبەغەل رايون ئىدى. بۇ رايون ئۆز بايلىقىغا يۆلىنىپ كۆپ سانلىق قوشۇننى (50 مىڭ پىيادە، 50 مىڭ ئاتلىق، بىرنەچچە يۈز جەڭ پىللىرىدىن تەركىب تاپقان قوشۇن بار ئىدى) باقالمايتتى، شۇڭا سۇلتان مەھمۇت ھىندىستانغا قىلغان يۈرۈشلىرىدە بايلىق توپلاش بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولغان.

ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان مەھمۇتنىڭ ھەربىر جايلارغا قويغان ۋالىيلىرىنىڭ ئاچكۆزلۈك قىلىپ، خەلقنىڭ قان - يىلىكىنى شوراپ، بايلىق توپلاشقا كىرىشىپ كېتىشى دۆلەتنى ناھايىتى خاراب ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان. بۇنى ئاز دېگەندەك مەھمۇت سۇلتان بولغان مەزگىلدە (997—1030) سۇنئىي سۇغىرىش سىستېمىسىنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشى، نۇرغۇن رايونلاردىكى تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنىڭ قاقاسلىققا ئايلىنىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. چۈنكى، ۋابا كېسەللىرى تارقىلىپ مىليونلىغان ئادەملەر ئۆلگەن. شەھەر - يېزى-



-لارنىڭ ۋەيران بولۇشى، نامراتچىلىق ئەھۋالىنىڭ ئىنتايىن يامان ھالغا كېلىشى، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە سودىدىن كىرىدىغان دارامىتىنى ناھايىتى ئازايتىۋەتكەن.

مەھمۇت غەزنەۋى دۆلەت خەزىنىسىنى تولدۇرۇش ئۈچۈنمۇ 11 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 25 يىل ئىچىدە ھىندىستانغا 17 قېتىم قىلغان يۈرۈشلىرىدە بايلىق توپلاشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان.

مەھمۇت غەزنەۋى ھەققىدە، «روما ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇش تارىخى» نىڭ ئاپتورى گىببون مۇنداق دەپ يازغان: «سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خانلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئەيسا تۇغۇلۇپ 1000 يىلدىن كېيىن ئىراننىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەرگە ھۆكۈمران بولغان. بۇ مۇسۇلمان قەھرىمانى ئەزەلدىن تارتىپ قاتتىق سوغۇق پەسىللەردىن، ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغان ئېگىز تاغلاردىن، كەڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان چوڭقۇر دەريالاردىن، چۆل - باياۋان، قۇملۇقلاردىن، دۈشمەننىڭ ھەددى - ھېسابسىز قوشۇنلىرى ۋە قورقۇنچلۇق پىللىرىدىن قىلچە قورقۇپ باققان ئەمەس...» ①

يۇقىرىدىكى باھا سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ ناھايىتى غەيرەتلىك، يۈرەكلىك، باتۇر، چىداملىقىغا، ئۇنىڭ دۈشمەن ئۈستىگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قارىتىلغان.

مەھمۇت غەزنەۋى ناھايىتى دەھشەتلىك ئىستىلاچى

① بەيش سىكس (ئەنگلىيە تارىخچىسى) «ئافغانىستان تارىخى» خەنزۇچە I جىلد II - قىسىم، 307 - بەت.

(بويسۇندۇرغۇچى) شۆھرەتلىك، بەختلىك، غالىب ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈشكە ناھايىتى قىزغىن كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرى ئۇرۇش قىلىش ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى تالانتىغا ئوخشاشلا مەشھۇر بولغان. ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ پايتەختى غەزنىدە چوڭ بىر ئالىي مەكتەپ قۇرۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىقتىسادىي خىراجەت ئاجراتقان. غەزنىدىكى مەسچىتلەر، ئوردىلار، جامائەت بىنالىرى، شۇ دەۋردىكى مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى غەزنىدە نۇرغۇنلىغان سودا سارايلىرى، سۈپسۈزۈك، كۈمۈشتەك سۇلار شىلدىرلاپ، شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر، فونتان - كۆللىرىمۇ بار ئىدى.

ئەڭ مۇھىمى، سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى غەزنىدىكى ئوردىسىغا شۇ زاماندىكى ئەڭ مەشھۇر پەيلاسوپلار، شائىرلار، ئاسترونوملار، يازغۇچىلارنى يىغقان ئىدى. ئوبۇلقاسىم فىرداۋسى سۇلتان مەھمۇت ئوردىسىدىكى شائىرلارنىڭ بىرى ئىدى.

**ئوبۇلقاسىم فىرداۋسى ۋە «شاھنامە» داستانىنىڭ يېزىلىشى**

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى مىلادىنىڭ 989 - يىلى (بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتىسى سەبۇق تېكىن سۇلتان ئىدى.) ئوبۇلقاسىم فىرداۋسىغا «شاھنامە» داستانىنى يېزىپ چىقىشنى تاپشۇرغان. ئۇ فىرداۋسىغا بەرگەن ۋەدىسىدە



«شاھنامە» داستانىنىڭ ھەر ئىككى قۇرىغا بىر دىنار ئالتۇن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. 55 ياشقا كىرىپ قالغان ئۇلۇغ شائىر فىرداۋسى 25 يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ (989 - يىلىدىن 1014 - يىلىغىچە) «شاھنامە» داستانىنى يېزىپ تاماملىغان. بەزى سەۋەبلەرگە كۆرە فىرداۋسى قىممىتى 25 مىڭ فوند ستېرلىڭنىڭ ئالتۇن قىممىتىگە تەڭ تۇرىدىغان ئالتۇن دىنار ئورنىغا، كۈمۈش دەرھەم ئالغان. بۇ ئىشتىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە چۈشكەن فىرداۋسى (بۇ چاغدا ئۇ 80 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى) ئالغان كۈمۈش دەرھەمدىن ئېشىپ قالغان پۇلنى ھاممامدىكى چايچىغا ۋە دوغچىغا (جۇلاپچىغا) بېرىپ، «سۇلتان مەھمۇتقا ھەجۋىي» ناملىق بىر شېئىرنى يېزىپ، ئۇنى ۋاستە ئارقىلىق سۇلتان مەھمۇتقا يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئۆزى بولسا غەزنىدىن يوشۇرۇنچە چىقىپ، ئىراننىڭ غەرب تەرىپىگە قېچىپ كەتكەن. سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ئۆزىنى قامچىلىغان ھەجۋىي شېئىرنى ئوقۇپ، ئاچچىقىنى باسالماي، فىرداۋسىنى تۇتۇپ، دارغا ئېسىشقا پەرمان چۈشۈرگەن.

ئوبۇلقاسىم فىرداۋسى مىلادىنىڭ 934 - يىلى ئىراندىكى «تۇس» ئاتلىق بىر شەھەردە ئاقسۆڭەك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۇلۇغ شائىر بولۇپ يېتىلگەن چاغدىلا غەزنىگە كەلتۈرۈلگەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئىراندىكى «تۇس» شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ (قاچقان جايىدىن) شۇ شەھەردە ياشىغان.

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى 1018 - يىلى ھىندىس-

تانغا يۇرۇشكە كەتكەندە، مولتان ھاكىمى ئىسيان كۆتۈرگەن. مەھمۇت شۇ يۇرۇشىدە چوڭ غەلىبىگە ئېرىشىپ، نۇرغۇن گۆھەر، ياقۇت ۋە باشقا ئېسىل قىممەت باھالىق نەرسە ۋە ئەسىرلەرنى ئېلىپ، ھىندىستاندىن غەزنىگە قايتىشىدا ئىسيان كۆتۈرگەن مولتان ھاكىمىنىڭ قورغانى يېنىدا توختاپ، ئۇنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىمەكچى بولغان. مەھمۇتنىڭ پۈتۈكچىسى مولتاننىڭ ئىسيان كۆتۈرگەن ھاكىمىغا سۇلتان مەھمۇت نامىدىن يازغان مەكتۇبىدا: «ئەگەر تەسلىم بولمىساڭ، ئاپراسىياپ جەڭ مەيدانىنى، خەنجەر بىلەن قىلىچىنى كۆرىسەن» دېگەن مەزمۇندىكى ئىككى قۇر شېئىرنى يازغان. مەكتۇبنى ئوقۇغان سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى شېئىرنى كىم يازغانلىقىنى سورىغاندا، پۈتۈكچى «شاھنامە» دىن ئالدىم، دېگەن. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ئىسيان كۆتۈرگەن مولتان ھاكىمىنى تەسلىم قىلدۇرۇپ، غەزنىگە قايتقاندىن كېيىن «شاھنامە» نى ئوقۇپ چىققان. ئۆزىنىڭ بۇرۇن فىرداۋسىغا بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان يەپ «شاھنامە» ئۈچۈن فىرداۋسىغا بەرمەكچى بولغان ھەقنى بۇرۇنقى ۋەدىسى بويىچە ئىككى قۇرىغا («شاھنامە» 120 مىڭ قۇرلۇق شېئىردىن ئەسەر) بىر دىنار ئالتۇن ھېسابلاپ، ئالتۇننى بىرنەچچە تۆگىگە يۈكلىتىپ، فىرداۋسى ھايات كەچۈرۈۋاتقان تۇس ئاتلىق شەھەرگە ماڭدۇرغان. سۇلتان مەھمۇت نامىدىن فىرداۋسىغا ناماقۇل بولۇپ، ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن تۇس شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن ئەمەلدارلار شەھەرنىڭ مەلۇم دەرۋازىسىدىن



شەھەرگە كىرىۋاتقاندا، ئالەمدىن ئۆتكەن فىرداۋسىنىڭ جەسىتى سېلىنغان تاۋۇت شەھەرنىڭ باشقا بىر دەرۋازىسىدىن چىقىپ قەبرىستانلىققا يول ئالغان. ئالتۇننى فىرداۋسىنىڭ قىزىغا تاپشۇرماقچى بولغاندا، قىز قوبۇل قىلماي «مەن ئۇنىڭغا موھتاج ئەمەس» دېگەن.

بۇ ئاجايىپ ۋەقە مىلادىنىڭ 1020 - يىلى بولغان.

## «شاھنامە» داستانىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە

«شاھنامە» داستانىدا: تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ تەخمىنەن بەش مىڭ يىللىق تارىخى (ئەپسانىۋى ۋە ھەقىقىي تارىخى) بەدىئىي تىل ئارقىلىق ئوبرازلىق بايان قىلىنغان.

فىرداۋسى «شاھنامە» داستانىدا بىر تەرەپتىن تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ (مىلادىدىن 3200 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 651 - يىلىغىچە) تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ (تۇرانىلار، يۇنانلىقلار، ئارشاكىلار، ئاق ھونلار، كۆك تۈركلەر، ئەرەبلەر) ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرى مەزگىلىدىكى تارىخىنى، رۇستەم قاتارلىق ئىران قەھرىمانلىرىنىڭ، يات خەلقلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە زومىگەرلىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق خەلقلەرنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرگە بولغان قاراشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ غايىسى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا،* يەنە بىر تەرەپتىن ئىراننىڭ ئەھمانىلار، ساسانىلار سۇلالىلىرىنىڭ قوشنا ئەللەرگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنىمۇ يوشۇرمىغان.

«شاھنامە»نىڭ مەزمۇنىنى ئاساسەن ئىككى قىسمىغا

بولۇپ بايان قىلىش مۇمكىن.

بىرىنچى، ئەپسانىۋى قىسمى بولۇپ، بۇ مىلادىدىن 3200 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 780 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە بولغان 2420 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«شاھنامە»نىڭ ئەپسانىۋى قىسمىدا ئەپسانىۋى دۆلەتلەر (پىشدادىيلار، كىيانىيلار سۇلالىلىرى) دەۋرىدىكى چوڭ ۋەقەلەر ئەپسانىۋى پادىشاھلاردىن كىيامۇرس، ئادەم، ھۇشاڭ، تەخمۇراس، جەمشىد (بۇلار پەشدادىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى) كەيقۇبات، كەيكاۋۇس، كەيخسراۋ، لەھراسپ، گوستاسپ (بۇلار كىيانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى)لارنىڭ ۋە ئەپسانىۋى زالىم، باسقۇنچى پادىشاھ زۇھاكنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى، ئەقىللىق، باتۇر تۆمۈرچى كاۋىنىڭ زۇھاكقا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، باش قەھرىمان رۇستەمنىڭ باتۇرلۇقلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

«شاھنامە»نىڭ ئەپسانىۋى ۋەقەلەر بىلەن تولغان بىرىنچى قىسمىدىكى خېلى كۆپ شەخسلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆتكەنلىكى ناتايىن. بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك پاكىتلار يوق دېيەرلىك. ئەقىللىق، باتۇر تۆمۈرچى كاۋى خەلقنىڭ زالىملارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ باش ۋەكىلى سۈپىتىدە يارىتىلغان ئىجابىي ئوبراز بولغان بولسا، ئىككى دولىسىدا ئىككى يىلان باش كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان زوھاك زالىم، قانخور، باسقۇنچى قارا كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى قىلىپ يارىتىلغان سەلبىي ئوبرازلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس.



«شاھنامە»دىكى باش قەھرىمان رۇستەم بولسا، ئىران خەلقلىرىنىڭ باسقۇنچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە مەيدانغا چىققان نۇرغۇن قەھرىمانلارنىڭ ئۈلگىلىك ۋەكىلى سۈپىتىدە يارىتىلغان ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى.

«شاھنامە»نىڭ ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر، ئەمەلىيەتتە ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىككىنچى قىسمى ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىراق توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ تارىخىي ۋە ئەمەلىي ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ.

«شاھنامە»نىڭ 1400 يىلدىن (مىلادىدىن 780 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 651 - يىلىغىچە) كۆپرەك ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي دەۋرىدە، ئىراندا ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسى (مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) يۇنان ماكېدونىيەلىكلەر ھۆكۈمرانلىقى (مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) ئارشاكىيلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 225 - يىلىغىچە)، ساسانىيلار پادىشاھلىقى (225—651) دىن ئىبارەت تۆت دۆلەت ھۆكۈم سۈرگەن.

«شاھنامە»دە ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە (330—700) يۈز بەرگەن مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەردىن، تۇرانىيلار بىلەن ئىرانلار ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلار، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونسكىي)نىڭ ئىراننى بېسىپ ئېلىشى خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ھەقىقىي تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمال قىسمى بىلەن ئەزەربەيجان تېررىتورىيىسىدە قەدىمكى چاغدا مىدىيە ئاتلىق دۆلەت قۇرۇلغان.

مىلادىدىن سەككىز ئەسىر بۇرۇن مىدىيە پادىشاھلىقى قەدىمكى شەرقتىكى كۈچلۈك دۆلەت ئىدى. ئېكباتانا (ھازىرقى ھەمىدان) بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى بولغان. مىدىيە پادىشاھلىقى، ئىران ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ياشايدىغان پارس قەبىلىسىنىمۇ بويسۇندۇرغان. پارسلارنىڭ ئەھمان ئاتلىق يېتەكچىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ، مىدىيە پادىشاھلىقىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇۋالغان. بۇ مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇن بولغان ۋەقە. ئەھمانىلار نەسلىدىن بولغان كەيخىسراۋ (521 — 558) مىلادىدىن 558 يىل بۇرۇن مىدىيە پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئىران قىرلىرىدا ياشايدىغان پارس ۋە باشقا قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەھمان دۆلىتىنى قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە ھالىتىگە كەلتۈرگەن.

ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھەنشاھى گىستاسىپ دارا (521—485) دەۋرىدە ئىران ناھايىتى كۈچەيدى؛ شۇ چاغدا ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ خەرىتىسىگە پۈتۈن ئىران، ئەزەربەيجان، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى، بېلۇجىستان، كىچىك ئاسىيا، بابىل، ئەرمەنىستان، سۇرىيە، پەلەستىن، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەر كىرگەن.

ئىراندا ئەھمانىلار سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىغان چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان جاي-



لاردا تۇران دۆلىتى (مىلادىدىن 7 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 2 - ئەسىرىگىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ھۆكۈم سۈرەتتى. «شاھنامە»دا تۇرانىلار بىلەن ئىرانلىقلار ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلار ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەن.

ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھەنشاھلىرى ئەتراپتىكى قوشنىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى يۈرگۈزگەن. بۇنداق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى تەبىئىي، ئىلاھى بىر ھالغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن سىرلىق كارامەتلىك چۈشلەرمۇ توقۇپ چىقىرىلغان. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەيخىسراۋنىڭ ئانىسى مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇ: «چۈشىدە ئۇنىڭ قورسىقىدىن بىر تۈپ ئۈزۈم دەرىخى ئۈنۈپ چىقىپتۇ، بۇ بىر تۈپ ئۈزۈم ناھايىتى چاپسان شاخلاپ، بۈك - باراقسان ھالغا كېلىپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى چۈمكەپ ئاپتۇ.» ئەھمانىلار ھۆكۈمرانلىرى بۇ چۈش ئارقىلىق ياش كەيخىسراۋنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، «سەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغان ھۆكۈمرانى بولىسەن» دېيىشكەن.

ئەھمانىلارنىڭ شاھەنشاھلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆز ئالايتىپ، تۇرانلار ئۈستىگە كۆپ قېتىم بېسىپ كەلگەن. ئۆز ئەلىنىڭ مۇستەقىللىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار، تۇران خاقانلىرى، تۇر، پىشەڭ، ئاپراسىياب (ئالپ ئارتۇڭا). ئارجاسىپلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەھمان باسقۇنچىلىرىغا قارشى قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان.

«شاھنامە»دا تىلغا ئېلىنغان تۇران خاقانلىرىدىن تۇر، ئىران ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھىنشاھى تىسىفىس (مىلادىيىدىن 675 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىيىدىن 640 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈمران بولغان) بىلەن، پىشەڭ بولسا ئارىئارامونىس (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 615 — 640) بىلەن ئۇرۇشقانلىقى تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇندەك تۇرىدۇ.

بولۇپمۇ تۇران خاقانلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرى بولغان ئافراسىياب ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھىنشاھلىرى نوزەر (قۇمبىز I) كەيخىسراۋ (مىلادىيىدىن بۇرۇن 558 — 529 — يىللىرىغىچە ياشىغان) قاتارلىقلار بىلەن ئۇرۇشقان.

باسقۇنچى كەيخىسراۋ بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشقان ئافراسىياب مىلادىيىدىن 534 يىل بۇرۇن ئەزەربەيجاندا بولغان بىر ئۇرۇشتا ھالاك بولغان. ئافراسىياب كەيخىسراۋنىڭ تۇرانلارغا قىلغان كۆپ قېتىملىق ھۇجۇملىرىنى قايتۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى باسقۇنچىلاردىن ساقلاپ قالغان. «شاھنامە»دا ئافراسىيابنى باسقۇنچى، قانخور، دىۋ دەپ تەسۋىرلىگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا ئافراسىياب ۋەتەنپەرۋەر، باتۇر سەركەردە، مەرد ۋە ئەقىللىق مىللىي قەھرىمان ئىدى. «شاھنامە»دا كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ماختالغان كەيخىسراۋ بولسا ئاچكۆز، تويماس، قانخور باسقۇنچى ئىدى.

تۇران خوتۇن — قىزلىرىنىڭ باتۇرلۇقى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، ئەقىللىقلىقى، مەردلىكىنىڭ سىمۋولى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سۆيۈملۈك، ئالىي پەزىلەتلىك، قەھرىمان، دانىشمەن ئانىسى بولغان تۇمارىس مىلادىيىدىن 520 يىل



بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن دارا I نى ئامۇ دەرياسىنىڭ بويىدا بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ كېسىلگەن بېشىنى قان تولدۇرۇلغان تۇلۇمغا سېلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەي قانخور، ھايات چېغىڭدا قانغا تويمىدۇڭ، ئۆلگەندىن كېيىن بولسىمۇ قانغا توي!»

تۇمارىس ئالپ ئارتۇڭانىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ ئالپ ئارتۇڭانىڭ نەۋرىسىنىڭ قىزى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. مىلادىيىدىن 330 يىل بۇرۇن تۇرانلار بېشىدا «چۇ» ئاتلىق ھۆكۈمران بارئىدى. بۇ ئىسكەندەرگە زامانداش بولۇپ، تۇمارىسنىڭ ئوغلى سىفارگاپىرىسنىڭ 5 - ئەۋلادى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىنراق. شۇ «چۇ» ئاتلىق ھۆكۈمران مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا «شۇ» دەپ ئاتىغان تارىخىي شەخسنىڭ دەل ئۆزى.

يۇنان تارىخچىسى ھېرودوت (مىلادىيىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن ياشىغان) ئۆزىنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە تومىرىس شەكلىدە يازغان بۇ ئىسىم پاۋىل ۋېتتېكىنىڭ قارىشىچە تۈركچە «تۆمۈر» سۆزىنىڭ بۇزۇلماسىدۇر.

«شاھنامە»دا ئېيتىلىشىچە ئافراسىياب ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تۇرانلارغا ئۇنىڭ قېرىندىشى ئارجاسپنىڭ خاقان بولغانلىقى، ئۇنىڭ گوشتاسپ دارا I بىلەن ئۇرۇشقانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

«شاھنامە» دىكى پاكىتقا قارىغاندا شۇ قېتىم ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشقا، يېڭىدىن ئاتەشپەرەسلەر دىنىغا كىرىپ، شۇ دىننى تۇرانلارغا تاڭغان

دارا I نىڭ ئارجاسپقا يازغان مەكتۇبىدا يولسىزلىق قىلغانلىقى سەۋەب بولغاندەك تۇرىدۇ. لېكىن ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا چوڭ دادىسى كەيخىسراۋنىڭ تاجاۋۇزچىلىق يولىغا ۋارىسلىق قىلغان دارا I نىڭ ئاتەشپەرەسلەر دىنىنى تۇرانىلارغا تېڭىشنى بانا قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىپ ئېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى ئاساسىي سەۋەب بولسا كېرەك.

«شاھنامە»دا ئارجاسپ باشچىلىقىدىكى تۇران قوشۇنلىرىنىڭ دارا I باشچىلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغانلىقى ئېيتىلغان.

«شاھنامە»دا دارا I نىڭ زارۇ ئاستىرو دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاتەشپەرەسلەر دىنىغا كىرگەنلىكى ئېيتىلغان.

ھەقىقەتەن ئىران خەلقلىرى ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىدىن تارتىپ، ئىراننى 651 يىلى ئەرەبلەر بېسىپ ئېلىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىچە ئاتەشپەرەسلەر دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقان ئىدى.

تارىختا ئاتەشپەرەسلەر دىنى (ئوت پەرەسلەر دىنى) زارو ئاستىرو دىنى دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ دىنىنى زارو ئاستىرو (تۈگە) ئاتلىق ئادەم مىلادىيىدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن باكتىرىيە (شىمالىي ئافغانىستان)دا تارقاتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىن، شۇ دىنىنى تارقاتقۇچى زارو ئاستىرو نامى بىلەنمۇ ئاتالغان. بۇ دىن مىلادىيىدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي دىنىي



قائىدىلىرى ئاتەشپەرەسلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋىستا»دا بايان قىلىنغان. «ئاۋىستا»دا قەدىمكى چاغدىكى خەلقلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان ئىنتايىن نۇرغۇن ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر بار. بۇ دىن دۇنيادىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىسىدا بولىدىغان كۈرەشنى ئۆز دىنىي قائىدىسىنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. ئاتەشپەرەسلەرنىڭ تونۇشىچە ئوت، يورۇقلۇق بولسا ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى. قاراڭغۇلۇق بولسا يامانلىقنىڭ ئالامىتى. ياخشىلىق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ كۈچىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئالەمنى «ياراتقۇچى» تەڭرى ھورموز بولۇپ، يامانلىق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ كۈچىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى ئەھرىمەن ئاتلىق ياۋۇز تەڭرىدۇر.

«شاھنامە»گە ئاتەشپەرەسلەر دىنىنىڭ روھى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئىجابىي ئوبرازلار ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇقنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. «شاھنامە»دا بەزىبىر ئىران پالۋانلىرىنىڭ ئەھرىمەن ئاتلىق دىۋە بىلەن ئۇرۇشقانلىقى مانا شۇنىڭ دەلىلى.

«شاھنامە»دا ئىسكەندەرنىڭ ئىران ئۈستىگە قىلغان يۈرۈشى، ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شاھەنشاھى دارا III (336 — 330) نىڭ ئىسكەندەر تەرىپىدىن ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى، ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى، ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ يوقىلىشى قاتارلىق جىددىي ۋەقەلەر ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ماكېدون — يۇنان پادىشاھى فىلىپپىنىڭ ئوغلى

ئالېكساندىر ماكېدونسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) ئاتىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن (ئىرانلىقلار قۇۋۋەتلىگەن سۈيىقەستتە ئۆلتۈرۈلگەن) ئىسكەندەر فىلىپپنىڭ شەرق ئەللىرىنى بويسۇندۇرۇش نىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدى.

ئىسكەندەر مىلادىيدىن 356 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان. ئۇنى ئاتىسى فىلىپپ ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەپ، ھەر جەھەتتىن قابىلىيەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتىل (384 — 322)دىن تەلىم ئالدۇرغان.

ئىسكەندەر مىلادىيدىن 334 يىل بۇرۇن (22 يېشىدا) 30 مىڭ پىيادە، بەش مىڭ ئاتلىق قوشۇنغا باش بولۇپ، شەرققە يۈرۈش باشلىغان. ئىسكەندەر ئون يىل يۈرۈش قىلىپ، مىلادىيدىن 324 يىل بۇرۇنقى چاغقا كەلگەندە كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، فىنىكا، مىسىر، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرنى بېسىۋالدى.

ئىسكەندەر ئىراننى بويسۇندۇرۇشتا، ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھەنشاھى دارا III بىلەن قاتتىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. ئىسكەندەر كىچىك ئاسىيانى بېسىپ ئالغاندىن كېيىن سۈرىيىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. شۇ يەردىكى ئىس-سى دېگەن جايدا بولغان ئۇرۇشتا دارا III قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى، بايلىقلىرى ئىسكەندەرنىڭ قولىغا چۈشتى. ئىس-سى يېنىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، دارا III ئىسكەندەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆز قىزلىرىدىن بىرىنى ئىسكەندەرگە ياتلىق قىلىش ئارقىلىق، ياخشى خوپ بولۇشقا ئۇرۇندى. ئىسكەندەر دارانىڭ تە-



لەپلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى.

ئىسكەندەر ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىنى (كىچىك ئاسىيا، فىنىكا، پەلەستىن، مىسىر) ئانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا بويسۇندۇرۇۋالدى. ئىسكەندەر مىلادىيدىن 337 يىل بۇرۇن دېجلى ۋە فىرات دەريالىرىدىن (ئىراقتا) ئۆتۈپ، ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىغا يۈرۈش باشلىدى. ئۇ سۈرىيىدىكى گاۋگامىل دېگەن جاينىڭ يېنىدا بولغان ئۇرۇشتا ئىران قوشۇنلىرىنى تولۇق تارمار قىلدى. دارا III يەنە قېچىپ كەتتى.①

مىلادىيدىن 330 يىل بۇرۇن شەرققە قاراپ قاچقان دارا IIIنى ئۆلتۈرۈشتە ئۇنىڭ قېرىندىشى بېسس قاتناشقان ئىكەن.②

يۇنانلىقلار مىلادىيدىن 330 يىل بۇرۇن ئىران ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئىسكەندەر غەربىي ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىن تارتىپ شەرقىي ھىندىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان تېررىتورىيىدە ماكېدون — يۇنان ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. ئىسكەندەر غەربكە يۈرۈش قىلىپ، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئىتالىيىنى بويسۇندۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، مىلادىيدىن 324 يىل بۇرۇن ئېغىر تەپ (بەزگەك) كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، 32 يېشىدا بابىل (پايتەخت)دە ئالەمدىن ئۆتتى.

ئىسكەندەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆز قولى بىلەن قۇرغان ئىمپېرىيە ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي بىر

① «قەدىمكى دۇنيا تارىخى» رۇسچە، 155 - بەت.
② «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە، 64 - بەت.

قانچە دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇلار: يۇنان ماكېدونىيە دۆلىتى (ماكېدونىيە بىلەن يۇنانىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سېلۇكىلار دۆلىتى (بۇنىڭ ئىچىگە سۇرىيە، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا كىرەتتى)، مىسىر دۆلىتىدىن ئىبارەت.

ئىسكەندەرنىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرى سېلۇك باش بولۇپ قۇرغان سېلۇكىلار دۆلىتىدە مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇن كەسكىن ۋەقەلەر يۈز بەردى. شۇ چاغدا سېلۇكىلار دۆلىتىنىڭ ئىمپېراتورى ئانتىئوخ II نىڭ ئوغۇللىرى — كەلگۈسىدىكى سېلۇك II ئۇنىڭ ئۇكىسى ئانتىئوخ ھېراكىس ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش باشلانغان.

سىترابون① نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، «تېجەن دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرى بويلاپ يۈرگەن پەرنە دەپ ئاتىلىدىغان داخ خەلقلىرىدىن بىرىنىڭ داھىيسى، نەسلى - نەسەب جەھەتتىن ساك ئارشاك ئىران (پارپىيە)غا بېسىپ كىردى ۋە ئۇنى بويسۇندۇردى.»② ياپون تارىخچىسى يوشىلاۋتى «غەربتە بۇددىزم» ناملىق ئەسىرىدە ئارشاكلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى تۈركلەرگە ئوخشايدۇ، دېگەن.

تارىختا ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ خەلقنى ئارشاكلار سۇلالىسى دەپ ئاتايدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدا بولسا «ئەنشى» (安西) دەپ يازىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى شەرق تارىخچىلىرىدىن ياپون تارىخچىسى يوشىلاۋتى «ئەنشى» ئاتالغۇسىنى «ئارشاك» سۆزىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

① سترابون — يۇنان تارىخچىسى
② «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» (ئۆزبېكچە) 83 - ، 84 - بەتلەر



«شاھنامە»دا ئارشاكلار ھەققىدە ناھايىتى ئاز مەلۇمات بېرىلگەن. پەقەت ئارشاكلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ئارتابان V (مىلادىنىڭ 208 - يىلىدىن 225 - يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) ھەققىدە بىرئاز مەلۇمات بار.

«شاھنامە»دا ئەردەشىرنىڭ ئارشاكلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 225 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نى ئاغدۇرۇپ، ساسانىلار سۇلالىسى قۇرغانلىقىنى، مازداكىلار ھەرىكىتى، ئاق ھونلار، كۆك تۈركلەرنىڭ ئىرانغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، ئەرەبلەرنىڭ ئىراننى بېسىپ ئېلىشى قاتارلىق چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن.

مىلادىنىڭ 224 - يىلى ئىراننىڭ غەربىي جەنۇبىدا (ھازىرقى پارس ئۆلكىسى) ئارشاكلار ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. بۇ قوزغىلاڭغا پارسلار نەسلىدىن بولغان ئەردەشىر يېتەكچىلىك قىلغان. ئەردەشىر ئارشاكلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ئارتاباننىڭ قوشۇنلىرىنى ئىراننىڭ ھازىرقى خوزەيستان ئۆلكىسىدە بولغان ئۇرۇشتا تارمار قىلدى. شۇ ئۇرۇشتا ئارتابان ھالاك بولغان. مىلادىنىڭ 225 - يىلى ئەردەشىر ئارشاكلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كتېسفون (ھازىرقى باغدات)نى بېسىپ ئالدى. شۇندىن باشلاپ ئارشاكلار سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ساسانىلار سۇلالىسى ئالدى. ئەردەشىر (224—241) يېڭى قۇرۇلغان دۆلەت نامىنى بوۋىسى ساساننىڭ نامى

بىلەن ساسانىلار دەپ ئاتىغان.

ساسانىلار سۇلالىسى خۇددى ئارشاكىلار سۇلالىسىغا ئوخشاشلا شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى دۇنيا سودا يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان ئەرمىنىيە بىلەن مېسوپوتامىيەنى ئىگىلەپ ئېلىش ئۈچۈن روما ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان.

ئەردەشىرنىڭ ئوغلى شاپۇر I (241 — 272) روما ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇشىدا (241 — 242) ئانتاكىيەنى بېسىپ ئېلىپ، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرىغىچە يېتىپ بارغان. شاپۇر I روما ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشىدا (256—259) شانلىق غەلىبىگە ئېرىشىپ، روما ئىمپېراتورى ۋالېرىيان ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى روما قوشۇنلىرىنى ئەسىر ئالغان. ساسانىلار بىلەن روما ئىمپېرىيىسى ئارىسىدىكى ئۇرۇش 200 يىل داۋام قىلىپ، ئاخىرى بەھرام گور پادىشاھ بولغان مەزگىلدە (420 — 440) مىلادىنىڭ 428- يىلى ئەرمىنىيىنىڭ شەرقىي قىسمى ساسانىلار قولىغا ئۆتكەن.

«شاھنامە»دا بايان قىلىنغان مازداكىلار ھەرىكىتى قوباد پادىشاھ بولغان مەزگىلدە (487 — 531) مىلادىنىڭ 488- يىلى قوزغالغان. مازداكىلار ھەرىكىتى ساسانىلار دەۋرىدىكى ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان، خەلق ھەرىكىتى بولۇپ، دىنىي شەكىل ئارقىلىق ئۆزىنى نىقابلىغان.

5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئۇزاق مۇددەت



داۋام قىلغان قۇرغاقچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىكىدىن كەم ھوسۇل ئېلىش سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن ئاچارچىلىق، پۈتۈن ئىراننى قاپلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەل بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇشلارنىڭ چىقىمىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ساسانى پادىشاھلىرى خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - ياساقنى ھەسسىلەپ كۆپەيتكەن ئىدى. ئاچارچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، ۋابا كېسىلى تارقالغان. خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى - ئاپەتلەر مازداكىلار ھەرىكىتىنىڭ قوزغىلىشىنى تېزلەتكەن.

مازداكىلار ھەرىكىتىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى قۇللۇققا چۈشۈرۈلگەن جامائە دېھقانلىرى، قۇللار، ھۈنەرۋەنلەر، شەھەر كەمبەغەللىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

مازداك بولسا شۇ ھەرىكەتنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى، باش ئۇستازى، مۇتەپەككۇرى ۋە يېتەكچىسى ئىدى. بۇ ھەرىكەت مازداكنىڭ نامى بىلەن مازداكىلار ھەرىكىتى دەپ ئاتالدى. مازداكنىڭ دىنىي تەلىماتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «خۇسۇسىي مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بارلىق بالايى - ئاپەتلەرنىڭ ئاساسىي مەنبەسى.» مازداك مۇنداق دەپ خىتاب قىلغان ئىدى: «مۈلۈككە قۇللار ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان تۈزۈمنى ئورنىتىش لازىم.» مازداكىچىلار ئىنسانىيەتنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە باراۋەرلىككە ئېرىشتۈرۈشنى خىيال قىلىشقان.

مىلادىنىڭ 488 - يىلى قوزغالغان مازداكىلار ھەرىكىتىنىڭ قاتناشچىلىرى ئەڭ ئاۋۋال پايتەختتىكى پادى-

شاھ ۋە ئېسىلزادىلەرنىڭ ئامبارلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلىغان. مازداكىلار ھەرىكىتى تېز ئارىدا پۈتۈن ئىراننى قاپلىغان. مازداك قوزغىلاڭچىلىرى تۆرەزادىلارنىڭ يەرلىرىنى، سۇ ئىنشائاتلىرىنى، مال - مۈلۈكلىرىنى بېسىپ ئالغان. تۆرەزادىلارنى ئۆلتۈرۈپ، دېھقان جامائەلىرىنى (دېھقان كوممۇنالىرىنى) باشقىدىن قۇرغان. پادىشاھ قوباد قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلقنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ناھايىتى كۈچلۈك بولغان فېئودال تۆرەزادىلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، باشتا مازداكىلار تەرەپتە تۇرغان. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن ساسانىي ھۆكۈمران تەبىقىسى قوبادنى ئاق ھونلار دۆلىتىگە سۈرگۈن قىلغان. ئەمما قوباد مىلادىنىڭ 499 - يىللىرى ئىرانغا قايتۇرۇلۇپ، ئاق ھونلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىرانغا يەنە پادىشاھ بولغان.

قوباد باشلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرمۇ مۇستەھكەملىنىۋالغاندىن كېيىن، مازداكچىلارنى شەپقەتسىز ھالدا باستۇرۇشقا كىرىشكەن. مىلادىنىڭ 529 - يىللىرى مازداك باشلىق، مازداكچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلگەن. پۈتۈن ئىراننى قاپلىغان تېررورلۇق نەتىجىسىدە مازداكچىلاردىن 80 مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن.

گەرچە مازداكچىلار ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ ھەرىكەت ئىران تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، مازداكچىلار ھەرىكىتى ئىراندىكى تۆرەزادىلار بىلەن راھىب تۆرەزادىلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قاتتىق ۋەيران قىلغان.



«شاھنامە»دا كۆك تۈرك خاقانلىقى (551 — 744) بىلەن ئىران ساسانىلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن. فىردەۋسى تۈرك خاقانى قاراچور («شاھنامە»دا چاچا دەپ يېزىلغان)نىڭ ئىران بىلەن ئۇرۇشقانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ھەقىقىي تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، كۆك تۈرك خاقانلىقى بىلەن ئىران ئارىسىدا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش بولغان.

مىلادىنىڭ 565 - يىلى كۆك تۈركلەر ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنى (565 — 420) تارمار قىلىشتا ئىران بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇنىڭ ياردىمىنى ئالغان. ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىنى بۆلۈپ ئېلىش، شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى خەلقئارا سودا يولىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى تالىشىش قاتارلىق مەسىلىلەر يۈزىسىدىن كۆك تۈركلەر بىلەن ئىران ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولغان.

مانا شۇ ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغان كۆك تۈركلەر شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرانغا قارشى تۇرماقچى بولغان. شۇنىڭغا بىنائەن مىلادىنىڭ 568 - يىلى كۆك تۈرك ئەلچىلىرى، ئىستەمى يابغۇنىڭ ئۇلۇغ تۈرك خاقانى موقان خانغا ۋاكالىتەن روما ئىمپېراتورى يۇستىنىيان II گە يازغان مەكتۇبىنى ۋە قىممەت باھالىق سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ، ئىلىدىكى تېكەس يايلىقىدىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ، ئۇزۇن يول يۈرۈپ، كونستانتىن پولغا (ھازىرقى ئىستانبۇلغا) بارغان. ئۇلار ۋەزىپە-

سىنى ئۇتۇغلۇق ئورۇنلاپ تېكەس يايلىقى (ئىستەمى ياب-
غۇنىڭ ئوردىسى تېكەستە ئىدى)غا قايتقان. تۈرك ئەلچى-
لىرىگە ھەمراھ بولۇپ يولغا چىققان زىمارخ باشچىلىقىدى-
كى روما ئەلچىلىرى مىلادىنىڭ 568 - يىلى ئىستەمى
يابغۇنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن. ئىستەمى يابغۇ تەرىپىدىن
سەمىمىي ۋە قىزغىن قارشى ئېلىنغان شەرقىي روما ئەلچى-
لىرى ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئۇرغۇن سوۋ-
غا - سالاملارغا ئېرىشىپ، ئۆز دۆلىتىگە قايتىشىدا شەر-
قىي روما ئىمپېرىيىسىدەك قۇدرەتلىك ئىتتىپاقچىغا ئىگە
بولغان كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ غەربىي تېررىتورىيىسىگە
ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىستەمى يابغۇنىڭ ناھايىتى ئۇر-
غۇن، جەڭگىۋار، تۈرك ئاتلىق قوشۇنلىرىغا باش بولۇپ
ئىرانغا قارشى قىلغان يۈرۈشىدە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە ئۇنىڭ
بىلەن بىللە كەلگەن.

ئىستەمى يابغۇ مىلادىنىڭ 568 - يىلى خۇراساندا
بولغان ئۇرۇشتا ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى
نوشىرۋان (531 — 579) تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن سىمبات
قوماندانلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ
غەلىبە قازانغان.

«شاھنامە»دە تىلغا ئېلىنغان تۈرك خاقانى چاچا-
خان (قاراچۇر)نىڭ ئىرانغا قارشى قىلغان يۈرۈشى مى-
لادىنىڭ 588 - يىلى يۈز بەرگەن. بۇ ئۇرۇشتا تۈرك
خاقانى قاراچۇر ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھىن-
شاھى ھورمۇز IV (579—590)نىڭ مەشھۇر سەركەردىسى بەھرام
چۇبىن قوماندانلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرى تەرىپىدىن خۇ-



راساندا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئۆزى ئۆلگەن.
بەھرام چۇبىن خاقاننىڭ ئوغلى بارمودا تېكىننى پايتەختتە
بولغان ئۇرۇشتا تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئەسىر ئالغان.

مانا شۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئۇلۇغ كۆك
تۈرك خاقانىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى تېخىمۇ تېزلەشكەن. دې-
گەندەك تۈرك خاقانلىقى مىلادىنىڭ 600 - يىلىغا كەل-
گەندە رەسمىي ھالدا شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خاقانلىق-
لىرىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن.

غەربىي تۈرك خاقانى تون يابغۇنىڭ ۋاقتىدا
(619 — 628) كۆك تۈرك بىلەن ئىران ئارىسىدا
ئىككى قېتىم ئۇرۇش بولغان، بۇ چاغدىكى ساسانىلار شاھ-
ىنشاھى خۇسراۋ پەرۋىز (590 — 628) كۆك تۈرك خا-
قانى تون يابغۇ بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۇرۇشنىڭ كېلىپ
چىقىشىغا سەۋەب بولغان. غەربىي تۈرك خاقانى تون ياب-
غۇ مىلادىنىڭ 620 - يىلى ئىرانغا ھۇجۇم قىلىپ، نىشا-
پور، راي شەھەرلىرىنى بېسىۋالغان. خان بۇ جايلارنى
ئىدارە قىلىشقا ئېلتەبىر (ۋالىي) تەيىنلىگەن. غەربىي تۈرك
خاقانى تون يابغۇ كۆك تۈركلەرنىڭ شەرقىي روما ئىمپېراتورى ھې-
راكلىي بىلەن تۈزگەن بىتىمىگە بىنائەن 628 - يىلى 40 مىڭ ئات-
لىق تۈرك قوشۇنىغا ئۆزى باش بولۇپ، تالاس ۋادىسى (قىرغىزىستان-
دا)دىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ كاۋكازداراسى ئارقىلىق ئىران
ساسانىلار تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىرگەن. غەرب تەرەپتىن ھېرا-
كلىي باشچىلىقىدىكى شەرقىي روما قوشۇنلىرى ئىرانغا ھۇجۇم
قىلغان، شۇ يىلى تۈرك ۋە روما قوشۇنلىرى ئىراننىڭ پايتەخ-
تى كتىسفون (باغدات)غا بېسىپ كىرگەن. بۇنداق ئېغىر

ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ساسانىلارنىڭ ئوردىسىدا سىياسىي
ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، خۇسراۋ پەرۋىز تەختتىن چۈشۈ-
رۈلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى قوباد II تەختتە ئولتۇرغان. قوباد
II بىلەن ئىتتىپاقچىلار (كۆك تۈركلەر، روماللىقلار) بىلەن
تۈزۈلگەن بىتىمنامىگە بىنائەن ئىران قوشۇنلىرى مىسىر،
سۈرىيە، ئەرمىنىيە ۋە غەربىي ئىران بېسىۋالغان باشقا دۆ-
لەتلەردىن چېكىنىپ چىقماقچى بولغان. شۇ ئورۇشتا غەلـ
بە قىلىپ، تېنتەنە بىلەن تالاس ۋادىسىنىڭ مىڭ بۇلاق
دېگەن جايىدىكى ئوردىسىغا قايتىپ كەلگەن تون يابغۇ
خاقان مىلادىنىڭ 628 - يىلى كولچور باغاتارقان ئاتلىق
ۋەزىرى تەرىپىدىن (زەھەر بېرىلىپ) ئۆلتۈرۈلگەن.

ئىران ۋەتەنپەرۋەرى فىردەۋسى «شاھنامە»دە ئىران-
نى ئىستېمى يابغۇنىڭ بىر قېتىم، تون يابغۇ خاقاننىڭ
ئىككى قېتىم مەغلۇپ قىلغانلىقىنى يوشۇرۇپ، پەقەت تۈرك
خاقانى قاراچۇرنىڭ ئىران تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھال-
دا مەغلۇپ بولغانلىقىنىلا يازغان.

«شاھنامە» داستانىنىڭ ئاخىرىدا، ئىراننىڭ ئەرەبلەر
تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنىشى غەمكىنلىك بىلەن تەپسىلىي
بايان قىلىنغان.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەد ئەلەي-
ھىسسالام 630 - يىللىرى شەرقىي روما ئىمپېراتورى ھې-
راكلىغا ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى كەيقۇ-
باد II گە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭغا
(لىشىمىنگە) مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كى-
رىشكە دەۋەت قىلغان. بۇ ئۈچ پادىشاھدىن تاڭ تەيزۇڭ



بىلەن ھىراكلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىسىنى ئې-
لىپ كەلگەن ئەرەب ئەلچىلىرىنى ئوبدان قارشى ئېلىپ،
ئۆز لايىقىدا ئۆزرەخالىق ئېيتىپ جاۋاب قايتۇرغان. پە-
قەت ئىران شاھىنشاھى كەيقۇباد II مۇھەممەد ئەلەيھى-
سسالام ئەۋەتكەن نامىنى يىرتىپ تاشلىغان.

بۇ ۋەقەنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ئىران ساسانىلار
ھۆكۈمرانلىرىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن خەلىپە ئۆمەر
مىلادىنىڭ 637 - يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ
سەپدىشى سەيىد ئىبنى ئابۇۋاققاس قوماندانلىقىدا خىللان-
غان، جەڭگىۋار ئەرەب قوشۇنلىرىنى ئىرانغا ماڭدۇرغان.
قەدىشە دېگەن جايدا بولغان ئۇرۇشتا ئەرەب قوشۇنلىرى
ساسانىلار شاھىنشاھى يەزدىگىر III (634 — 651)نىڭ
قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرگەن. قەدىشە ئۇرۇشىدا
ئىراننىڭ مەشھۇر جەڭ بايرىقىمۇ باشقا غەنىيمەتلى-
رى بىلەن بىللە ئەرەبلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن.
بۇ جەڭ بايرىقى ئىراننىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمانى — تۆ-
مۈرچى كاۋىنىڭ پەرتۇقى (پەشتىمانى) بولۇپ، ئۇنىڭغا
خىلمۇ خىل رەڭلىك گۆھەر، ياقۇتلار قادالغان ئىكەن،
رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قەدىمكى چاغدا تۆمۈرچى كاۋى،
زالىم پادىشاھ زوھاكقا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭدا
مانا شۇ پەرتۇقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنى قوزغىلاڭنىڭ باي-
رىقى قىلغان ئىكەن. مىلادىنىڭ 642 - يىلى ئەرەبلەر
نىخەۋەندى دېگەن جايدا بولغان ئۇرۇشتا ئىران قوشۇن-
لىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. يەزدىگىر III ئىراننىڭ شەرقىي
قىسمىغا قاراپ قاچتى. ئۇ ئون يىل سەرسان بولۇپ يۈ-

روۋپ، ئاخىرى 651 - يىلى مەرۋى شاھى جاھاننىڭ
يېنىدا ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىدىن باشلاپ ئىران، ئەرەب خەلى-
پىلىكىنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئىران تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا (بولۇپمۇ
628 - يىلى بولغان ئۇرۇشتا) ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچ-
راپ، ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئەرەبلەر ئىراننى
ئاسانلا تارمار قىلىپ، 500 يىلچە ھۆكۈم سۈرگەن
ساسانىلار سۇلالىسىنى يوقاتتى.

فىردەۋسى «شاھنامە» داستانىدا بايان قىلغان ئەپسا-
نىۋى ۋەقەلەر (مىلادىدىن 3200 يىل بۇرۇنقى چاغدىن،
مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) بىلەن ھەقىقىي
تارىخىي ۋەقەلەر (مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن
مىلادىنىڭ 651 - يىلىغىچە) نىڭ مەزمۇنى ۋە باشقا جە-
ھەتلىرى ھەققىدە يۇقىرىدا قىسقىچە توختالدىم.

فىردەۋسى «شاھنامە» دە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەرغىب
قىلىپ، ئىراننى يات ئەللەرنىڭ بولۇپمۇ تۈركلەرنىڭ
پۈتۈنلەي بېسىپ ئېلىشىدىن، شەرق قىسمىنى ئوغۇز نەس-
لىدىن بولغان غەزنەۋىلەرنىڭ بېسىپ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ،
ئۆزىنىڭ ئىران ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى ئاساس قىلىپ، تۇرانى-
لارغا مەنسۇپ بولغان شەخسلەرنى (مەسىلەن، ئافراسىياپ-
نى) خۇنۇك قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىشنىڭ
ھاجىتى يوق.

فىردەۋسى 10 - ۋە 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇ-
لۇغ ۋەتەنپەرۋەر ۋە مۇتەپەككۇر، ئاجايىپ تالانتلىق
شائىر، تەڭدىشى ئاز ئۇچرايدىغان تارىخچى بولغىنى



ئۈچۈن ئىران، ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاس-
تىدا تۇرغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر قاراخانىلار
دۆلىتى (850 — 1212) تازا كۈچىيىپ، ھۆكۈمران
تەبىقىسى شائىر فىردەۋسىگە قانداش بولغان تاجىك سا-
مانىلار دۆلىتى (870 — 1000) نى تارمار قىلىپ، ئۇ-
نىڭ تېررىتورىيىسىنى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالغان بولسا،
ئوغۇزلارنىڭ كىنىك (قىنىق) ئۇرۇقى قۇرغان غەزنەۋىلەر
سۇلتانلىقى (963—1186) ئىراننىڭ خۇراسان رايونىنى
ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ئالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە
ئوغۇزلاردىن سەلجۇقلار بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئىرانغا
خەۋپ سېلىش ئېھتىمالى كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. مەھ-
مۇت قەشقەرىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «مەن تەڭرىنىڭ
دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە
پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆگىلەتكىنىنى
كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى «تۈرك» دەپ ئاتىدى ۋە سەل-
تەنەتكە ئىگە قىلدى. دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەر-
دىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى ئۇلار-
نىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى،
ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى، ئۇلار بىلەن بىر سەپ-
تە تۇرۇپ، كۈرەشكەنلەرنى ئېزىز قىلدى. تۈركلەر تۈپەي-
لىدىن، ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۈرۈپ، يامان-
لارنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن ساقلىدى.»①

① مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە) 1 - ، 2 -
بەتلەرگە قارالسۇن.

تارىخچى پاكىتلار فىرداۋسىنىڭ ئىران ئۈچۈن تۈرك-
لەرنىڭ (بولۇپمۇ تۈرك ئوغۇزلىرىنىڭ) خەۋپ ئىكەنلى-
كىنى ئالدىن بايقاپ، قاتتىق ئەنسىرىگەنلىكىنىڭ راست-
لىقىنى ئىسپاتلىغان.

فىرداۋسى مىلادىنىڭ 1020 - يىللىرى ئالەمدىن
ئۆتۈپ، ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن (1040 - يىلى)
ئوغۇزلار خانى سەلجۇقنىڭ نەۋرىسى توغرۇلبەگ يې-
تەكچىلىكىدىكى ئوغۇزلار نىشاپور، مەرۋى شاھى جاھا-
نىنى ئىگىلەپ تۇرۇپ، كۈچلۈك سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسى-
نى قۇردى. خۇراسەن ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىش-
كەن توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1040 - يىلى دەندانىقاندا بول-
غان جەڭدە غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەسئۇدنى تارمار كەل-
تۈرگەندىن كېيىن ئىرانغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ،
راي شەھىرىنى بېسىپ ئالدى ۋە ئۇنى ئۆزىگە پايتەخت
قىلدى. توغرۇلبەگ 1055 - يىلى باغداتقا بېسىپ
كىرىپ، ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىكىنى (751 - يىلدىن
1250 - يىلغىچە) قورچاق ھالغا چۈشۈردى. ئەرەب خە-
لىپىسى توغرۇلبەگنىڭ نامىنى قۇتبەدە ئوقۇشقا ئەمر
قىلدى.

11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سەلجۇقىلار نۇرغۇن
جايلارنى بېسىۋالدى. سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ خەرىتى-
سىگە كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، پەلەستىن، ئەرەبىستان،
مېسوپوتامىيە، ئىران، ئافغانىستان، بېلوجىستان، ئوتتۇرا ئا-
سىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى كىرگەن.

توغرۇلبەگ ئىمپېراتور بولغان چاغدا (1040—1063)



سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۆزىنىڭ
ئەخلاقى، پەزىلىتىنىڭ ساپلىقى، ئالىيلىقى، باتۇر، مەردلى-
كى، ئەقىللىقلىقى بىلەن مۇسۇلمان شەرقىنىڭ تەبىئىي
ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1063 - يىلى
سۈرىيىنى بويسۇندۇرۇپ، باغداتقا قايتىپ كەلدى. شۇ
چاغدا ئۇ، ئەرەب خەلىپىسىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدىغانلىقىنى
بىلدۈرگەندە، ئەرەب خەلىپىسى ئۇنىڭ ئارزۇسىغا ناھايىتى
خۇشاللىق بىلدۈرگەن. تويى مۇراسىمى راي شەھىرىدە
(كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا) ئۆتكۈزۈلىدىغان
بولغان. شۇڭا توغرۇلبەگ باغداتتىن رايغا كېلىۋاتقاندا،
يولدا ئۇشتۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتكەن.

سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسىگە ئالپ ئارسلان (توغرۇل-
بەگنىڭ ئاكىسى — چاغرى بەگنىڭ ئوغلى) ئىمپېراتور
بولغان چاغدا (1063 — 1072) ئۇ، 1071 - يىلى
26 - ئاۋغۇست كۈنى ھازىرقى ئەرمەنىستاندىكى ۋان
كۆلىنىڭ شىمالىدىكى مالازگىرد دالىسىدا شەرقىي روما
ئىمپېراتورى رومان دىئوگېنىس باشچىلىقىدىكى ناھايىتى كۈچ-
لۈك روما قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، رومان دىئوگې-
نىسنى تىرىك تۇتۇپ ئالغان. شۇندىن باشلاپ روما
ئىمپېرىيەسى سالجۇقىلار ئىمپېرىيەسىگە سېلىق (ئولپان)
تۆلەيدىغان قارام دۆلەتكە ئايلىنىپ قالغان. سەلجۇقىلار
ئىمپېرىيەسى (1040 — 1157) مەلىك شاھ ئىمپېراتور
بولغان چاغدا (1072 — 1092) ناھايىتى قۇدرەتلىك،
گۈللەنگەن بىر دۆلەتكە ئايلانغان. مەلىكشاھنىڭ
ئەقىللىقى، تەدبىرلىك ۋەزىرى نىزامۇل مۈلكىنىڭ تەشەب-

يۇسى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر پەنلەر ئاساسىدا بولغان «نىزامىيە» ئالىي مەكتىپى ئېچىلغان. ئۇنىڭ «سىياسەتنامە» ناملىق ئۇلۇغ ئەسىرى مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغان. مەلىك شاھدىن كېيىن، سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىگە سۇلتان سەنجەر (1117 — 1157) ئىمپېراتور بولغان.

فىرداۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانى دۇنيا ئەدەبىياتى، خۇسۇسەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

«شاھنامە»نى ئۆگىنىش يالغۇز تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى تارىخىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بىلىشتە مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىنى بىلىشتىمۇ ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىزنىڭ ئەدىب - شائىرلىرىمىز «شاھنامە»نى ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ تەنقىدىي ئۆگىنىپ، ئەسەر يېزىشتا ئۇنىڭدىن ئۈلگە ۋە ئوزۇق ئېلىشى لازىم.

11 - ئەسىردە بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز مەھمۇت قەشقىرى (قەشقەرلىك مەھمۇت)، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئۆلمەس، شانلىق ئەسەرلەرنى يازغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، زامانىمىزدا ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتنىڭ يېڭى باھارىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن ئاجايىپ ياخشى شارائىت ۋە كەڭ ئىمكانىيەتلەر يارىتىلغان تۇرسا، ئۆلمەس



ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يازالامسىز؟

بىزنىڭ ھازىرقى ئەدىب - شائىرلىرىمىز ئىچىدىن ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، تارىخىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، خەلقپەرۋەرلىكى جەھەتلىرىدە دۇنيادىكى مەشھۇر كلاسسىك داستانلاردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۇيغۇر «شاھنامە»سىنى يېزىپ چىقالايدىغان ئۇيغۇر فىرداۋسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى خەلقىم ئارزۇ قىلىۋاتقاندەك مەنمۇ تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتىمەن.

يېقىن كەلگۈسىدە (ھېچ بولمىغاندا 21 - ئەسىرنىڭ بېشىدا) ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىدىن تارتىپ يېقىنقى چاغقىچە بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىي دەۋرىنى ئەدەبىي تىل، بەدىئىي ئوبراز ۋاسىتىسى ئارقىلىق تەسۋىرلەيدىغان ئۇيغۇر «شاھنامە»سىنى يېزىپ چىقالايدىغان ئۇيغۇر فىرداۋسىسى دۇنياغا كەلسىدى، ئۇ چاغدا تارىخ ئالدىدا، ئەجدادلىرىمىز ئالدىدا، كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمىغان بولاتتۇق.

## قوشۇمچە: نەسەبنامىلەر

### 1) ئىران ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ نەسەبنامىسى

| | مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللار |
|---|---|
| 1. ئەھمان | 675 — 700 |
| 2. تىسپىس | 640 — 675 |

| | | |
|---|---|---|
| 3. | ئارىئارامنىس | 615 — 640 |
| 4. | قومبىز I | 559 — 600 |
| 5. | كەيخىسراۋ | 529 — 558 |
| 6. | قومبىز II | 521 — 529 |
| 7. | دارا I | 485 — 521 |
| 8. | شۇسىس | 465 — 485 |
| 9. | ئاتا شۇسىس I | 425 — 465 |
| 10. | دارا II | 404 — 425 |
| 11. | ئاتا شۇسىس II | 358 — 404 |
| 12. | ئاتا شۇسىس III | 338 — 358 |
| 13. | دارا III | 330 — 336 |

## 2) ئىران ساسانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ نەسەبنامىسى

(651 — 225)

مىلادى يىللىرى

| | | |
|---|---|---|
| 1. | ئەردەشىر | 240 — 225 |
| 2. | شاپۇر I | 275 — 240 |
| 3. | بەھرام | 282 — 275 |
| 4. | نارسېس | 337 — 283 |
| 5. | شاپۇر II | 379 — 337 |
| 6. | بەھرام IV | 399 — 388 |
| 7. | يەزدىگىر I | 420 — 399 |
| 8. | بەھرام گور | 440 — 420 |
| 9. | يەزدىگەر II | 457 — 440 |



| | | |
|---|---|---|
| 10. | پىروز | 485 — 458 |
| 11. | كەيقۇباد I | 531 — 487 |
| 12. | نوشىرۋان | 579 — 531 |
| 13. | ھورمۇزد IV | 590 — 579 |
| 14. | خىسراۋ پەرۋىز | 628 — 590 |
| 15. | كەيقۇباد II | 634 — 629 |
| 16. | يېزدىگەر III | 651 — 634 |

## 3) ئۇلۇغ سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ نەسەبنامىسى

مىلادى يىللىرى

| | | |
|---|---|---|
| 1. | توغرۇلبەگ | 1063 — 1040 |
| 2. | ئالپ ئارسلان | 1072 — 1063 |
| 3. | مەلىكشاھ | 1092 — 1072 |
| 4. | سۇلتان سەنجەر | 1158 — 1117 |

مەلىك شاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشلىرى باشلىنىپ، 25 يىلدىن كېيىن 1117 - يىلى سۇلتان سەنجەر ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان.

## «ئوغۇزنامە» داستانى ھەققىدە

«ئوغۇزنامە» داستانى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدە كەڭ تارقالغان، ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، قەھرىمانلىق ھەققىدىكى تارىخىي داستان بولۇپ، قەدىمكى چاغ-

دىن تارتىپ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، يېزىقلاردا خاتىرىلىنىپ كىتاب بولۇپ كەلگەن.

«ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان بىرنەچچە نۇسخىسى بار. بىرى ئىران تارىخچىسى رەشىددىدىن (13 ـ ئەسىردە ئۆتكەن)نىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىنىڭ II جىلدىدە بايان قىلىنغان نۇسخىسى. يەنە بىرى ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ (17 ـ ئەسىردە ئۆتكەن) «شەجەرەئى تۈركى» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسى. مېنىڭ مۇلاھىزە قىلىشىمچە، ھازىر بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى يازما نۇسخىسى بولۇپ، نۇسخا 13 ـ ئەسىردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا، تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن. «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ مانا شۇ نۇسخىسى ھازىر پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

«ئوغۇزنامە» داستانى نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋەقەلەرنى خەلق داستانلىرىغا خاس بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن تەسۋىرلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى، تۇرمۇشتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن.

بۇ داستان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىخىنى ئېتنوگرافىيىسىنى تەكشۈرۈش، ئەدەبىيات تارىخىمىزنى، ئەنئەنىمىزنى تەكشۈرۈپ ئۆگىنىش، شۇ زامانىدىكى تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىشىمىز، ھازىرقى زامانىدىكى ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئېلىشىمىزدا ناھايىتى قىممەتلىك رول ئوينايدۇ.



«ئوغۇزنامە» داستانى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە موللىقى، ئەدەبىيلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تىل خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى، بەدىئىي تۈزۈلۈشىنىڭ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلارلىقى، بەدىئىي ۋاستىلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، شېئىرىي خۇسۇسىيىتىنىڭ يىغىنچاق، يەڭگىل، راۋان، ئوبرازلىقلىقتا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خېلى بۇرۇنلا تۈركشۇناس ئالىملارنىڭ ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. 1815 ـ يىلى گېرمان ئالىمى دىيتىس بىرىنچى قېتىم «ئوغۇزنامە» داستانىدىن پارچىلارنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. خۇددى شۇ مەزگىلدە رادلوۋ بۇ ئەسەرنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسى، ترانسكرىپسىيىسى ۋە نېمىس تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىنى نەشر قىلىپ دۇنياغا ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ بىرقانچە يېڭى نەشرلىرى مەيدانغا كەلگەن. يېقىنقى يىللاردا «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ يېڭى تەرجىمىلىرى مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. 1959 ـ يىلى ئا. م. شىرباك «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ سىلاۋىيانچە ترانسكرىپسىيىسى ۋە رۇسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى. 1972 ـ يىلى ئىستانبۇلدا توغان تەرىپىدىن تەييارلانغان تۈركچە تەرجىمىسى نەشردىن چىقتى.

## «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ مەزمۇنى

«ئوغۇزنامە» داستانى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چاغلىرىدىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بو-

لۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ زامانىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇ-
سۇلى، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادلىرى،
بولۇپمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇلارنىڭ
تارىخىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىسى خاراكتېر-
لىككى «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخاننىڭ ناھايىتى ئۇ-
زاققا سوزۇلغان، مۇشەققەتلىك، غەلىبىلىك ھەربىي يۈ-
رۈشلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ بېشىدىلا ئوغۇزخاننىڭ
تاشقى قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن. ئارقىدىنلا خەلققە ھە-
مىشە ئاپەت سېلىپ تۇرغان ئورمانلىقتىكى «قىيات» نام-
لىق ۋەھشىي ھايۋاننى ياش ئوغۇزخاننىڭ ئۆلتۈرۈپ نام
چىقارغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. «قىيات» ناملىق ياۋايى
ۋەھشىي ھايۋاننىڭ تۇمشۇقىدا مۈڭگۈزى بار ئىكەن. بۇ
ھازىرقى زاماندا نەسلى ساقلىنىپ قالغان، نىپال ۋە ئاف-
رىقىدا ياشايدىغان بىر مۈڭگۈزلۈك (نىپالدىكىسى) ۋە
ئىككى مۈڭگۈزلۈك (ئافرىقىدىكىسى) كەركىدانىنىڭ دەل
ئۆزى.

ئوغۇزخان يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەندە، كۈنلەرنىڭ
بىرى تەڭرىگە سېغىنىپتۇ، شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت ئاس-
ماندىن بىر كۆك نۇر چۈشۈپتۇ، شۇ نۇر ئىچىدىن ئاجا-
يىپ بىر گۈزەل قىز چىقىپتۇ، ئوغۇزخان ئۇنىڭغا ئۆي-
لىنىپتۇ، ئۇ قىز ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئوغۇللارنىڭ تۇن-
جىسىغا كۈنخان، ئوتتۇرانچىسىغا ئايخان، كەنجىسىگە
يۇلتۇزخان دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

ئوغۇزخان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوۋغا چىققاندا، بىر



كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخنى كۆردى. شۇ دە-
رەخنىڭ سايىسىدا ئولتارغان بىر قىز كۆزگە چېلىقتى، قىز
يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، كۆ-
زى ئاسماندىن كۆكرەك، چېچى دەريا ئېقىنىدەك، چىش-
لىرى خۇددى ئۈنچىدەك ئىدى... ئوغۇزخان ئۇنى
كۆرۈپ ئەس - ھوشىنى يوقاتتى. يۈرىكىگە ئوت تۇ-
تاشتى، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئوغۇزخان بۇ قىز-
غىمۇ ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل تاپىدۇ. ئوغۇل-
لارنىڭ تۇنجىسىغا كۆكخان، ئوتتۇرانچىسىغا تاغخان،
كەنجىسىگە دېڭىزخان دەپ ئىسىم قويىدى.

ئوغۇزخاننىڭ ئىلاھى شىرلار يوشۇرۇنغان ئىككى قىز-
غا ئۆيلىنىشى «جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى. تۈركلەر ھەققىدە
قىسسە»دىكى ئاجايىپ بىر ئەپسانىنى كىشىنىڭ يادىغا سا-
لىدۇ. بۇ ئەپسانىدا مۇنداق دېيىلگەن: «... تۈركلەر-
نىڭ ئاتا - بوۋىسى سۇ دەپ ئاتىلىدىغان ئەلدىن
(يەنسەي ۋادىسىدا — ئا) بولۇپ، بۇ ئەل ھونلارنىڭ
شىمالىدا ئىدى. شۇ ئەلنىڭ خانىنىڭ ئىسمى ئاپا بەگ(؟)
بولۇپ ئۇن يەتتە بىر تۇغقان ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ
نامى ئىگىلىنساچۇر بولۇپ، ئۇ بۆرىدىن تۇغۇلغان ئىكەن،
ئىگىلىنساچۇر ناھايىتى ھوشيار، ئاجايىپ غەيرەتلىك ئى-
كەن. ئۇ خالىسا شامال چىقىرالايدىغان، يامغۇر ياغدۇ-
رالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە ئىكەن. ئۇ ئىككى قىزغا ئۆي-
لەنگەن، قىزلارنىڭ بىرى ياز ئىلاھىسىنىڭ، يەنە بىرى
قىش ئىلاھىسىنىڭ قىزى ئىكەن.»

تۈركلەرنىڭ ئاتا - بوۋىسى ھەققىدىكى بۇ ئەپسا-

نە «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇشى مۇمكىن.

داستاندىكى ۋەقەلەرنىڭ تىزمىسىدا ئوغۇزخان غەربكە يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىنى كۆرگەندە: «كۆك بۆرە چەك بەلگىمىز بولسۇن، تۆمۈر نەيزىلەر خۇددى بىر ئورمان بولسۇن، ئەتراپتا قۇلانلار يۈرسۇن، يەنە دېڭىز-دەريالار ئېقىپ تۇرسۇن، كۈن بىزگە تۇغ بولسۇن، ئاسمان چېدىرىمىز بولسۇن.» دەيدۇ.

ئوغۇزخان مۇشۇنداق چاقىرىقنى قىلىپ، غەربتىكى (ۋولگا دەرياسىنىڭ بويىدىكى — ئا) ئورۇمخان ئاتلىق خاننىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ ماڭىدۇ. ئوغۇزخان يۈرۈشكە ماڭغاندا ئۇنىڭغا كۆك يايلىلىق بىر ئەركەك بۆرە يول باشلاپ ماڭىدۇ. ئوغۇزخان ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ۋولگا بويىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئورۇمخان بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئورۇمخاننىڭ جىيەنى (ئورۇس بەگنىڭ ئوغلى — ئا) تاغ ئۈستىدىكى ئۆزى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان مۇستەھكەم شەھەرنى ئوغۇزخانغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. شەھەردە ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش بار ئىكەن. ئوغۇزخان بۇ شەھەرنى تاپشۇرغان ئورۇس بەگنىڭ ئوغلىغا «ساقلاپ» دەپ ئات قويىدۇ.

ئوغۇزخان يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىدىل (ۋولگا دەرياسى) دىن ئۆتىدىغان چاغدا، «ئۇلۇغ ئورۇ» دېگەن بىر بەگ، دەرەخلەرنى كېسىپ، سال ياساپ، سالغا قوشۇننى چىقىرىپ، ئىدىلنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكۈزىدۇ. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان ئوغۇزخان ئاشۇ بەگكە «سەن بۇ



يەردە بەگ بول، قىپچاق دېگەن بەگ سەن بولغىن» دېگەن.

ئوغۇزخان غەربتىن شەرققە قايتىپ كېلىۋېتىپ، مۇز تاغقا كەلگەندە ئۇنىڭ چەكدە مىنىدىغان بوز ئېتى قېچىپ، مۇز تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ بۇ ۋەقەدىن قايغۇغا چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن باتۇر بىر بەگ مۇز تاغ ئىچىگە بېرىپ، توققۇز كۈندىن كېيىن بوز ئاتنى تېپىپ كېلىدۇ. بۇ بەگنىڭ ئۈستىبېشىغا قار، مۇز يېپىشىپ كەتكەن. بەگنىڭ بوز ئاتنى تېپىپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولغان ئوغۇزخان، بەگنىڭ ئۈستىبېشىغا قاراپ، ئۇنىڭغا «قارلىق» دەپ ئات قويۇپ، ئۇنى شۇ يەرگە بەگ قىلىپ تەيىنلىگەن.

ئوغۇزخان يولدا كېلىۋېتىپ يوغان بىر ئۆينى كۆرىدۇ، «ئۆينىڭ تاملىرى ئالتۇندىن ئىدى، دېرىزىلىرى كۈمۈشتىن، ئىشىكلىرى تۆمۈردىن ئىدى. ئۆي قۇلۇپلاقلىق بولۇپ، ئاچقۇچى يوق ئىدى.» ئوغۇزخان تۆمۈر دوقاغول دېگەن بەگكە «سەن شۇ يەردە قال، ئۆينى ئاچ» دېگەن، ئۇنىڭغا «قالاچ» دەپ ئات قويغان.

داستاندىكى ۋەقەلەر ئىچىدە، ھارۋىنىڭ ياسىلىشى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوغۇزخان ئېلىگە قايتىشىدا جورجەت دېگەن ئەل بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى يېڭىپ خانىنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەددى-ھېسابسىز ئولجىلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ مېڭىشقا ئۇلاق يېتىشمەيدۇ. شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە بارماقلىق جۇسۇن بىلگە ئاتلىق ئادەم ھارۋا ياسىغان، باشقىلار ئۇ-

ىلگەندىن ئۆگىنىپ، ھارۋىلارنى ياساپ، ئۇنىڭغا ھايۋانلارنى قوشۇپ، نەرسە - كېرەكلەرنى يۆتكىگەن. ھارۋىلار ماڭغاندا «قانقا - قانقا» دېگەن ئاۋاز چىققان، بۇنى ئاڭلىغان ئوغۇزخان، ھارۋىنى ياسىغان بارماقلىق جوسۇن بىلگە دېگەن ئادەمگە: «ساڭا قانقالوق دەپ ئات قويۇلسۇن، بۇ ئات، ھارۋىنى ئەسلەتسۇن» دېگەن.

ئوغۇزخان ئەڭ ئاخىرىدا جەنۇبقا يۈزلىنىپ، ھىندى، تىبەت ئەللىرىنى بويسۇندۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەڭ جەنۇبتىكى باراقا دېگەن ئەلنىڭ مالىسار دېگەن خانىنى يېڭىپ ئۆز ئېلىگە قايتقان.

ئوغۇزخان ئۆز ئېلىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئوۋغا چىقىدۇ. ئوۋدىن قايتىپلا ناھايىتى چوڭ يىغىن چاقىرىدۇ. قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا ئۆتكۈزىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ... «شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان ئوغۇللىرىغا مەملىكەتنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. ۋە شۇنداق دەيدۇ: «ھەي ئوغۇللىرىم، مەن كۆپ ياشىدىم، ئۇرغۇن ئۇرۇشلارنى كۆردۈم، نەيزە ۋە ئوقلارنى كۆپ ئاتتىم، ئايغىر بىلەن كۆپ يول يۈردۈم، دۈشمەنلىرىمنى يىغلاتقۇزدۇم، دوستلىرىمنى كۈلدۈردۈم، كۆك تەڭرى ئالدىدا بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم، ئەمدى مەملىكەتنى سىلەرگە بېرىمەن.»

بۇنىڭدىن باشقا «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى مۇراسىم، رەسمىيەتلەردىكى موما ياغاچنىڭ بېشىغا قوندۇرۇلغان ئالتۇن، كۈمۈش توخۇ، موما ياغاچنىڭ تۈۋىدىكى ئاق، قارا قويلار، ھون، ئۇيغۇر، تۈرك خەلقلىرىنىڭ



قەدىمكى دىنىي ئېتىقادى بولغان شامان دىنىدىكى كۆك، قىزىل، ئاق، قارا رەڭدىكى نەرسىلەرگە بولغان ئەقىدىسىگە مۇناسىۋەتلىك.

## ئوغۇزخاننىڭ كىملىكى ھەققىدە

«ئوغۇزنامە» داستانىدىكى باش قەھرىمان ئوغۇزخان ھەققىدە ھېلىغىچە تالاش - تارتىشتا تۇرۇۋاتقان بىرقانچە خىل قاراشلار بار.

بەزى تارىخچىلار ئوغۇزخاننى تۈرك خەلقلىرى تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر تارىخىي شەخسلەردىن بىرى — ھون تەڭرىقۇتى — باتۇر تەڭرىقۇت (مىلادىيدىن 209 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 174 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان)نى ئوغۇزخاننىڭ دەل ئۆزى دېيىشسە، يەنە بەزى تارىخچىلار ھېچ قانداق بىر ئاساسقا تايانماستىن خىيالىي قىياس بىلەن ئىسكەندەرنى ئوغۇزخانغا ئوخشىتىدۇ. يەنە بەزى تارىخچىلار چىڭگىزخاننىمۇ ئوغۇزخانغا تاقاسلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزىلەر ئوغۇزخاننى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر بىر شەخسنىڭ ئوبرازى ئەمەس، ئۇ توقۇلغان بەدىئىي ئوبراز دېيىشىدۇ.

خىۋا خانى ئوبۇلغازى باھادىرخان (مىلادىنىڭ 1603 - يىلى تۇغۇلۇپ 1663 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «شەجەرەئىي تۈركى» دە ئوغۇزخان ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىدە، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىر قىسمىغا

«ئۇيغۇر» دېگەن نامنى بەرگەن دەيدۇ. بۇنىڭغا قارىغان-
دا ئوغۇزخاننىڭ مىلادىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلىكى ئېنىق،
چۈنكى ئۇيغۇرلار ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردا (مىلادى-
دىن بۇرۇن) تارىختا مەلۇم بولغان ئىدى. لېكىن ئو-
بۇلغازى تىلغا ئالغان ئوغۇزخان ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ
ئەمەلىي پاكىتقا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىشى ناتايىن.
رىۋايەت رېئاللىقنى ئاساس قىلىپ يارىتىلغان بولسىمۇ،
ئۇنىڭدا خىيالىي توقۇلمىلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي.
مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ بىر تارمىقى (قەدىمكى چاغدا)
بولغان ئوغۇزلار ھەققىدە توختالغاندا ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ
قىنىق، قايىغ، بايىندىر، ئىۋا، سالغۇر، ئابشار، بەگ
تىلى، بۈكدۈز، بايات، قارا بولۇق ... دىن ئىبارەت يى-
گىرمە ئىككى ئۇرۇققا بۆلۈنگەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ،
«بۇ ناملار ئۇ قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى بابالىرىنىڭ
ئىسمىدۇر» دەيدۇ.
مەن باشتا ئوغۇزخاننىڭ ئىككى ئايالىدىن ئالتە ئو-
غۇل (ھەر بىر ئايالى ئۈچتىن ئوغۇل تۇغقان) تاپ-
قانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىدىم. ئىران تارىخچىسى رەشىدىد-
دىننىڭ مەلۇماتىدا، ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ 24 ئۇرۇق-
تىن ئىبارەت ئىكەنلىكى، بۇ ئۇرۇقلار ئوغۇزخاننىڭ ئالتە
ئوغلىنىڭ (ھەر بىر ئوغلىنىڭ تۆتتىن ئوغلى بار ئىدى)
ئوغۇللىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.
«ئوغۇزنامە» داستانىدا، ئوغۇزخاننىڭ كۈن، ئاي،
يۇلتۇز ئاتلىق ئۈچ ئوغلى شەرق تەرەپكە بېرىپ، ئۇۋ



ئۇۋلىغاندا بىر ئالتۇن ياينى تېپىپ ئالغان. ئۇنى ئاتىسىغا
بەرگەن، ئوغۇزخان ئالتۇن ياينى ئۈچكە بۆلۈپ، كۈن
خان، ئاي خان، يۇلتۇزخانغا بەرگەن. بۇ ئوغۇللارنىڭ
12 ئوغلىغا «بۇز ئوقلار» دەپ نام بېرىلگەن. چۈنكى
ئوغۇزخان ياينى ئۈچكە پارچىلاپ (بۇزۇپ) ئۈچ ئوغلىغا بەرگەن
ئىدى. ئوغۇزخاننىڭ كۆك، تاغ، دېڭىز ئاتلىق ئۈچ ئوغ-
لىمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوۋغا چىققاندا، يولدا ئۈچ كۈ-
مۈش ئوق تېپىپ ئالدى. ئوقلارنى دادىسىغا ئەكېلىپ
بەردى. ئوغۇزخان ئۈچ كۈمۈش ئوقنى كۆك خان، تاغ
خان، دېڭىزخانغا بىردىن بەردى. بۇ ئوغۇللارنىڭ 12
ئوغلىغا «ئۈچ ئوقلار» دەپ نام بېرىلگەن. داستاندا ئو-
غۇزخان قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلغاندا، ئۇنىڭ
ئوڭ تەرىپىدە بۇز ئوقلار، سول تەرىپىدە ئۈچ ئوقلار
ئولتۇرغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.
رەشىدىددىننىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن ئوغۇز قەبىلىسى-
نىڭ 24 ئۇرۇقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى تۆۋەندىكىچە كۆرىمىز:
بۇز ئوقلار:
1. كۆكخاننىڭ ئوغۇللىرى: 1) قاي (مەھكەم) 2)
بايات (دۆلەتلىك) 3) ئالقا ئىۋلى (ھەممە يەردە غە-
لىبە قىلىدۇ) 4) قارا ئىۋلى (قۇرۇقلۇقتا راۋاج ماڭىدۇ)
2. ئايخاننىڭ ئوغۇللىرى: 1) يازىر (كۆپ جاي-
لارغا ھۆكۈمران بولىدۇ) 2) دوكىر (ياشاش ئۈچۈن بىر
يەرگە توپلىنىدۇ) 3) دو - دورغا (يۇرت ئالىدۇ ۋە
تەرتىپكە سالىدۇ) 4) ياپارلو (بۇنىڭ ئەسلى ئىسمى
ياغما ئىدى، ئۇنى جازالاش ئۈچۈن، شامالنى توسا، دېدى)

3. يۇلتۇزخاننىڭ ئوغۇللىرى: 1) ئاۋشار (ئىشقا چاققان، ئوۋچى) 2) قىزىق (كۈچلۈك، ئۇرۇشقا ماھىر) 3) بېگدىلى (ئۇلۇغلارغا ئوخشاش ئېزىز) 4) قارقىن (ئاشلىقى كۆپ ۋە خەلقىنى تويغازغۇچى).

ئۈچ ئوقلار:

1. كۆكخاننىڭ ئوغۇللىرى: 1) بايىندىر (دائىم باياشات ياشايدۇ) 2) بېچىنە (ياخشى، غەيرەتلىك) 3) چاۋۇلدۇر (كېشىلەرگە ياردەم بېرىدىغان، جەڭگىۋار) 4) چېپنى (دۈشمەن بولسىلا ئۇرۇشىدىغان)

2. تاغخاننىڭ ئوغۇللىرى: 1) سالور (قىلىچ، چوماق بىلەن ئۇرۇشىدىغانلار) 2) ئەيمۇر (ئەسكىرى كۆپ، باي) 3) ئالايونتلى (چارۋا ماللىرى كۆپ) 4) يۈزىگىر (ھەمىشە ياخشى ئىش قىلغۇچى)

3. دېڭىزخاننىڭ ئوغۇللىرى: 1) يىكدىر (ياخشى ۋە چوڭ) 2) بۈگدۈز (ھەممە كىشىگە يارىغۇدەك خىزمەت قىلغۇچى) 3) ئىۋا (ئارغىماق مىنىدىغان، ھۈنەرگە ماھىر) 4) قىنىق (ھەممە يەردە ئېزىز)

جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدىن «تارىخنامە» بىلەن «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى»دىكى «ھونلار ھەققىدە قىسسە» بابلىرىدا ئوغۇزلار («تارىخنامە»دا خۇجې 呼揭 — «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى»دا ۋۇجيې 乌揭 دەپ يېزىلغان) تىلغا ئېلىنىدۇ. پروفېسسور ماچاڭشۇ ئەپەندىمنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، مانا شۇ ئوغۇزلار مىلادىيىدىن بۇرۇن تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدا (ھازىرقى جۇڭغار دالىسىدا) ياشى-



غان. دېمەك جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئوغۇزلار، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ (بايقال، تاشقى موڭغۇلىيەدە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ) بىر تارمىقى ئىدى.

پروفېسسور ماچاڭشۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئوخۇ — 乌护 (ياكى ئوخې 乌纥) ئەسلىدە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا ياشىغان ئوغۇزلارنىڭ ئۆزى، ئۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇجې دەپ ئاتالغان بولسا، سۈي سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (618—907) ئوخۇ ياكى ئوخې دەپ ئاتالغان.»

«سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بابىدا: 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقتە قىدىرقان تاغلىرى (ھازىرقى خىنگان تاغلىرى — ئا) بايقال كۆلى، سېلىنگا، ئورخۇن توغلا دەريالىرىنىڭ بويلىرىدىن تارتىپ غەربتە دىنېپر دەرياسى بىلەن قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغىچە بولغان چەكسىز زېمىندا ياشاپ تۇرغان قىرىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نامى، جايلاشقان ئورۇنلىرى ھەققىدە ئېنىق، ئىنچىكە مەلۇمات بېرىلگەن. شۇنىڭدا: «... قومۇلنىڭ غەربىدىن تارتىپ، قارا شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئاق تاغ (تەڭرى تېغى — تا) ئەتراپلىرىدا ... ئوغۇزلار ياشايدۇ.» دېيىلگەن.

8 - ئەسىردە ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانى قۇتلۇق بىلگە خاقان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بايانچۇرنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان مەڭگۈ تاشنىڭ شىمالىي يۈزىدىكى 3 - قۇردا، بىلگە خاقاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىن

ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىزىملەنگەن. يەنە شۇ مەڭگۈ تاشنىڭ يۈزىدىكى 5- قۇردا «مەن ئۆز خەلقىم توققۇز ئوغۇزلارنى توپلىدىم» دېيىلگەن.

جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى (618—907) نىڭ يىلنامىسى «يېڭى تاڭ يىلنامىسى، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «تاڭ پارچىلىرى توپلىمى» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىدىكى (مىلادىنىڭ 646 - يىلىدىن 845 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز نامى بىلەن ئاتالغان قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى تۆۋەندىكىچە.

### ئون ئۇيغۇر

1. ياغلا قار (خاقان چىققان قەبىلە) 药罗葛
2. تۇرلام ئۇبىيور 咄罗勿
3. بوقاسىقىر 貊歌息论
4. قۇتتۇرغۇر 胡咄葛 (ياۋروپا ھونلىرىنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ نامىمۇ شۇنداق ئىدى)
5. ئاۋچاغ 阿勿嘀
6. ھازار 葛萨
7. خوتۇرسۇ 斛嗢素
8. ياغما (؟) 药勿葛
9. ئاياۋىر 奚耶勿
10. ئادىز 阿跌



### توققۇز ئوغۇز

1. ئۇيغۇر 回纥
2. خۇن 浑
3. تۇڭرا 同罗
4. بوكۇ (ئىبىل قەبىلە) 仆固
5. بايىرغۇ 拔野古
6. ئىسكە 思结
7. جىبىنى 契苾
8. قارلۇق 葛逻禄
9. باسمىل 拔悉蜜

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن بىر قاتار پاكىتلارغا قارىغاندا قانداق بولمىسۇن ئوغۇزخان دېگەن شەخسنىڭ مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا تارىختا ئۆتكەنلىكى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆز ئادىتى بويىچە (مەھمۇت قەشقەرى ئېيتقىنىدەك) ئۆز قەبىلە ئۇرۇقلىرىغا قەدىمكى مەشھۇر بابالىرىنىڭ نامىنى قويىدىغانلىقىغا گۇمان قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ئاندىن قالسا قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر شەخسلەردىن كىمنى ئوغۇزخان دەپ ئېيتىش مۇمكىن؟

مېنىڭچە، ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىتلار بويىچە قۇدرەتلىك ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ (مىلادىدىن 240 يىل بۇرۇن قۇرۇلۇپ مىلادىنىڭ 216 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) تەڭرىقۇتلىرىدىن باتۇر تەڭرىقۇتنى (مىلادىـ

دىن 209 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 174 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) ئوغۇزخاننىڭ ئۆزى دېيىشكە بولىدۇ.

مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن ھازىرقى شەرقىي شىمال (قارا مورەن ۋە لياۋخې ۋادىلىرىدا) موڭغۇل ۋە مانجۇ خەلقلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىسى بولغان تۇڭگۇسلار (东胡) نىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى بار ئىدى. شۇ مەزگىلدە بايقال كۆلىنىڭ غەربىي ۋە سېلىنغا ۋادىسىدا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ (جۇڭگو تارىخچىلىرى «تۇرا» — «丁零・铁勒» دەپ يېزىشقان — ئا) قەبىلە ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان دۆلىتى بار ئىدى. چوغاي تاغلىرىنىڭ (ھازىرقى داچىڭشەن تاغلىرىنىڭ — ئا) شىمالى ۋە جەنۇبىدا (ھازىرقى ئوردوس يايلىقىدا) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان ھونلارنىڭ دۆلىتى بار ئىدى.

ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، «ھون» سۆزى «كۈن» سۆزىدىن كېلىپ چىققان. قەدىمكى زاماندا پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. شامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، «كۈن تەڭرىسىگە» ئېتىقاد قىلىش ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان. شۇنىڭغا بىنائەن «ھونلار» ئۆزلىرىنى «كۈنلەر» دەپ ئاتاشقان. مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن ھون تەڭرىقۇتلىرى جۇڭگونىڭ خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىغا يازغان مەكتۇبىدا: «كۆك تەڭرىسى بىلەن يەر تەڭرىسى تەرىپىدىن ھايات بېرىلگەن، كۈن تەڭرىسى بىلەن ئاي تەڭرىسى تەرىپىدىن تەختكە چىقـ



ـرىلغان ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتى خەن پادىشاھىنىڭ سالامەتلىكىنى كامال ئېھتىرام بىلەن سورايدۇ...» دېيىلگەن. مانا شۇ پاكىتقا قارىغاندا، ھونلار «كۈن تەڭرىسىگە» ئالاھىدە چوقۇنغان. دېمەك «كۈن» سۆزىنىڭ «ھون» سۆزىگە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنسەك بولىدۇ.

ھونلار مىلادىدىن 240 يىل بۇرۇن ناھايىتى قۇدرەتلىك ھون تەڭرىقۇتلۇقىغا ئاساس سالغان بولسا، تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ (مىلادىدىن 240 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) ئوغلى باتۇر تەڭرىقۇت (تەڭرىقۇت خۇدانىڭ ئوغلى، خۇدا بەرگەن بەخت دېگەن مەنادا) نىڭ زامانىسىدا (مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 174 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) ھون تەڭرىقۇتلۇقى ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر دۆلەتكە ئايلانغان ئىدى. شۇ مەزگىلدە ھونلار ئاسىيانىڭ دۆلەت سەھنىسىدە شىددەتلىك ھۆكۈم سۈرۈپ تۇراتتى.

جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدا («تارىخنامە» ۋە «خەننامىسى»دە) مودون دەپ يېزىلغان («باتۇر» سۆزى «مودون» دەپ يېزىلغان) ياۋروپا تارىخچىلىرى «مودون» سۆزىنى خاتا تەلەپپۇز قىلىپ، «مىتە» دەپ تىلغا ئالغان. ھون تەڭرىقۇتى — باتۇر تەڭرىقۇت، تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. تۈمەن تەڭرىقۇت دەسلەپ باتۇرنى ئۆزىنىڭ تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىگەن بولسىمۇ، كېيىن كىچىك بىكەسى (خانىشى، ئالچىسى — ئا) دىن تۇغۇلغان كىچىك ئوغلىنى ۋارىس قىلىش نىيـ

تىڭگە كەلگەن. شۇڭا تۈمەن تەڭرىقۇت قەدىمكى زامان دىپلوماتىيىسىنىڭ قائىدىسىگە بىنائەن، باتۇرنى مىلادىدىن 220 يىل بۇرۇن كەڭسۇدا ياشايدىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار خانلىقىغا گۆرۈگە ئەۋەتىپ بەرگەن. بۇ ئىشقا باتۇر قاتتىق نارازى بولغان.

تارىخىي پاكىتلار بويىچە ھۆكۈم قىلغاندا، گۆرۈگە ئەۋەتىلگەن خانزادىلارنىڭ ھاياتى پاجىئەلىك تەقدىرگە ئۇچرايتتى. ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىلەرنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا كاپالەت قىلىش ئۈچۈن دۆلەتلەر ئۆزئارا خانزادىلەرنى بىر-بىرىگە گۆرۈگە ئەۋەتەتتى. تولا چاغلاردا ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىلەر بۇزۇلاتتى. شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە گۆرۈگە ئەۋەتىلگەن خانزادىلەر ئۆلتۈرۈلەتتى. باتۇر ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك ئەھۋالنىڭ تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ھونلار بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار مۇناسىۋىتىدىكى ئەھۋالنىڭ يۈزلىنىشىنى تىڭشىلاپ، ئەھدىنامىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇرۇش بولۇشقا يېقىنلاشقان ھامان ئۇلۇغ ياۋچىلاردىن قېچىپ كېتىشكە تەييارلىنىپ تۇرغان.

ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەننىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، خۇددى باتۇر مۆلچەرلىگەندەك، ھونلار بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامە بۇزۇلىدۇ. تۈمەن تەڭرىقۇت ئۇلۇغ ياۋچىلارنى تارمار كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوشۇن ماڭدۇرىدۇ. باتۇر، ھون قوشۇنلىرى يېقىن كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ خانى مىنىدىغان تۇلپار ئاتنى مىنىپ ئۇلۇغ ياۋچىلاردىن قاچىدۇ.



ئۇ، ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ كەڭسۇ (ھازىرقى گەنسۇ) دىكى پايتەختى سانىدىبىلىدىن (ھازىرقى جاڭيى ئەتراپىدا) چىقىپ، سۇسىز چۆل، خەتەرلىك دالىدىن ئۆتۈپ، ساق-سالامەت ھونلارنىڭ پايتەختىگە (ھازىرقى كۆكخوتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان تەڭرى بالىقىغا) يېتىپ كېلىدۇ.

تۈمەن تەڭرىقۇت ئوغلىنىڭ ئاجايىپ ھوشيار، باتۇر، قەيسەرلىكىگە ھەيران قىلىپ، ھون ئاتلىقلىرىدىن مەشق قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا بۇيرۇيدۇ. باتۇر ئۆزى يېتىشتۈرگەن بىر قىسىم ئاتلىق قوشۇنىغا تايىنىپ، ئەپلىك بىر پەيتتە (ئېھتىمال ئوۋغا چىققان پەيت بولسا كېرەك) ئاتىسىنى، ئۆگەي ئانىسىنى، ئۆگەي ئۇكىسىنى، ئۆزىگە ياقمايدىغان ھون بەگلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. باتۇر مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇن تەڭرىقۇت بولىدۇ. باتۇر تەڭرىقۇت 10 يىل ئىچىدە (مىلادىدىن بۇرۇن 209—200) تۇڭگۇسلارنى، كەڭسۇدىكى ھازىرقى «گەنسۇ» ئاتالغۇسى «كەڭسۇ» ئاتالغۇسىدىن كېلىپ چىققان) ئۇلۇغ ياۋچىلارنى، بايقال كۆلىنىڭ غەربى، سىلىنغا دەرياسىنىڭ ئاياق ئېقىنىدا ياشايدىغان شەرقىي ئۇيغۇرلارنى، يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدا ياشايدىغان قىرغىزلارنى ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنى بويسۇندۇرىدۇ. شۇ مەزگىلنىڭ ئاخىرىدا (مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇن) خەن سۇلالىسىنىڭ (مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇن-

قى چاغدىن مىلادىنىڭ 220 يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) تۇنجى پادىشاھى خەن گاۋزۇ (لىيۇباڭ) باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە يۈزمىڭ قوشۇننى داتۇڭ شەھىرىنىڭ (ئىچكى موڭغۇلىيىدە) شەرقىدىن 17 يول يىراقلىقتىكى جايدا قورشىۋالىدۇ. قورشاۋ يەتتە كېچە - كۈندۈز داۋام قىلىدۇ. ھونلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ كېتىشكە تاس - تاماس قالغان خەن گاۋزۇ، ۋەزىرى چېن پىڭنىڭ مەسلىھەتى بويىچە باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسىغا (قەدىناس بىكەسىگە) مەخپىي ھالدا نۇرغۇن ئالتۇننى پارا بېرىپ، ھون بىكەسىنىڭ ياردىمى بىلەن قورشاۋدىن ئوغرىلىقچە چىقىپ، قېچىپ كېتىدۇ. خەن گاۋزۇ چاڭئەنگە يېتىپ كېلىپلا دەرھال باتۇر تەڭرىقۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ھونلار تەرىپىدىن قويۇلغان ئېغىر شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپ ئەھدىنامە تۈزىدۇ. ئەھدىنامىگە بىنائەن خەن پادىشاھى ماۋچۈن ئاتلىق خەنزۇ مەلىكىسىنى باتۇر تەڭرىقۇتقا ياتلىق قىلىدۇ. بۇندىن تاشقىرى خەن سۇلالىسى ھونلارغا ھەر يىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا ئالتۇن، تاۋار - دۇردۇن، ئاشلىق، ئېچىتقۇ (ھاراق ئېچىتقۇسى) قاتارلىق نەرسىلەر ئارقىلىق ياساق تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

باتۇر تەڭرىقۇت يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان غەلىبىلىك يۈرۈشلىرىدىن كېيىن قۇدرەتلىك ھونلار دۆلىتىنى ھەر جەھەتتىن مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىش ئىشلىرىغا بەل باغلىدى. باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 177 يىل بۇرۇن پۇختا تەييارلىقتىن كېيىن غەربكە يۈرۈش باشلىدى. ئۇ، يۈرۈشلىرىدە يەتتە سۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە باردى.

باتۇر تەڭرىقۇت غەربكە قىلغان غەلىبىلىك ھەربىي يۈرۈشىدىن قايتىپ كېلىپ، مىلادىدىن 176 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋېندى (مىلادىدىن 179 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 157 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە پادىشاھ بولغان)غا يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېگەن:

«لولان (پىچان خانلىقى—ئا) ئۇيسۇن خانلىقى، ئوغۇزلار (بۇ شۇ چاغدا، چۆچەك ۋە زايسان ئەتراپىدا ياشايتتى — ئا)نى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 دۆلەتنى ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئالدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھونلار دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىردى. ئوقيا كۆتۈرگەن خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە بولۇپ بىرلەشتى.» ①

مانا شۇ چاغدا ئۇلۇغ ھون دۆلىتى ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر باسقۇچقا يەتكەن تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقى ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغا، غەربى كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە بارغان ئىدى. دېمەك تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تارىخ سەھنىسىدە ئوينىغان ئۇلۇغ رولىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى ئوغۇزخاننىڭ پائالىيەت دائىرىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

بەزى تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، باتۇر تەڭ-

① «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. ھونلار ھەققىدە قىسسە»گە قارالسۇن—ئا.

رىقۇتىنىڭ چىرايى ئاق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئوغۇزخان دەپ ئاتىغان دېيىشىدۇ. جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدا ھونلارنىڭ بوي تۇرقى ھەققىدە ئاز - تولا مەلۇمات بېرىلگەن بولسىمۇ («خەننامە. جۇڭمىدى ھەققىدە قىسسە») چىرايىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات بېرىلمىگەن. لېكىن «كونا تاڭ يىلنامىسى، قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە» دە يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشىغان قىرغىزلارنى: «يېزىق، تىل جەھەتتىن ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش. ئۇلارنىڭ چاچلىرى قىزىل، كۆزلىرى كۆك، چىرايى ئاق» دەپ خاتىرىلەنگەن.

8 - ئەسىردە ئۆتكەن شائىر لى روەن: ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئوينىغان ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىنى ئەسلىتىپ يازغان شېئىرلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ چىراي - ئۆڭلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

لياڭجۇنىڭ ئۇيغۇرلىرى قايناپ ئۇسسۇل ئوينىغان،
بۇرنى ئىلمەك، ئەتلىرى ئاپئاق قاش تېشى سىمان.

يۇقىرىدا كەلتۈرگەن ئىككى مىسالدىن، ھونلار بىلەن قانداشلىقى بولغان قىرغىز، ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايىنىڭ ئاقلىقى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، قەدىمكى ھونلارنىڭمۇ چىرايى ئاق بولغان. بۇنىڭغا يەنە بىر مىسال كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ: مىلادىنىڭ 5 - ئەسىرىنىڭ بېشىدا (420 - يىلى) ئارال كۆلىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىن كەلگەن ھونلار (ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ بىر قىسمىمۇ ھونلارنىڭ ئىچىدە) باكتىرىيىنى بېسىپ ئالغان. ھىندىستان-



نىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، كۇشانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقاتقان. 6 - ئەسىردە ياشىغان روما تارىخچىسى فىروكوفىس ئەينە شۇ ھونلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چىرايىنىڭ ئاق سۈزۈكلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئاق ھونلار دەپ يازغان. مانا شۇ ئاق ھونلار تارىختا ئېفتالىتلار دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇرغان. مانا شۇ پاكىتلارغا قارىغاندا باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ چىرايىنىڭ ئاق بولغانلىقىدىن، ئۇنى ئوغۇزخان دەپ ئاتىغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئوغۇزخان توقۇلغان ئوبراز دېگەن مەسىلە ھەققىدە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تارىخىي پاكىتلار بويىچە ھۆكۈم قىلغاندا، ئوغۇزخان دېگەن شەخس ئۆتكەن. ئۇ توقۇلغان ئوبراز ئەمەس.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزى تارىخچىلار چىڭگىزخاننى، يەنە بەزى تارىخچىلار ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەرنى ئوغۇزخانغا تاقاسلايدۇ. چۈنكى نۇرغۇن تۈرك قەبىلىلىرىگە ئات قويغان ئوغۇزخان ئىكەنلىكى «ئوغۇزنامە» داستانىدا بايان قىلىنغان. شۇڭا ئوغۇزخان تەرىپىدىن «ئۇيغۇر»، «قارلۇق»، «قىپچاق»، «قالاچ» دەپ قويۇلغان ناملارنىڭ بەزىسى مىلادىدىن بۇرۇن، بەزىسى مىلادىنىڭ 7 - ئەسىردە تىلغا ئېلىنىدۇ. چىڭگىزخان 13 - ئەسىردە ئۆتكەن شەخسغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئوغۇزنامە» داستانىدا تۈرك خەلقلىرىنىڭ تۆتېم ئېتىقادلىرى، ئۆرپ-

ئادەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان. چىڭگىزخان زامانىسىدىكى موڭغۇللار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ، ئۇلار بۆرىنى توتېم قىلغان ئەمەس.

ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەرنى ئوغۇزخانغا ئوخشىتىش ناھايىتى كۈلكىلىك، ئەخمىقانە بىر ئىش.

ھازىر دۇنيادىكى كۆپلىگەن تارىخچىلار باتۇر تەڭرىقۇتنى ئوغۇزخاننىڭ ئۆزى دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

### ئوغۇزخاننىڭ يۈرۈشلىرىگە يول باشلىغان بۆرە

«ئوغۇزنامە» داستانىدىكى كۆك يايلىلىق بۆرىنىڭ ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدە يول باشلىشى قەدىمكى چاغلاردا ئۇيغۇر، تۈركلەرنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

«ۋى سۇلالىسى يىلنامىسى، ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە»دە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئاجايىپ بىر ئەپسانە خاتىرىلەنگەن: «ئېگىز ھارۋىلىقلار قەدىمكى قىزىل تۇرالارنىڭ نەسلىدىن ئىدى.» ... ھون تەڭرىقۇتىنىڭ بىككەسى (خانىشى — ئا) ئىككى قىز تۇغقان، بۇ قىزلار ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. ھونلار ئېلىدىكى كىشىلەر ئۇ قىزلارنى پەرىزات دېيىشىدىكەن. ھون تەڭرىقۇتى: «قىزلىرىم قانداق كىشىلەر بىلەن جور بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇلار تەڭرى بىلەن جورىلاشسا بولىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ھون تەڭرىقۇتى



ھونلار ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم قەدىمى يەتمىگەن جايغا تاملىرى ئېگىز بىر قورغان سالدۇرۇپتۇ. قىزلارنى قورغانغا جايلاشتۇرۇپ، «قىزلارنى تەڭرىنىڭ ئۆزى كېلىپ قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپتۇ. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قىزلارنىڭ ئانىسى ئۇلارنى سېغىنىپ كەتكەنلىكىدىن قىزلىرىنى كۆرمەكچى بوپتۇ. تەڭرىقۇت: «بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن» دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندە، بىر قېرى ئەركەك بۆرە پەيدا بولۇپ، قورغاننى ياقىلاپ ھۇۋلايدىغان بوپتۇ. بۆرە قورغان تېمىنىڭ تۈۋىنى كولاپ ئۇۋا ياساپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ، بۆرە كەتمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ كىچىكى ئاچىسىغا: «دادام بىزنى مۇشۇ قورغانغا جايلاشتۇرۇپ قويغاندا، تەڭرى بىلەن جور بولۇشىمىزنى ئارزۇ قىلغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۆرە پەيدا بولدى. ئۇ بىر ئىلاھى مەخلۇق ياكى بۆرە قىياپىتىدە كەلگەن تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر» دەيدۇ ۋە قورغاندىن چىقىپ بۆرىگە جور بولماقچى بولىدۇ. سىڭلىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئاچىسى قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ «بۇ ھايۋان تۇرسا ئۇنىڭغا جور بولمەن دېيىش ئاتا-ئانىمىزغا قىلىنغان ھاقارەت!» دەيدۇ. سىڭلىسى ئاچىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي بۆرىنى شۇ قىياپەتتە كەلگەن تەڭرى دەپ تونۇپ، قورغاندىن چىقىدۇ. بۆرىگە جور بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بالا تۇغىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادى كۆپىيىپ، بىر دۆلەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ».

بۇ ئەپسانىدا تىلغا ئېلىنغان ئېگىز ھارۋىلىقلار شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئۇلار ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن 6 – ئەسىردىكى تارىخچىلار ئۇيغۇرلارنى ئېگىز ھارۋىلىقلار دەپ يېزىشقان.

ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىكى باشلانغۇچ دىنىي ئېتىقادلىرىنىڭ بىرى بولغان تۇتېم، باشلانغۇچ ئۇممۇلۇك (كوممۇنا) دەۋرىدە ياشىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىدە بولغان، لېكىن دۇنيادىكى جايلارنىڭ يەر شارائىتى (چۆللۈك، تاغلىق، ئورمانلىق، تۈزلەڭلىك) ھاۋاسى (قۇرغاق، نەملىك، مۆتىدىل، ئىسسىق، سوغۇق) ھەر خىل بولغانلىقتىن، ھەر خىل تارىخىي، تەبىئىي ھادىسىلەرنىڭ تەسىر قىلىشىدىن، ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئېتىقاد قىلغان تۇتېملىرىمۇ ھەر خىل بولغان. مەسىلەن، ھىندىلارنىڭ كالا، پارسلارنىڭ شىر، خەنزۇلارنىڭ ئەجدىھا بولغىنىغا ئوخشاش.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەپسانىنىڭ يەنە باشقىچىراق بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ ئىككى قىزنىڭ بۆرىگە جۈر بولغانلىقى، بىرىدىن ئون ئۇيغۇر، يەنە بىرىدىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تۆرەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئەپسانە بىر تەرەپتىن ھونلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قان – قېرىنداشلىقىنى ئىلاھلاشقان بىر ۋەقە بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر، تۈركلەرنىڭ بۆرىنى تۇتېم قىلىپ، كۆك تۈرك خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 551 – يىلىدىن 744 – يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر – ئورخۇن خاقانلىقى (مىلادىنىڭ



647 – يىلىدىن 845 – يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەۋرىدە شۇ خاقانلىقلارنىڭ ئالتۇن ھەل بىلەن، بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن، كۆك شايى بايراقنى دۆلەت بايرىقى قىلىشى، ئوردىنى قوغدايدىغان قاراۋۇللارنى «بۆرە» دەپ ئاتىشى بۇ تەسادىپىي ئەھۋال ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى بەزى ناملار

ئوغۇزخان ئىدىل (ھازىرقى ۋولگا دەرياسى)دا ئۇرۇم خاننى تارمار قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇس بەگنىڭ ئوغلىغا «ساقلاپ» دەپ نام بەرگەن. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، رۇسلارنىڭ ئەجدادى بولغان سىلاۋيانلارنىڭ نامى «ساقلاپ» دېگەن نامدىن كېلىپ چىققانمىش. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزگەن خەرىتىسىدە: يۇمىلاق دائىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان قەبىلىلەر تىزىمىنى بەرگەندە، رۇس ساقلابە («رۇس سەقالىبە») دېگەن بىر قەبىلىنىمۇ يازىدۇ.

ئوغۇزخان ئىدىل دەرياسىدىن ئۆتۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇلۇغ ئورو دېگەن بىر بەگكە «قىپچاق» دەپ ئات قويغان. قىپچاق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى.

«شەجەرەئى تۈركىي»دە، «قىپچاق» ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇزخان بىر دەريا بويىدا بولغان بىر جەڭدىن قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ باتۇر بەگلىرىدىن بىرىنىڭ ئېغىر ئاياغ بولۇپ

قالغان خوتۇنىنىڭ ئەرسىز يوقالغانلىقىنى بىلىدۇ. ئوغۇز-
خان يوقالغان خوتۇننى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن جەڭ بول-
غان جايغا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئوغۇزخان ئەۋەتكەن ئادەملەر
سىر دەريا (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر دەريا — ئا)نىڭ بويى-
دىكى قېلىن ئورمانلىقتىن يوقالغان خوتۇننى تاپىدۇ.
ئېغىر ئاياغ خوتۇن ئىچى كاۋاك بىر چوڭ دەرەخنىڭ
ئىچىگە كىرىپ ئوغۇل تۇغقان. خوتۇننى شۇنداق ئەھ-
ۋالدا تاپقان ئادەملەر ئۇنى بوۋاق ئوغلى بىلەن بىللە
ئوغۇزخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. بۇ ئەھۋالدىن خە-
ۋەر تاپقان ئوغۇزخان يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئوغلىغا
«قىپچاق» دەپ ئات قويغان. «قىپچاق» سۆزى «قىسىل-
چاق» مەنىسىنى بېرىدىغان سۆز بولۇپ، ئىچى
كاۋاك دەرەخنىڭ قىسىلچىقىدا تۇغۇلغان ئوغۇلغا شۇنداق
ئات قويۇلغان.

قىپچاق چوڭ بولۇپ، دادىسى خانلىق قىلغان چوڭ
قەبىلىگە بەگ بولغان. مانا شۇ قەبىلە ئۆزىنى، ئۆزخانى-
نىڭ نامى بىلەن قىپچاق دەپ ئاتىغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «قىپچاق» ئاتالغۇسىنىڭ
ئىچى كاۋاك مەنىسى ھەققىدە سۆز يوق، لېكىن «تۈركىي
تىللار دىۋانى»دا قىپچاقلارنىڭ يۇرتىدا ياشايدىغان بىر ھاي-
ۋان توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. شۇ مەلۇماتقا قارىغاندا،
قىپچاقلارنىڭ يۇرتىدا گەۋدىسى چوڭ «بۇلان» دېگەن ھاي-
ۋان ياشايدىكەن. بۇ ھايۋاننىڭ ئۇچى ئاسمانغا قارايدى-
غان، ئىچى كاۋاك بىر مۈڭگۈزى بار ئىكەن، قار، يامغۇر
سۇلىرى ئۇنىڭغا يىغىلىپ قالىدىكەن. بۇلانلار، بىر-



بىرىنىڭ مۈڭگۈزىدىن سۇ ئىچىدىكەن. قىپچاق سۆزىنىڭ
مەنىسى ھەققىدىكى قىياسلار شۇ ھادىسە بىلەن باغلىق
بولسا كېرەك.①

قىپچاق سۆزىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار شۇنىڭدىن
ئىبارەت. بۇ مەلۇماتلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن
كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىزلىنىش كېرەك.

«ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخان قارلۇق دېگەن
نامنى ئۆزىنىڭ بوز ئايغىرىنى قارلىق تاغ ئىچىدىن تې-
پىپ كەلگەن باتۇر بىر بەگكە قويغانلىقى، ئۇنى شۇ
يەرگە بەگ قىلغانلىقى ئېيتىلغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قا-
رىغاندا قارلۇق خان بولغان قەبىلە ئۆزلىرىنى قارلۇقلار
دەپ ئاتىغانلىقى ئېنىق.

«يېڭى تاڭ يىلنامىسى، قارلۇقلار ھەققىدە قىسسە»
دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، قارلۇقلار ئەڭ بۇرۇنقى
چاغدا ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدە (تارباغاتاي ئەتراپى-
دا — ئا) ياشىغان. ئۇلار، سابەگ، بويلا، كاشالدىن ئىبارەت
ئۈچ قەبىلە ئىدى. قارلۇقلار 6- ئەسىردىن باشلاپ كۆك تۈرك
خاقانلىقىغا قارىغان. «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى مۇز تاغ،
ئالتاي تاغلىرى بولسا كېرەك. مىلادىنىڭ 744 - يىلى
ئۇيغۇرلار ھاكىمىيىتىنى كۆك تۈركلەردىن تارتىپ ئالغاندا
قارلۇقلارمۇ كۆچ چىقارغان. ئۇلار شۇندىن باشلاپ شەرقىي

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۆزبېكچە 496- بەت — ئا.

ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ بىر تارمىقى بولغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبىلە ئىدى. قارلۇقلار 8 - ئەسىردە تۇرخۇن بويلىرىدىن تارتىپ يەتتە سۇغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە ياشىغان.

قارلۇقلارنىڭ خانلىرى مىلادىنىڭ 665 - يىلىدىن باشلاپ «يابغۇ» ئۇنۋانىدا ئاتىلىدىغان بولدى. قارلۇقلار خانى كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ (551—744) ئوڭ قول يابغۇسى بولغان بولسا، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ (646—845) سول قول يابغۇسى ئىدى. قارلۇقلار مىلادىنىڭ 751 - يىلى قىرغىزىستاندىكى تالاس دەرياسىنىڭ بويىدا جۇڭگو قوشۇنلىرى بىلەن ئەرەب قوشۇنلىرى ئارىسىدا بولغان قانلىق جەڭدە ئەرەبلەرگە ياردەم بەرگەن. زىيادئىبنى سالىھ قوماندانلىق قىلىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرى، گاۋشەنزى قوماندانلىقىدىكى 60 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرگەن. گاۋشەنزى بىرنەچچە مىڭ كىشى بىلەن قېچىپ ئاران قۇتۇلغان. تالاس ئۇرۇشى جۇڭگونىڭ ئەرەبلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلاش ئۈچۈن قىلغان نىيىتىدىن كېلىپ چىققان ئىدى، لېكىن بۇ نىيەت قارلۇقلارنىڭ ئەرەبلەرگە ئاكتىپ ھالدا بەرگەن ياردىمى نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشمىدى.

قارلۇقلار ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىدىكى ھۆكۈمران قەبىلە ياغلاقارلارنىڭ (بۇ، ئون ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ بىرى ئىدى) بەزىبىر يولسىزلىقلىرىدىن نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 766 - يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ بىر تارمىقى بولغان توققۇز ئوغۇز تەركىب-



ىدىن چىقىپ كەتكەن. شۇندىن باشلاپ قارلۇقلار ئارسلان ئىلىگ تىرگۈگ ئاتلىق خاننىڭ يېتەكچىلىكىدە غەربىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ داۋامى بولغان تۈرگەشلەر خانلىقىنىڭ (700 — 766) خاقانى تەگرى بولمىش خاقاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، قارلۇق يابغۇلۇقى (766 — 850) قۇرغان. قارلۇقلارنىڭ پايتەختى قىرغىزىستاندىكى چۇ دەرياسىنىڭ بويىدىكى بالاساغۇن شەھىرى ئىدى. قارلۇقلار مىلادىنىڭ 820 - يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىغا قايتىدىن بويسۇنغان ئىدى. چۈنكى ئۇيغۇر خاقانلىرى ئاي تەڭرىدا قۇت بولمىش ئالپ بىلگە خاقان (808 — 821)، تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈچلۈك بىلگە خاقان (821 — 825)لارنىڭ زامانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىرقىسمى، بالقاش كۆلىنىڭ بويلىرى ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قارىغان ئىدى.

840 - يىلى ئىچكى ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەت، تاشقى ھۇجۇم سەۋەبىدىن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى غەربكە كۆچۈپ، ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ پايتەختىنى قارابالغاسۇندىن بەش بالىققا يۆتكەپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بەش بالىقنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى (مىلادىنىڭ 850 - يىلىدىن 1335 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ داۋامى ئىدى. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى يەتتە سۇ تەرەپكە بېرىپ، ئۇيغۇر قەبىلىسى ياغمىلار (بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ئىدى)نىڭ باشچىلىقىدا قاراخانىلار دۆلىتى (مىلادىنىڭ 850 - يىلىدىن 1212 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نى قۇرغان.

ئىدى. قارلۇقلار قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تەركىبىدە تۇردى.

«ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخان هارۋىنى ياسىغان كىشىگە «قانقىل» دېگەن نامنى قويغان. تۈرك خەلقلىرىنىڭ مەشھۇر قەبىلىرىدىن بىرى بولغان «قاڭقىل-قاڭلى» لەرنىڭ نامى ئوغۇزخان قويغان نامدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك.

«قاڭقىل - قاڭلى» قوشۇ مىلادىدىن بۇرۇنلا مەلۇم ئىدى. ئۇلار يەتتە سۇدا ياشايتتى. ئاكادېمىك رادلوۋ مىلادىدىن بۇرۇنقى قوشۇ (车师) بەگلىكىنى (جىمسار، تۇرپان بەگلىكلىرى) قاڭقىل دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇنى ئاز دېگەندەك يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا هەۋەس قىلغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ۋە تارىختىن ئانچە خەۋىرى بولمىغان بەزىبىر تەرجىمانلار؛ «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى»دا خاتىرىلەنگەن «چېشى 车师» ئاتالغۇسىنى هازىرقى زاماندىكى ئوقۇلىشى بويىچە چۈشىنىپ «قاڭقىل» (هارۋىنى ياسىغۇچى ئۇستا) دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ئەسلىنى سۈرۈشتۈرگەندە «车 — چې» خېتى قەدىمكى زاماندا «گۇ — 姑» ئوقۇلىدىكەن. شۇڭا جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى، چېشى (车师) نى گۇشى (姑师) دەپمۇ يازغان. مىلادىدىن بۇرۇن قۇرۇلغان ئالدى قوشۇ بەگلىكى — 前车师口 (تۇرپان) ۋە ئارقا قوشۇ بەگلىكى — 后车师口 (جىمسار ئەتراپىدا) نى «قاڭقىل - قاڭلى» دېيىش پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس. جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى مىلادىدىن بۇرۇن يۇقىرىدا تىلغا



ئېلىنغان بەگلىكلەرنى («گۇشى» ئاتالغۇسى ئۇيغۇرچە «قوشۇ» ئاتالغۇسىنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى) ئۆز ئەسەرلىرىدە خاتىرىلىگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا يەتتە سۇدا ياشاپ تۇرغان قاڭلىلارنى «كانجۇ — 康居» دەپ ئېنىق خاتىرىلىگەن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى تىلشۇناسلار تۇرپاندىكى «قانقا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللىنىڭ شۇنامىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، مۇشۇ «قانقا» ئاتالغۇسى قەدىمكى چاغدىكى گۇشى بەگلىكىنىڭ قاڭقىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، دېگەن قاراشنىمۇ ئالغا سۈردى. مەن يېقىندا تۇرپانغا بېرىپ مۇشۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم. مەلۇم بولۇشىچە «قانقا» مەھەللىسىنىڭ نامى يېقىنقى زاماندىلا يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر ئېچىنىشلىق تارىخىي ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن «قان ئاققان» «قانئاقار» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان ئىكەن.

## «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى بەزىبىر ئۆرپ - ئادەتلەر ھەققىدە

«ئوغۇزنامە» داستانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋەقەلەر ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. خۇسۇسەن داستاننىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى قىرىق غۇلاچ كېلىدىغان ئىككى موما ياغاچ تىكىلىپ، موما ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن ۋە كۈمۈش توخۇلار قوندۇرۇلۇپ، موما ياغاچنىڭ تۈۋىگە ئاق ۋە قارا قويلارنىڭ باغلىنىشى؛ شۇ دەۋرگە باغلىق بولغان بىر

ـخىل ئۆرپ-ئادەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋەقە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادلىرىدىن بىرى بولغان شامان دىنىدىكى بەزىبىر ئەقىدىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىخىي يىلنامىلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن سەككىز ئەسىر بۇرۇن، جۇڭگو تارىخچىلىرى شەرقىي ئۇيغۇرلارنى «ئاق تۇرا» (白狄)، «قىزىل تۇرا» (赤狄) دەپ ئاتىغان. شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلار شامان دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە تۆت تۈرلۈك رەڭ ئارقىلىق شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇبتىن ئىبارەت تۆت تەرەپنى بەلگىلەيتتى. ياكى شامان ئەقىدىسى بويىچە تۆت تۈرلۈك رەڭ شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب تەرەپلەرنىڭ ئالامىتى ئىدى. مەسىلەن:

كۆك رەڭ — شەرق تەرەپنى، ئاق رەڭ — غەرب تەرەپنى، قارا رەڭ — شىمال تەرەپنى، قىزىل رەڭ — جەنۇب تەرەپنى كۆرسىتەتتى.

بۇ خىلدىكى باشلانغۇچ دىنىي ئېتىقاد كېيىنكى كېلىپ، ئادەملەرنىڭ مەلۇم رەڭگە بولغان ئامراقلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ خىلدىكى ئامراقلىق تۈرك خەلقلىرىنىڭ چېدىرلىرى، بايراقلىرى، كىيىم-كېچەكلىرى، ئات جابدۇقلىرىنىڭ رەڭگىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

كۆك تۈرك خاقانلىقى بىلەن ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ زەر يۈگۈرتۈلگەن بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن دۆلەت بايراقلىرى كۆك شايىدىن ئىدى. قەدىمكى شەر-



ـقىي ئۇيغۇرلارمۇ كۆپىنچە ئاق ياكى قىزىل چاپان كىيىشنى ياخشى كۆرەتتى.

شۇنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەننىڭ «تارىخنامە، ھونلار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا ھون تەڭرىقۇتلىقىنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن گاۋزۇنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى داتۇڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدە يەتتە كېچە - كۈندۈز قورشاۋغا ئالغان. خەن گاۋزۇ باشلىق بىرنەچچە يۈز مىڭ قوشۇننىڭ شەرق تەرىپىنى كۆك ئاتلىق، غەرب تەرىپىنى ئاق ئاتلىق، شىمال تەرىپىنى قارا ئاتلىق، جەنۇب تەرىپىنى قىزىل تورۇق ئاتلىقلاردىن ئىبارەت 400 مىڭ ھون ئاتلىقلىرى قورشىۋالغان.

«ئوغۇزنامە» داستانىدىكى موما ياغاچ تۈۋىگە باغلانغان ئاق ۋە قارا قويلارمۇ شامان ئۆرپ-ئادىتىدىكى، غەرپنىڭ (ئاق قوي) شىمالنىڭ (قارا قوي) ئالامىتىدىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك. موما ياغاچنىڭ بېشىغا قوندۇرۇلغان ئالتۇن توخۇنى جەنۇبنىڭ، كۈمۈش توخۇنى شەرقنىڭ ئالامىتى دېيىش مۇمكىن.

دېمەك، ئالتۇن ۋە كۈمۈش توخۇلار، ئاق ۋە قارا قويلار شامان دىنىدىكى ئۆرپ - ئادەت بويىچە: كۈمۈش توخۇ — شەرق، ئالتۇن توخۇ — جەنۇب، ئاق قوي — غەرب، قارا قوي — شىمالنىڭ ئالامىتىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ تارىخىي ئىتنوگرافىك تىل تەرەپلىرىنى ئۆگەنگەندىن تاشقىرى ئۇنىڭدىكى ئەدەبىي ئۇسلۇبنى ئىجادىي ھالدا ئۆگىنىپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈشتە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىز لازىم. چۈنكى،«ئوغۇزنامە» داستانى ئۆزىگە خاس يىغىنچاق، ئۇقۇملۇق، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار بىلەن يېزىلغان.



# ئورخۇن يادىكارلىقى

(كۆك تۈرك قىسمى)

ئورخۇن يادىكارلىقى — تۈرك تارىخى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىقى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىنىڭمۇ كۈمۈش بەتلىك، ئالتۇن ھەرپلىك يادىكارلىقىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئورخۇن يادىكارلىقى توغرىسىدا بىر قەدەر ئېنىقراق مەلۇمات بېرىش ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇنداق مۇھىم ئىلمىي ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ ماقالەمدە تارىخشۇناسلارنىڭ بۇ توغرىدا ياراتقان قىممەتلىك تۆھپىلىرىنىڭ مىڭدىن بىرىگە تەڭ كېلەلىگۈدەك ئەجىر سىڭدۈرسەم، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايتتىم.

مىلادى 8 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا، كۈلتېگىن، بىلگە خاقان، تونيوقۇقلارنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان مەڭگۈ تاشلار (ئورخۇن يادىكارلىقى) توغرىسىدا خېلى بۇرۇنلا مەلۇمات بېرىلىشكە باشلىغان. 13 - ئەسىردە ئۆتكەن ئىران تارىخچىسى جۇۋەينى موڭغۇللار تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «تارىخى جاھان گۇشەي» («دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى») نام-

لمق ئەسرىدە، ئورخۇن يادىكارلىقى توغرىسىدا مەلۇمات
بەرگەن ئىدى. ئەينى چاغدا چىڭگىزخاننىڭ ئەقىللىق،
بىلىملىك ۋەزىرى قىتان شاھزادىسى يىلۈچۇسايىنىڭ
ئوغلى يىلو شۇ كولتېكىن مازىرىنى كۆرگەنلىكى
توغرىسىدا شېئىر يازغان ئىدى.
مىلادىنىڭ 1709 - يىلى 27 - ئىيۇلدا، جەنۇبىي
ئوكرائىنىدىكى پولتاۋا شەھىرىنىڭ يېنىدا شۋېتسىيە بىلەن
رۇسىيە ئارىسىدا ئۇرۇش بولغان. پولتاۋا ئۇرۇشىدا
رۇسىيە ئىمپېراتورى پېتېر I شۋېتسىيە قوشۇنلىرىنى
تارمار كەلتۈرۈپ شۋېتسىيە پادىشاھى كارل XII نىمۇ
ئەسىر ئالغان ئىدى. ئەسىر چۈشكەنلەر قاتارىدا شۋېتسىيىلىك
نېمىس ئوفىتسېرى جۇئانۋون ستىراھلىنبېرگمۇ
بار ئىدى. پېتېر I تەرىپىدىن سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىپ،
13 يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ستىراھلىنبېرگ
1722 - يىلى سىبىرىيىدىن شۋېتسىيىگە قايتىپ
كېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ئۇ، يىراق يوللارنى
بېسىپ شۋېتسىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن «ئورخۇن
يادىكارلىقى» توغرىسىدا كىتاب يازغان. ئۇنىڭ كىتابى
ياۋروپادا ئاجايىپ چوڭ قىزىقىش پەيدا قىلغان،
چۈنكى، كىتابتا دۇنياغا مەشھۇر ئىسرلىق كۆرۈنگەن «ئورخۇن يادىكارلىقى»دىن
پارچىلار بېرىلگەن. 19 - ئەسىرنىڭ
باشلىرىدا رۇس ساياھەتچىسى پاللاس، 1822 - يىلى
پېتېربورگ (ھازىرقى لېنىنگراد)دا نەشىر قىلىنغان كىتابىدا،
كۆك تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان يېگىرمە ئىككى
يادىكارلىقنىڭ نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان. پاللاستىن كېـ



يىن ياۋروپادىكى نۇرغۇنلىغان ئالىملار، «ئورخۇن يادىكارلىقى»
توغرىسىدا مۇھىم ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلغان
بولسىمۇ، كۆك تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلارنى
ئوقۇپ چىقىشقا ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە مۇيەسسەر
بولالمىغان، ئۇنىڭ قانداق يېزىق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمىگەن.
بىز «ئورخۇن يادىكارلىقى» دەپ ئاتىغان كۆك تۈرك
يادىكارلىقلىرىدىن كولتېكىن مەڭگۈ تېشى 1889 - يىلى
ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كوكشىن ئورخۇن
دېگەن دەريا ۋادىسىدىكى خوشوت - سايدامدىن تېپىلغان.
بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى، كولتېكىن مەڭگۈ تېشى
تېپىلغان جايدىن بىرلا ۋاقىتتا تېپىلغان. تونيۇقۇق
مەڭگۈ تېشى بولسا مىلادىنىڭ 1897 - يىلى ھازىرقى
موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇلانباتۇر شەھىرىدىن
60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بايىن چوكتو دېگەن جايدىن
تېپىلغان.

بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئىچىدە كولتېكىن بىلەن بىلگە
خاقاننىڭ مەڭگۈ تېشىغا ئويۇپ يېزىلغان خەتلەر تولۇق
دېگۈدەك ساقلانغان بولۇپ، بەزىبىر قۇرلىرى ئانچە -
مۇنچە ئۆچۈپ كەتكەن. قەدىمكى كۆك تۈرك يېزىقىدا
يېزىلغان كولتېكىن مەڭگۈ تېشىدىكى خاتىرىلەر چوڭ -
كىچىك ئىككى پارچە مەرمەر تاشقا ئويۇلغان. چوڭ
مەرمەر تاشنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر يەتمىش بەش
سانتىمېتىر بولۇپ، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر 32
سانتىمېتىر كېلىدۇ. بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشىنىڭ
ئېگىزلىكى ۋە شەكلى كولتېكىن مەڭگۈ تېشى بىلەن ئوخـ

شاش، مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسى تۆت بۇرجەكلىك شە-
كىلدە بولۇپ، شىمال، جەنۇب، شەرق، غەربكە قاراش-
لىق تۆت يۈزى بار. كولتېكىن مەڭگۈ تېشىدىكى خاتىرى-
لەر 66 قۇر بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا چوڭ مەرمەر
تاشنىڭ شىمالىي تەرىپىگە (ئارقا تەرەپكە) 13 قۇر
خەنزۇچە خەت يېزىلغان. بۇ خەنزۇچە خەتلەر تاڭ سۇ-
لالىسى (618 — 907) پادىشاھى شۈەنزۇڭ (مىلادىنىڭ
712 - يىلىدىن 756 - يىلىغىچە پادىشاھ بولغان)نىڭ
مىلادىنىڭ 731 - يىلى كولتېكىن ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ
ۋاپاتىغا بېغىشلاپ يېزىپ بەرگەن تەزىيەنامە. بىلگە خا-
قان مەڭگۈ تېشىدا قەدىمكى كۆك تۈرك يېزىقىدا يې-
زىلغان 80 قۇر خەت بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر بې-
تىدە خەنزۇچە خەتمۇ بار.

تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى يۇقىرىدىكى ئىككى مەڭگۈ
تاشتىن كىچىك بولۇپ جەمئىي 62 قۇر خەت بار.

### ئورخۇن يادىكارلىقىنىڭ ئوقۇلۇشى

يۇقىرىدىكى ئۈچ مەڭگۈ تاشنىڭ ئەسلى تېكىستى ئۆز
ئەينى بويىچە دۇنياغا ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ «ئورخۇن
يادىكارلىقى»نى تەتقىق قىلىش ياۋروپادىكى مەشھۇر
تۈركشۇناسلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تېخىمۇ كۈچلۈك
قوزغىغان. كۆك تۈرك يېزىقى بىلەن يېزىلغان «ئورخۇن
يادىكارلىقى»نى ئوقۇپ چىقىش، ئۇنىڭ مەنىسىنى بى-
لىش ياۋروپادىكى تۈركشۇناس ئالىملارنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ
قىيىن مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، گويا ئىشىكنى ئېچىپ



ئىچىگە كىرگىلى بولمايدىغان سىرلىق تىلسىمات بولۇپ
تۇيۇلغان ئىدى. ئاخىرى بۇ مۇشكۇل سىرلىق تىلسىمات-
نىڭ ئىشىكىنى دانىيىلىك تومسون ئاچتى.

دانىيە پادىشاھلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رەئىسى،
كوپېنھاگېن داشۆسىنىڭ پروفېسسورى ۋىلھېلىم لېۋد-
ۋىگ پېتېر تومسون (1842 — 1927) 1893 - يىلى
كۆك تۈرك يېزىقىدىكى «ئورخۇن يادىكارلىقى»نى ئو-
قۇپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى تولۇق يەشتى. بۇ
تۈركشۇناسلىقتا يۈز بەرگەن ئىنقىلاب ئىدى. شۇندىن كې-
يىن «ئورخۇن يادىكارلىقى»نىڭ تۈركچە ئەسلى نۇسخىسى،
نېمىس، فرانسۇز تىللىرىغا قىلىنغان تەرجىمىلىرى بى-
لەن بىرگە نەشر قىلىندى. نېمىسچە تەرجىمىسى ئۇ-
لۇغ تۈركشۇناس رادلوۋ قىلدى.

تۈركشۇناسلىقتا ياراتقان ئۇلۇغ مۆجىزىلىك
تۆھپىلەرنىڭ قەدرىگە يېتىپ ھۆرمەتلەشكە توغرا
كەلسە، تۈركىي خەلقلەردىن بىرەرسى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر-
لار، يېقىندا تۇرغۇزۇلغۇسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن
مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مەرمەر ھەيكەللىرى قاتارىدا
تومسوننىڭ ھەيكىلىنىمۇ تۇرغۇزسا، ئاجايىپ ئۇلۇغ ۋە
ئەجدادلار روھى خۇش بولىدىغان، ئەۋلادلار مەڭگۈ رەھ-
مەت ئوقۇيدىغان بىر شانلىق تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلى-
غان بولاتتى. تومسون گەرچە ئىرقىي جەھەتتىن نېمىس
بولۇپ، دانىيىلىك ئالىم بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، پۈتۈن تۈر-
كىي خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك،
مەڭگۈ خاتىرىلەيدىغان ئۇلۇغ ئالىمى بولۇشقا مۇناسىپ.

## ئورخۇن يادىكارلىقىنىڭ مەزمۇنى

يادىكارلىقنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى چوڭ تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كولتېكىن يادىكارلىقىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلغان، ئىنسان باللىرى ئۈستىدە ئاتا - بوۋام بۇمىن خاقان (تۈمەن خاقان كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، ئىستەمى خاقانلار ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ تۈرك خەلقىنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن - تۈزۈمىنى تۈزۈپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا تۆت ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەن. بابالىرىم قوشۇن تارتىپ تۆت ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى، ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپتۇ. ئۇلارنى باش ئەگدۈرۈپتۇ، تىزلاندۇرۇپتۇ.»

بۇ، ئۇلۇغ كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ، تۈمەن خاقان ۋە ئىستەمى خاقانلارنىڭ ۋارىسلىرى موقان خاقان، تاۋار خاقان، ساۋارلوخاقان قاتارلىقلارنىڭ دەۋرىدە، ئەڭ قۇدرەتلىك بىر دۆلەت سۈپىتىدە ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنىڭ ناھايىتى يىغىنچاق بەدىئىي تەسۋىرى. شۇ مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 551 - يىلىدىن تارتىپ 600 - يىلىغىچە) ئۇلۇغ تۈرك خاقانلىقىنىڭ شەرقى ئۇلۇغ ئوكيان، غەربىي چېگرىسى قارا دېڭىزنىڭ بويلىرىغىچە سوزۇلغان ئىدى.

كولتېكىن يادىكارلىقىدا ئۇلۇغ كۆك تۈرك خاقانـ



لىقىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر نەتىجىسىدە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى، ئاخىرىدا تۈركلەرنىڭ ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى چوڭقۇر قايغۇ - ئەلەم بىلەن بايان قىلىنغان:

«ئۇلار، ئەنە شۇنداق داڭلىق خاقانلاردىن بولغان ئىكەن، ئاندىن كېيىن ئىنىلىرى خاقان بوپتۇ، ئوغۇللىرىمۇ خاقان بوپتۇ، كېيىن ئىنىسى ئاكىسىنى دورىماپتۇ، ئوغلى ئاتىسىنى دورىماپتۇ. بىلىمسىز خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. بۇيرۇقلىرىمۇ ئېھتىمال بىلىمسىزلەردىن، بۇزۇقلاردىن بولسا كېرەك. بەگلىرىدە، خەلقىدە ساداقەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇكىسى بىلەن ئاكىسىنى ئۆچمەنلەشتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بەگلەر بىلەن خەلق ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن تۈرك خەلقى تىكلىنىپ بولغان دۆلىتىدىن مەھرۇم بولۇپتۇ. خاقان دەپ ئاتالغان خاقانىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ ... تۈرك بەگلىرى تۈرك دېگەن نامىدىن ۋاز كېچىپ، تابغاچپەرەس بەگلەر تابغاچ ناملىرىنى قوللىنىپ تابغاچ خاقانىغا بېقىنىپتۇ. ئۇلار ئۈچۈن (تابغاچ ئۈچۈن دېمەكچى) 50 يىل كۈچ چىقىرىپ ئىشلەپتۇ ... تۈرك، ئوغۇز بەگلىرى، خەلقى ئاڭلاڭلار، ئۈستىمىزدىكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىسە، ئاستىمىزدىكى يەر يېرىلىپ كەتمىسە، دۆلىتىڭلارنى ۋە قانۇن - تۈزۈمىڭلارنى كىم بىتچىت قىلالايدۇ؟ تۈرك خەلقى سىلەر ئۆكۈنۈڭلەر. سىلەر باش باشتاقلىق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلەرنى بېقىۋاتقان دانا خاقانىڭلار ۋە ئەركىن، ياخشى دۆلىتىڭلەر ئالدىدا جىـ

ھايات ئۆتكۈزدۈڭلەر، يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقار-
دىڭلار، ئۇنداق بولمىسا، قوراللىقلار نەدىن كېلىپ سى-
لەرنى ھەيدىۋېتىدۇ؟ نەيزىلىكلەر نەدىن كېلىپ
سىلەرنى سۈرۈپ - توقاي قىلىۋېتىدۇ؟ مۇقەددەس
ئۆتۈكەن تېغىدىكى خەلقلەر كەتتىڭلەر، شەرققە بارىدى-
غىنىڭلار شەرققە كەتتىڭلەر، غەربكە بارىدىغىنىڭلار غەربكە
كەتتىڭلەر، سىلەرنىڭ بارغان يېرىڭلاردا كۆرگەن كۈنۈڭ-
لەر مۇنداق بولدى: قېنىڭلار سۇدەك ئاقتى، سۆڭەكلىرىڭلەر
تاغدەك دۆۋىلەندى، بەگ بولىدىغان ئوغۇللىرىڭلار قۇل
بولدى. پاك، خانىش بولىدىغان قىزلىرىڭلار دېدەك
بولدى.»
مىلادىنىڭ 600 - يىلىغا كەلگەندە بىر پۈتۈن
كۆك تۈرك خاقانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي خاقانلىقلارغا
بۆلۈنۈپ كەتكەن، شەرقىي تۈرك خاقانلىقى مىلادىنىڭ
630 - يىلى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىن-
غاندا، 100 مىڭ تۈرك ئەسىرگە چۈشكەن. شۇ ۋەقە يۈز
بەرگەندە، تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆز يۇرتىدا قالغان
بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتكەن.
ئەسىرگە چۈشكەن تۈركلەر سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە
كىرگۈزۈلۈپ، ھازىرقى سەنشى، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ
شىمالىي قىسمىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مانا شۇ
تۈركلەرنىڭ بەگلىرىدىن شەرقىي تۈرك خاقانى چۇلۇك-
خان (مىلادىنىڭ 619 - يىلىدىن 621 - يىلىغىچە خا-
قان بولغان)نىڭ كىچىك ئوغلى كورشاد مىلادىنىڭ
636 - يىلى شىئەندە ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۈرك خاقان-



لىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 39 سەپ-
دىشى بىلەن جەڭدە قۇربان بولغان، ئاشىناتۇر ئۆز
خەلقىدىن يۈز ئۆرۈپ، تاڭ سۇلالىسىغا 20 يىلىچە
خىزمەت قىلغان. تاڭ سۇلالىسى مىلادىنىڭ 630 - يىلى
شەرقىي تۈرك ئاھالىسىدىن 100 مىڭ كىشىنى ئەسىر
قىلىپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈرۈپ كىرگەن-
دىن باشلاپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى قوشنى-
لىرىغا ھۇجۇم قىلغان قوشۇنلىرىغا قاتناشتۇرغان.
ئاشىناتۇرنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشنىلىرىغا ھۇجۇم قىل-
غان قوشۇنلىرىغا باش قوماندانلىق قىلغان چاغلىرىمۇ
بولغان. چۈنكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ 640 - يىلىدىن تارتىپ
غەربتىكى قوشنىلىرىغا ھۇجۇم قىلغان قوشۇنلىرىنىڭ
تەركىبىدە تۈرك، ئۇيغۇرلاردىن تۈزۈلگەن قىسىملار
ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى.
مىلادىنىڭ 630 - يىلى جۇڭگونىڭ شىمالىي تېررى-
تورىيىسىدىكى بەزى جايلارغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن تۈرك-
لەر 679 - يىلىغا كەلگەندە ئىسيان كۆتۈرۈپ تۈرك خا-
قانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بەل باغلىغان.
باشتا تۈركلەرنىڭ ئېسىل قەبىلىسى ھېسابلىنىدىغان ئاشى-
دىر ئائىلىسىدىن چىققان ئونبۇ، پانچى قاتارلىقلار ئىسيان
كۆتۈرۈپ سەددىچىن سېپىلىدىن چىقىپ شىمالغا (تۈرك-
لەر يۇرتىغا) قاراپ ماڭغان. ئىسيان كۆتۈرگەن تۈركلەر
ئاشىنا ئۇرۇقىدىن (خاقان چىقىدىغان ئۇرۇق) بولغان
ئاشىنانىش ئاتلىق بەگنى خاقان قىلىپ كۆتۈرگەن. بۇ
چوڭ ۋەقە مىلادىنىڭ 679 - يىلى يۈز بەرگەندە، نۇر-

غۇلىغان تۈرك بەگلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئاشىنانىش خاقاننى قوللىدى. تاڭ سۇلالىسى شاۋسىيە، خۇاداجى، لى جىنجىيا قاتارلىق قوماندانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نۇرغۇنلىغان قوشۇننى ئاشىنانىش خاقانغا قارشى ماڭدۇردى. ئاشىنانىش خاقان قوماندانلىقىدىكى تۈركلەر ھازىرقى چوغاي تاغلىرى (ئىچكى مونغۇلىيىدە)نىڭ ئېتەكلىرىدە بولغان جەڭدە تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. تۈركلەرنىڭ ئۈشتۈمتۈت ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. مەشھۇر قوماندان شاۋسىيە جەڭدە ئۆلدى. بۇ مەغلۇبىيەتتىن غەزەپلەنگەن پادىشاھ گاۋزۇڭ (مىلادىيىنىڭ 650 – يىلىدىن 683 – يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان قوماندانلىرى خۇاداجى، لى جىنجىيا قاتارلىقلارنى جازالاپ، ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىدى. مىلادىيىنىڭ 680 – يىلى باھاردا فېي شىڭجيەن قوماندانلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قارا تاغدا (ئىچكى موڭغۇلىيىدە) تۈركلەرنى تارمار كەلتۈردى. ئاشىدىر پانچى بەگ ئەسىر چۈشتى، ئاشىنانىش خاقاننى قول ئاستىدىكىلىرى ئۆلتۈردى. مەغلۇبىيەتتىن ھوشىنى يوقاتمىغان تۈركلەر ئاشىنا ئىنەن ئاتلىق بەگنى خاقان قىلىپ كۆتۈردى ۋە دەرھال قوشۇن توپلىدى. شۇنداق بولسىمۇ تۈركلەر يەنە مەغلۇپ بولدى. خاقان ئاشىنا ئىنەن بىلەن ئاشەدىر ئونبو ئەسىرگە چۈشتى.

مىلادىيىنىڭ 682 – يىلى قىشتا ئاشىنا قۇتلۇق دې-



گەن بەگ مۇستەقىللىك ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. تۈركلەر ئاشىنا قۇتلۇققا «ئىلتېرىش» (دۆلەتنى تىرىلدۈرگۈچى) ئۇنۋانىنى بەردى.

تۈركلەرنىڭ 680 – يىللىرىدىن باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنى قايتىدىن قۇرغانلىقى توغرىسىدا كولتېكىن يادىكارلىقىدا مۇنداق دېيىلگەن: «كۆك تەڭرىسى تۈركلەرنىڭ بۇنداق ھالغا ئېچىنىپ تۈرك خەلقى يوقالمىسۇن، ئۇلار بۇرۇنقىدەك جاھاندا دەۋران سۈرۈپ ئۆتسۇن دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتام ئىلتېرىش خاقاننى، ئانام ئىل بىلگە خاتۇننى (خانىشنى) تۈركلەرنىڭ خاقانى قىلدى... تەڭرى كۈچ – قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتام خاقاننىڭ قوشۇنلىرى بۆرىدەك، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قوشۇنى قويدەك ئىدى. دۈشمەن قوشۇنى بۆرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان قويدەك تارقىلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئاتام خاقان شەرقتىن غەربكىچە يۈرۈش قىلىپ، تۈرك خەلقىنى توپلىدى، تۈرك دۆلىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.»

كولتېكىن يادىكارلىقىدا بىلگە خاقان تىلىدىن ئىلتېرىش خاقاننىڭ چوڭ ئوغلى بىلگە خاقان خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان چاغدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللار توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئەي خەلقىم! سەن شۇنى بىلگىنكى، مەن باي ۋە روناق تاپقان خەلققە خاقان بولمىدىم، بەلكى ئاجىز، كەمبەغەل بىچارە خەلقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. ئۇكام

كۆلتېكىن ۋە تۇغقانلىرىمدىن بولغان ئىككى بەگزادە
بىلەن سۆزلەشتىم. ئاتام، تاغام (قاپاغان خاقان كۆزدە
تۇتۇلىدۇ) ھايات چېغىدا قولغا كەلتۈرگەن خەلقنىڭ شان-
شۆھرىتى ئۈچۈن كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە كۈرەشتۇق. تۈرك
خەلقىنىڭ شان-شۆھرىتى ئۈچۈن كېچىلىرى خاتىرجەم
ئۇخلىمىدىم، كۈندۈزلىرى ئولتۇرمىدىم، ئۆلە تىرىلىشىمگە
قارىماي تىرىشتىم... تەڭرى ياردەم قىلغانلىقى،
بەخت - تەلىيىم ئۈچۈن كەلگەنلىكى ئۈچۈن يوقسۇل
خەلقنى باي قىلدىم، ئاز خەلقنى ئاۋۇتتۇم، خەلقىمنى
كۈچلۈك دۆلىتى بار، باتۇر خاقانى بار خەلقلەردىنمۇ ئۈس-
تۈن خەلققە ئايلاندۇردۇم.»

ئىلتېرىش قۇتلۇق خاقان (مىلادىنىڭ 682 - يى-
لىدىن 692 - يىلىغىچە خاقان بولغان) ئەسلىگە كەل-
گەن شەرقىي تۈرك خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 682 - يىلىدىن
744 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئىلتېرىش ۋە ئۇنىڭ
ۋارىسلىرىدىن ئىنىسى قاپاغان خاقان (مىلادىنىڭ 692 -
يىلىدىن 716 - يىلىغىچە خاقان بولغان) ئوغلى بىلگە خا-
قان (مىلادىنىڭ 716 - يىلىدىن 734 - يىلىغىچە خا-
قان بولغان)نىڭ دەۋرىدە بىر مەزگىل خېلى قۇدرەت
تاپقان ئىدى. شۇ مەزگىلدە شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرى
230 مىڭ ئاتلىق جەڭچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ئاسىيا-
دىكى كۈچلۈك قوشۇنلار قاتارىغا كىرەتتى. شۇ مەزگىل-
دە شەرقىي تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كەلگەن
ئەرەبلەرنى ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 709 -
يىلى ۋە 712 - يىلى بولۇپ، ئىككى قېتىم ئوتتۇرا



ئاسىياغا قوشۇن ماڭدۇرغان ئىدى. بۇ قوشۇنغا قوماندان
بولغان كۆلتېكىن قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم بىلەن ئۇرۇش-
قان ئىدى.

ئورخۇن يادىكارلىقىدىن تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىدا
شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشۇن ئەۋەتكەن-
لىكى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۈنچە① دەرياسىدىن
ئۆتۈپ ... تاكى تۆمۈر قاپىغىچە② باردۇق ...
تەزىك③ ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئاسۇق باشچى-
لىقىدىكى سوغداق خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى ئەل بولدى.»

ئىشەنچلىك تارىخىي مەلۇماتقا قارىغاندا شەرقىي
تۈرك شاھزادىسى كۆلتېكىن مىلادىنىڭ 709 - يىلى
بۇخارا ئەتراپىدا، ئەرەب ئۆمەۋىيلەر خەلىپىلىكى (مى-
لادىنىڭ 661 - يىلىدىن 750 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈر-
گەن) نىڭ خەلىپىسى ۋەلىد I نىڭ (مىلادىنىڭ 705 - يىلىدىن -
715 - يىلىغىچە خەلىپە بولغان) خۇراسان ۋە ماۋەرا-
ئۈننەھرىگە قويغان باش ۋالىيسى (نائىبى) قۇتەيبە
ئىبنى مۇسلىم (مىلادىنىڭ 708 - يىلىدىن 717 - يى-
لىغىچە باش ۋالىي بولغان) بىلەن ئۇرۇشقان بولسا، ئۇ
مىلادىنىڭ 712 - يىلى يەنە بىر قېتىم سەمەرقەنت
ئەتراپىدا قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم بىلەن ئۇرۇشقان. يۇ-

① ئۈنچە دەرياسى — ھازىرقى سىر دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ. ئا.
② قاپىغ — تۆمۈر قاپىغ سەمەرقەنت بىلەن ئافغانىستاندىكى بەلخ
ئارىسىدىكى بوزقالا تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىم تاغ ئۆتكىلى — ئا.
③ تەزىك — ئەسلىدە بۇ سۆز تاجىكلارنى كۆرسەتسىمۇ، تۈركلەر
ئەرەبلەرنى تاجىك دەپ ئاتىغان.

قىرىندا تىلغا ئېلىنغان تونيۇقۇق يادىكارلىقىدىكى خاتىرىلەر كولتېكىننىڭ ئىككىنچى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ، سەمەرقەنت ئەتراپىدا قۇتەيبى ئىبنى مۇسلىم بىلەن ئۇرۇشقان ۋاقتىدىكى ئەھۋالغا قارىتىلغان. تونيۇقۇق يادىكارلىقىدا ئېيتىلغان «ئۈنچە دەرياسىدىن ئۆتۈپ ... تاكى تۆمۈر قاپىغىچە باردۇق» جۈملىسىدىكى ۋەقەنى ئىزاھلىغاندا ئەھۋال مۇنداق: مىلادىنىڭ 712-يىلى كۆلتېكىن باشتا قۇتەيبى ئىبنى مۇسلىمنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئافغانىستانغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان بولسىمۇ، قاپاغان خاقاندىن ئۇشتۇمتۇت بۇيرۇق كېلىپ كولتېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتقان، قۇتەيبى بۇ ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ غەلىبە قازانغان. «ئۈنچە دەرياسى» — سىر دەرياسى، «تۆمۈر قاپىغ» هازىرقى سەمەرقەنت بىلەن ئافغانىستاندىكى بەلخ ئارىسىدىكى بوز قالا تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىم تاغ ئۆتكىلى بولۇپ، تۈركلەر ئۇنى «تۆمۈر قاپىغ» (تۆمۈر دەرۋازا) دەپ ئاتىغان. ھەممىدىن مۇھىمى تونيۇقۇق يادىكارلىقىدا ئېيتىلغان «تەزىك» دېگەن سۆز.

تارىختا كولتېكىننىڭ ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇشقانلىقى ئېنىق پاكىت تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئورخۇن يادىكارلىقىدا «ئەرەب» ئاتالغۇسى ئۇچرىمايدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: ياپون تارىخچىسى يۇتەنخىنىڭ ئۆزىنىڭ «غەربىي دىيار مەدەنىيىتى تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ئىسلام مۇرتلىرى (ئەرەبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئا)



تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن چاغدا، بۇخارا ۋە سوغدىيانادىكى شەھەرلەردە ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دىنغا (زارۇ ئاستىرو — ئوتپەرەسلەر دىنىغا — ئا) ئېتىقاد قىلاتتى، بۇنداق ئەھۋالنى ئىسلام دىنى توغرىسىدا يېزىلغان بىرقانچە تۈرلۈك خاتىرىلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ. يەنە 7-ئەسىردىكى بۇخارا ۋە خارەزمى تەڭگىلىرىگە تاج كىيگەن ئادەم سۈرىتى بىلەن مۇقەددەس ئوت يېنىپ تۇرغان ئەزىز — چىراغ سۈپىتى چۈشۈرۈلگەن، بۇ پاكىت شۇ جايلاردا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ ئاتەشپەرەس دىنىغا چوقۇنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئەھۋال جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى خاتىرىلەر بىلەن ئوخشاش، مانا شۇ خىلدىكى باش كىيىم تاج دەپ ئاتىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتەشپەرەسلەر شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى تاجىك دەپ ئاتاشقان. ئەرەبلەر ئىراننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئەرەبلەر بىلەن تاجىكلارنى ئاتاشتا بىر-بىرىنىڭ نامىنى پەرقلەندۈرمەيلا قارا-قويۇقلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەبلەرنىمۇ تاجىك دەپ ئاتايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى، شۇ چاغلاردا جۇڭگومۇ شۇ نامنى قوللىنىپ ئەرەبلەرنىمۇ تاجىك (داشى — 大食،大石) ئاتايدىغان بولغان.»①

مەلۇم بولۇشىچە، ئورخۇن يادىكارلىقىدىكى «تەزىك» سۆزى ئەسلىدە تاجىكلارنى كۆرسەتسىمۇ، 7-ئەسىردىكى

① يۇتەنخىك — (ياپون تارىخچىسى)«غەربىي دىيار مەدەنىيىتى» خەنزۇچە 66-بەت.

جۇڭگو تارىخچىلىرى ئەرەبلەرنى داشى (تاجىك ـ 石، 大食) دەپ يازغانىدەك، تۈركلەرمۇ ئەرەبلەرنى «تەزىك» («تاجىك») دەپ يېزىشقانمۇ ـ قانداق؟ بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش لازىم.

### ئۇرخۇن يادىكارلىقىنىڭ ئەھمىيىتى

تۈرك، ئۇيغۇر تارىخىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن كۆك تۈركلەرگە ئائىت «ئۇرخۇن يادىكارلىقى» قاراخانىلار دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر تىلشۇناس مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇلۇغ، دانىشمەن پەيلاسوپ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى، ئىسمى نامەلۇم يازغۇچى تەرىپىدىن يېزىلغان «دەدە قورقۇت داستانى»غا ئوخشاش ئەڭ مۇھىم ئۆلمەس ئەسەرلەر تۈرك، ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتى، پەلسەپىسىنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك يادىكارلىقى.

بۇلارنىڭ ئىچىدىن «ئۇرخۇن يادىكارلىقى»نىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا بىر ئاز چۈشەنچە بېرىمەكچىمەن.

«ئۇرخۇن يادىكارلىقى»نىڭ ئەھمىيىتىنى تۈرك تارىخى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە يېزىلغان مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. 8 – ئەسىردە ۋۇجۇدقا كەلگەن «ئۇرخۇن يادىكارلىقى» شېئىرىي تىل، قىسقا جۈملىلەر بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بەدىئىيلىكىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقى، ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىكلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، مەدەنىيەت جەھەتتە بۇنداق يۇقىرى سەۋىيىنىڭ بولۇشى قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە مەيدانغا كەلمەيدۇ. دېمەك، «ئۇرخۇن يادىكارلىقى» تۈركلەرنىڭ قەدىمكى يۈكسەك مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاساسىدا يارالغان. بۇ بىزگە تۈركلەرنىڭ «ئۇرخۇن يادىكارلىقى»دىن بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرى خېلى يۈكسەك سەۋىيىگە ئىگە يازما يادىكارلىقلارنى يارىتالىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، تۈركلەرنىڭ «ئۇرخۇن يادىكارلىقى»دىن بۇرۇن ياراتقان يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر نەتىجىسىدە يوقىلىپ كەتكەنلىكتىن، بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدا مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن ھونلارنىڭ ياراتقان شېئىرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ساقلىنىپ قالغان، ئېھتىمال تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا ياراتقان يازما شېئىرلىرىمۇ تېپىلىپ قالار.

«ئۇرخۇن يادىكارلىقى»نىڭ ئەڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. 1) «ئۇرخۇن يادىكارلىقى»دا: نادان، ئەخلاقسىز، قابىلىيەتسىز كىشىلەر دۆلەتكە باشلىق بولىدىغان بولسا، دۆلەتنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئەكسىچە، دۆلەتكە ئەقىللىق، بىلىملىك ۋە ئەخلاقلىق، باتۇر كىشىلەر باش بولسا، دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنايدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. 2) دۆلەتنى باشقۇرغۇچىلار (خاقانلار، خانلار) بىلەن خەلق ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقى، ئىناقسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ دۆلەتكە، خەلققە بالايى ـ ئاپەت كەلتۈرىدىغانلىقى كەسكىن خىتاب بىلەن بايان قىلىنغان. 3)

شۇنىسى ناھايىتى خاراكتېرلىقكى، كۆلتېگىن يادىكارلىقى-
دا يات دۆلەتلەرنىڭ ھىيلىگەر، قارانىيەت ھۆكۈمرانلى-
رىنىڭ يالغان - ياۋىداق شېرىن سۆزلىرىگە، ئۇلارنىڭ
قىممەتلىك سوۋغا - سالاملىرىغا ئالدىنىپ تۇزاققا چۈشۈپ
كېتىشتىن ساقلىنىشنىڭ لازىملىقى تەكىتلەنگەن. 4) ئور-
خۇن يادىكارلىقىنىڭ ھەر بىر قۇرىغا خەلقپەرۋەرلىك،
ھۆررىيەت - ئەركىنلىك، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش رو-
ھى سىڭدۈرۈلگەن.

بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن كۆلتېگىن، بىل-
گەخاقان، تونيۇقۇقلارنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان ئۈچ
مەڭگۈ تاشلار كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك،
ئەڭ سەلتەنەتلىك باسقۇچىدا (مىلادىنىڭ 552 - يىلىدىن
600 - يىللارغىچە) ئۆتكەن خاقانلارنىڭ خاتىرىسىگە
قويۇلغان مەڭگۈ تاشلار ئەمەس. مىلادىنىڭ 600 - يىلى-
غا كەلگەندە دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلىرى (شەرقىي
روما، ئىران، جۇڭگو) ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىكى ھېسابلان-
غان كۆك تۈرك خاقانلىقى تۈرلۈك سەۋەبلەر نەتىجىسىدە
شەرقىي ۋە غەربىي خاقانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى.
شەرقىي تۈرك خاقانلىقى بولسا (600 — 630) مىلادى-
نىڭ 630 - يىلى تارمار بولۇپ، 50 يىلدىن كېيىن
(مىلادىنىڭ 680 - يىلى) ئاشىنا قۇتلۇق (ئىلتېرىش
قۇتلۇق)نىڭ شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈر-
گەنلىكىنى بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. تۈركلەر
بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن شەرقىي تۈركلەرمۇ، غەربىي
تۈركلەرمۇ تۈرك خاقانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۇرۇن-



قى قۇدرەتلىك، سەلتەنەتلىك دەۋرىنى سۈرەلمىدى. بۇ،
ھەممىگە مەلۇم. ئەپسۇسكى، ئۇلۇغ تۈرك خاقانلىقىنىڭ
ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ سەلتەنەتلىك باسقۇچىدا (مىلادىنىڭ
552 - يىلىدىن 600 - يىللارغىچە) ئۆتكەن مەشھۇر
ئۇلۇغ خاقانلاردىن تۇمەن خاقان (مىلادىنىڭ 552—553
يىلىغىچە خاقان بولغان)، مۇقان خاقان (553 — 576)،
ئىستەمىخاقان (552—576)، تاۋار خاقان (576—581)،
تېۋگا تۇران خاقان (588 — 600)، بىلگە تاردۇ
خاقان (600 — 603) قاتارلىق خاقانلارنىڭ خاتىرى-
سىگە قويۇلغان مەڭگۈ تاشلار ھېلىغىچە تېپىلمىدى.
ئۇلارنىڭ ئۆز زامانىسىدا غەرب بىلەن شەرق دۇنياسىنى
زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت ئالىمىنى ھەيرەتتە قال-
دۇرغان پائالىيەتلىرى يېزىلغان مەڭگۈ تاشلار ئېھتىمال
ئۆتۈكەن تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ
مەلۇم جايلىرىدا ھازىرغىچە ئۆزىنى دۇنياغا كۆرسەتمەي
يوشۇرۇنۇپ ياتقاندۇ؟! ئەگەر شۇ خاقانلارنىڭ مەڭگۈ
تاشلىرى تېپىلغاندا تۈرك ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىيات-
نىڭ خەزىنە — خەزىنە گۆھەرلەرگە بەرگۈسىز يادىكار-
لىقلىرى گويا مەدەنىيەت ئاسمىنىغا چىققان يېڭى قۇياش-
تەك نۇر چېچىپ، ئىنسانىيەت ئالىمىنى ھاڭ - تاڭ قال-
دۇرغان بولاتتى! ھېلىمۇ كۆك تۈرك تارىخى ۋە ئەدەبى-
ياتىغا ئائىت ئۈچ مەڭگۈ تاشنىڭ تېپىلغانلىقى ناھايىتى
چوڭ مۆجىزە.

شەرقىي تۈرك خاقانلىقىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر
توغرىسىدا ئەڭ ئاخىرىدا بىر نەچچە ئېغىز سۆز ئېيتماقچىمەن.

ئېلتېرىش قۇتلۇق ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 682 - يىلىدىن 744 - يىلىغىچە) شەرقىي تۈركلەردە دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر مەيدانغا كەلدى.

ئېلتېرىش قۇتلۇق شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەردى. ئۆزى خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 682 - يىلىدىن 692 - يىلىغىچە) يىگىرمە نەچچە قېتىم قانلىق ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنى دۇنياغا تونۇتقان ئىدى.

ئېلتېرىشنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇكىسى بەگچۇر (قاپاغان خاقان) خاقان بولدى. قاپاغان خاقاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 692 - يىلىدىن 716 - يىلىغىچە خاقان بولغان) شەرقىي تۈرك خاقانلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇ مەزگىلدە شەرقتىكى قىتانلار، شىمالدىكى قىرغىزلار (يەنسەي بويىدىكى)، غەربتىكى تۈركەشلەر، قارلۇقلار بويسۇندۇرۇلدى، ئەرەبلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن كولتېكىن قوماندانلىقىدىكى شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرى ئىككى قېتىم (مىلادىنىڭ 709 - يىلى ۋە مىلادىنىڭ 712 - يىلى) بۇخارا ۋە سەمەرقەنت ئەتراپلىرىدا ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇشتى.

مىلادىنىڭ 696 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قىرالىچىسى (ئايال پادىشاھى) ۋۇزېتيەن قاپاغان خاقاننى ھۆرمەتلەپ «ئېلتېرىش ئۇلۇغ تەڭرىقۇت» دەپ ئاتىدى.①

① سىماگۇاڭ «ئىلنامە» 14 - كىتاب، جەنزۇچە 6510 - بەت.



شەرقىي تۈرك خاقانلىقى قاپاغان خاقان (692 — 716)، بىلگە خاقان (716 — 734)لارنىڭ ۋاقتىدا قۇدرەتلىك شانلىق باسقۇچقا كىرگەن ئىدى.

شەرقىي تۈرك خاقانلىقىدا ئېلتېرىش قۇتلۇق قاپاغان خاقان، بىلگە خاقانلاردىن باشقا يەنە بىرقانچە مەشھۇر شەخسلەر ئۆتتى. ئۇلارنىڭ بىرى بىلگە تونيۇقۇق (مىلادىنىڭ 648 - يىلى تۇغۇلۇپ، 725 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) بولۇپ، 78 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. ئۇنىڭ ئۇنۋانلىق نامى بىلگە تونيۇقۇق بويلا باغا تارقان ئىدى،

تونيۇقۇق ناھايىتى ئەقىللىق ۋە تالانتلىق ھەربىي ستراتېگىك ئىدى، ئۇ بىر قېتىم ئېلتېرىش قۇتلۇققا تەكلىپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «تابغاچ، ئوغۇز، قىتان بۇ ئۈچى بىرلىشىۋالسا بىز تايانچسىز قالىمىز، ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن دۈشمەنگە تۇتۇلىمىز، يۇقا نەرسىنى ئېگىش ئاسان، ئىنچىكە نەرسىنى سۇندۇرۇشمۇ ئوڭاي، يۇقا نەرسە قېلىن بولۇپ كەتسە ئۇنى ئېگىش تەسكە چۈشىدۇ، ئىنچىكە توم بولۇپ كەتسە ئۇنى سۇندۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ.»① تونيۇقۇق دۈشمەنلەر ئۆزئارا بىرلىشىۋېلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يوقىتىش كېرەك دېمەكچى بولىدۇ. ئۇ مىلادىنىڭ 682 - يىلىدىن 707 - يىلىغىچە ئېلتېرىش قۇتلۇق بىلەن قاپاغان خاقانلارنىڭ

① تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»نىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى 12 — 14 - قۇرلارغا قارالسۇن.

ۋاقتىدا (682 — 716) شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرىغا 25 يىل باش قوماندان بولغان. تونيۇقۇق مىلادىنىڭ 707- يىلىدىن 725 - يىلىغىچە قاپاغان خاقان بىلەن بىلگە خاقانغا 18 يىل باش ۋەزىر بولغان.

مىلادىنىڭ 707 - يىلىدىن 731 - يىلىغىچە (24 يىل) شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئىلتىرىش قۇتلۇقنىڭ كىچىك ئوغلى كۈلتېكىن ئۆتىدى. كۈلتېكىن مىلادىنىڭ 685 - يىلى تۇغۇلۇپ مىلادىنىڭ 731 - يىلى ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا، 47 يېشىدا ئۆلگەن. ئۇ تۈرك تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر قەھرىمان، ئاجايىپ تالانتلىق ھەربىي ستراتېگ، ئادەتتىن تاشقىرى غەيرەتلىك، يۈرەكلىك باتۇر ئىدى. كۈلتېكىن مىلادىنىڭ 707 - يىلى شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەندە ئەمدىلا يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەن ياش يىگىت ئىدى. كۈلتېكىن قوماندانلىقىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلارنىڭ تولىسىدا دۈشمەن قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. كۈلتېكىن قوماندانلىقىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ پايتەختى ئۆتۈكەنگە قەدەر بېسىپ كەلگەن دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ 300 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان چوڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، شەرقنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئىدى.

كۈلتېكىن مىلادىنىڭ 731 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا جۇڭگودىن، تىبەتتىن، ئىران-



دىن، تۈرك خاقانلىقى تەركىبىدىكى خانلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن ماتەم ئەلچىلىرى كەلگەن ئىدى. بۇ ئەلچىلەر كۈلتېكىننىڭ مازىرى ئۈچۈن يېتەرلىك ھەدىيەلەر ئېلىپ كەلگەن. جۇڭگودىن كەلگەن ماتەم ئەلچىلىرى قاتارىدا «ئىمارەت ياسايدىغان ئۇستىلار، نەققاشلار، پۈتۈكتاش ياسايدىغان ئۇستىلار»① مۇ كەلگەن. كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ بەزىلىرى كۆرۈنۈشتە ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى كۈلتېكىننىڭ ئۆلگىنىگە خۇش بولۇپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى، كۈلتېكىن ئۆزى قاتناشقان ئۇرۇشلارنىڭ تولىسىدا غالىب كېلىپ كۈچلۈك، ھاكاۋۇر قوشنىلىرىنى باش ئېگىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. كۈلتېكىننىڭ ئىككى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشۇن تارتىپ بېرىپ، ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇشقانلىقىنى باشتا تىلغا ئالغان ئىدۇق. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ قەھرىمانلىق شۆھرىتى دۇنياغا مەلۇم بولغان ئىدى.

بىلگە خاقان ئىلتىرىش قۇتلۇقنىڭ چوڭ ئوغلى، كۈلتېكىننىڭ ئاكىسى ئىدى، ئۇ مىلادىنىڭ 683 - يىلى تۇغۇلۇپ، 734 - يىلى 51 يېشىدا زەھەرلىنىپ (سۈيىقەست بىلەن) ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغان يىل (مىلادىنىڭ 716 - يىلى) قاپاغاننىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىنال بوگۇ خان بىلەن ئىنىسى خانلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، خاقانلىق تەختىنى تالاشقان بولسىمۇ، بىر نەچچە ئاي ئىچىدە تارمار قىلىنىپ، ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەن. بىلگە خاقان 18 يىل خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان چاغدا (716 — 734) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ شەرقىي تۈرك خاقانلىقى يەنىلا ئاسىيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىكى

① «كۈلتېكىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى 13 - قۇرغا قارالسۇن.

ئورنىنى ساقلاپ قالدى. شۇ چاغدا شەرقىي تۈرك خاقانـ
لىقىنىڭ ھەربىي كۈچلىرى 230 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب
تاپقان ئاتلىق قوشۇندىن ئىبارەت ئىدى؛ شىمالدىكى
كۈچلۈك، بەگىباش قوشىنىسى — شەرقىي تۈركلەرنىڭ
قۇدرىتىدىن كېچە - كۈندۈز ئەنسىرەپ تۇرىدىغان تاڭ
سۇلالىسى (618 — 907) مىلادىنىڭ 735 - يىللىرى
تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ
شىمالىي چېگرىسىغا 400 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن تۇرـ
غۇزغان ئىدى.
يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شەرقىي تۈرك
خاقانلىقىدا (ئىلتېرىش قۇتلۇق خاقانلىقىدا) ئۆتكەن مەشـ
ھۇر شەخسلەردىن تونيوقۇق، كولتېكىن، بىلگە خاقانـ
لارنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان ئۈچ مەڭگۈ تاشنىڭ ئىچىـ
دىن تونيوقۇق مەڭگۈ تېشىغا يېزىلغان خاتىرىنى تونيوـ
قۇق ھايات ۋاقتىدىلا ئۆزى يازغان ئىكەن، ئۇندىن باشـ
قا كولتېكىن بىلەن بىلگە خاقاننىڭ مەڭگۈ تېشىغا
يېزىلغان خاتىرىنى ئۇلارنىڭ جىيەنى (قاپاغان خاقانـ
نىڭ ئوغلى) يوللۇغ تېكىن يازغان. يوللۇغ تېكىن تۈرك،
ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇت قەشـ
قىرى، دانىشمەن پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ قاتاـ
رىدىن ئورۇن ئالغان ئۇلۇغ، تالانتلىق يازغۇچى، ئۇنىڭ
قەلىمى ئارقىلىق «ئورخۇن يادىكارلىقى»دىكى مەڭگۈ تاشـ
لارغا يېزىلغان خاتىرىلەر تارىخ ۋە ئەدەبىيات يادىكارـ
لىقى جەھەتتىمۇ، بەدىئىيلىكىنىڭ يۈكسەكلىكى جەھەتتىمۇ
ناھايىتى قىممەتلىك. بىز يوللۇغ تېكىندەك تالانتلىق
يازغۇچى ئارقىلىق 8 - ئەسىردىكى تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ
نەقەدەر يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.



# قاراخانىلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

## 1

مىلادىنىڭ 840 - يىلىغا كەلگەندە، توپ-توغرا
200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقى
(646 - يىلىدىن 846 - يىلىغىچە) ئۆز ئىچىدىن دەھـ
شەتلىك كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەچۈرۈشكە باشلىدى.
ئاي تەڭرىدا قۇتبولمىش ئالپ بىلگە خاقان (ھاـ
زار تېكىن) ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 825- يىلىدىن 832 - يىلىغىـ
چە) ئۇيغۇر - ئورخۇن شاھزادىلىرى ئىچىدە خاقانلىق
تەختىنى تالىشىش يۈز بېرىپ، ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ ئاپەتـ
لىك يالقۇنلىرى لاۋۇلداشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئاي تەڭـ
رىدا قۇتبولمىش ئالپقۇلۇق بىلگە خاقان (خۇتېكىن)نىڭ
ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 832 - يىلىدىن 839 - يىلىغىچە)
ئىچكى ئۇرۇش ئەۋجىگە چىقتى. باش ۋەزىر قارابولۇق
بىلەن خۇتېكىن ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشتا خاقان مەغلۇپ
بولدى، خۇتېكىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇرۇشتا غەلـ
بە قازانغان قارا بولۇق، كېچىك تېكىن (قوزا تېكىن؟)
نى خاقانلىق تەختىگە چىقاردى. شۇ يىلى ئۇيغۇر - ئورـ
خۇن خاقانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا (ھازىرقى تاشقى ۋە

ئىچكى موڭغۇلىيىدە) تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ يېزا
ئىگىلىكى ۋەيران بولدى. ئەلنى ئاچارچىلىق قاپلىدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋابا كېسىلى تارقىلىپ نۇرغۇن ئادەم
ئۆلدى. قار ناھايىتى قېلىن ياغدى. نۇرغۇنلىغان ئات،
كالا، قوي مۇزلاپ ئۆلدى. خەلق ئۆي - ماكانىدىن ئاي-
رىلىپ، سەرسان بولدى.

بۇلارنى ئاز دېگەندەك قىرغىزلار ئىسيان كۆتۈرۈپ،
ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇنغا
ھۇجۇم قىلدى. قىرغىزلار ئەسلىدە، مىلادىنىڭ 758 - يى-
لىدىن باشلاپ ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىغا بېقىنغان
خانلىق بولسىمۇ، مىلادىنىڭ 821- يىلى ئاي تەڭرىداقۇت
بولمىش قۇچبىلگە خاقان (جۇڭگو تارىخچىلىرى بويىخان
دەپ يېزىشقان) ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىسيان كۆتۈ-
رۈپ، خاقانلىق تەركىبىدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ
كەلگەن ئىدى.

«كونا تاڭ يىلنامىسى، قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە»،
«يېڭى تاڭ يىلنامىسى، قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە» بابلى-
رىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارغا قېرىنداش
بولغان يەنسەي (ئانا ساي مەنبەسىدە) قىرغىزلىرىنىڭ تىل-
يېزىقى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - يېزىقى بىلەن ئوخشاش بو-
لۇپ، ئۇلارنىڭ چاچلىرى قىزغۇچ، كۆزلىرى كۆك، چى-
رايلىرى ئاق سۈزۈك ئىدى. 8 - ئەسىردە يەنسەي قىر-
غىزلىرىنىڭ ئاھالە سانى بىر مىليونغا يېقىن بولۇپ، 100 مىڭ
ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە ئىدى. مىلادىنىڭ 840 - يىلى
ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىدا يۈز بەرگەن ئېغىر ئەھۋال-



دىن خەۋەر تاپقان قىرغىز خانى ئازى (بۇ ئىسىم ئەمەس،
قىرغىز خانلىرىنىڭ لەقىمى) ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قارشى
قوشۇن تارتىشقا بەل باغلىغان. دەل شۇ پەيتتە خۇتې-
كىننىڭ تەرەپدارى بولغان ئۇيغۇر ھەربىي سەركەردىسى قۇ-
لۇق باغا قىرغىزلار ئارىسىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇيغۇر خاقانى-
لىقىدا يۈز بەرگەن بەختسىز ئەھۋالنى قىرغىز خانى
ئازىغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنى ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ.
قۇلۇق باغا قىرغىزلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ قارا بولۇق
قوللىغان خاقان كېيچىك تېكىن (قوزى تېكىن؟!)نى ئۆل-
تۈرۈپ، ئۆز ئورۇقىدىن بولغان بىر شاھزادىنى خاقان قىلىپ
كۆتۈرمەكچى ئىدى. لېكىن ئەھۋالنىڭ يۈزلىنىشى قۇلۇق
باغانىڭ نىيىتىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولدى. پۇرسەتنى
غەنىمەت بىلگەن قىرغىز خانى، ئاپا ئاتلىق سەركەردىسى-
نىڭ قوماندانلىقىدا 100 مىڭ ئاتلىق قوشۇننى يولغا سېلىپ
(بۇ قوشۇننىڭ بىر قىسمى قۇلۇق باغا باشلاپ كەتكەن ئۇي-
غۇر قوشۇنى بولۇشى مۇمكىن) ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلى-
قىنىڭ پايتەختى قارا بالغاسۇنغا ھۇجۇم قىلدى. قىرغىز-
لار كېيچىك تېكىن ۋە قارا بولۇقنى ئۆلتۈرۈپ خاقان
ئوردىسىغا ئوت قويدى. ئوردا خەزىنىسىدىكى ھەددى ھېساب-
سىز دۇنيا دەپىنەلەرنى بۇلاپ - تالىدى. 221 مىڭ دائىمىي
مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە (بۇ ئاتلىق قوشۇن 17
دىۋىزىيە بولۇپ، ھەر بىر دىۋىزىيىسى 13 مىڭ جەڭچى-
دىن تۈزۈلگەن). قۇدرەتلىك ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقى
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان (ئىچكى ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەت
قاتارلىق) تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن قىرغىزلار ئىسيانىغا

تاقابىل تۇرالمىدى. شۇڭا ئۇيغۇر - ئورخۇن شاھزادىلىرى پايتەخت قارا بالغاسۇننى تاشلاپ چىقىپ، خاقانلىقنىڭ سىياسىي مەركىزىنى ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ باغرىدىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە كۆچۈرۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەھشەتلىك ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن شەرقىي ئۇيغۇرلار (ھازىرقى تاشقى ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار) نىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا كۆچۈپ كەتكەن. شاھزادە پان تېكىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە غەربكە قاراپ كۆچۈپ بەش بالىق (ھازىرقى جىمسار، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى ئەتراپلىرى) تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچار قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، شۇ جايلاردا ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرى غەربىي ئۇيغۇرلارغا قوشۇلغان. ئۇلار تېزلىكتە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، بىر مەزگىل كۇچارنى قارارگاھ قىلغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 865 - يىلى بەش بالىقنى پايتەخت قىلدى. مانا شۇ ئۇيغۇرلار پان تېكىن، بوكو تېكىن باشچىلىقىدا ھەرىكەت قىلىپ، مىلادىنىڭ 860 - يىللىرىغا كەلگەندە تىبەتلىكلەرنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقاردى.

بەش بالىقنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى، ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە جۇچۇۋەنگىچە، غەربتە كۇچارنىڭ شەرقىگىچە، جەنۇبتا تەكلىماكان قۇملۇقىغىچە، شى-



مالدا جەنۇبىي ئالتايغىچە سوزۇلغان. ئۇيغۇر - ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى بەش بالىق بولسىمۇ، خاقان ۋە ئۇنىڭ بەگلىرى قىشتا تۇرپاندىكى قارا قوچۇ (ھازىرقى ئىدىقۇت) شەھىرىگە بېرىپ قىشلايتتى. شۇڭا تارىختا بەش بالىقنى يازلىق پايتەخت، ئىدىقۇت شەھىرىنى قىشلىق پايتەخت دەپمۇ ئاتىغان.

تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئەمەلىي تەرەققىياتىدىن قارىغاندا ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ دەۋرىنى ئىككى باسقۇچقا ئايرىش مۇۋاپىق. ئوچۇقراق ئېيتقاندا قارا بالغاسۇن پايتەخت بولغان چاغنى ئورخۇن دەۋرى (مىلادىنىڭ 646 - يىلىدىن 840 - يىلىغىچە). بەش بالىق پايتەخت بولغان چاغنى ئىدىقۇت دەۋرى (مىلادىنىڭ 850 - يىلىدىن 1335 - يىلىغىچە) دېيىش كېرەك. چۈنكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تەختىدە، ئورخۇندىن غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىز قەبىلىسىدىن چىققان شاھزادىلەر ئولتۇرغان ئىدى.

مىلادىنىڭ 840 - يىلى ئورخۇن بويلىرىدىن غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى يەتتە سۇ، قەشقەر ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ باردى. ئۇلار شۇ جايلاردىكى قەۋمى - قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىدا نام چىقارغان قەبىلىسى ياغمىلارنىڭ باشچىلىقىدا ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى (مىلادىنىڭ 850 - يىلىدىن 1212 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نى قۇردى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا تەخمىنەن تۆت ئەسىر ھۆكۈم سۈر-

گەن، مەدەنىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەپ ياشنىغان قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تارىخىنى ئۈچ دەۋرگە بۆلۈپ قىسقىچە بايان قىلىمىز.

## دەسلەپكى دەۋرى

بۇ دەۋر مىلادىنىڭ 850 - يىلىدىن 920 - يىلىغىچە بولغان 70 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مىلادىنىڭ 840 - يىلى ئورخۇن بويىدىن يەتتە سۇ، قەشقەر ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن شەرقىي ئۇيغۇرلار باشتا يەتتە سۇدىكى قارلۇق يابغۇلىقىنى بويسۇندۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن مىلادىنىڭ 850 - يىلى قەشقەر خانلىقىنى ئاساس گەۋدە قىلغان ھالدا تارىختا مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇيغۇرلار يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتكە قاراخانىلار دۆلىتى دەپ ئات قويدى.

ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتكە قاراخانىلار دۆلىتى دەپ ئات قويدى؟

ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ كۆپ تەڭرىلىك دىنلارنىڭ بىرى بولغان قامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. قامان ئەقىدىسى بويىچە ئەڭ چوڭ تەڭرى — كۆك تەڭرى بولۇپ ئۇنىڭ نامى باي ئۈلكەن (باي چوڭ) ئىدى. باي ئۈلكەن ئاسماندىكى توققۇز قات ئالتۇن تاغنىڭ تۆپىسىدىكى نۇر چاقناپ تۇرىدىغان كۈمۈش سارايدا ياشايدىكەنمىش. مانا شۇ باي ئۈلكەننىڭ يەتتە ئوغلى بولۇپ، شۇ ئوغۇللارنىڭ بىرىنىڭ نامى قاراخان



ئىكەن. ئالتاي رىۋايىتىگە ئاساسەن قاراخاننىڭ سىياقى سۈپەتلىرى زۆھەل (ساتۇرن) يۇلتۇزىغا ئوخشايدىكەن. ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئەڭ قەدىمكى چاغلىرىدا زۆھەل يۇلتۇزىنى «قارا يۇلتۇز» دەپ ئاتىغان ئىدى. ئەنە شۇ كۆك تەڭرىسى باي ئۈلكەننىڭ قاراخان ئاتلىق ئوغلى يۇلتۇز تەڭرىسى ئىدى. دېمەك ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى قۇرۇلغان دۆلىتىنىڭ خانلىرىغا قاراخان ئۇنۋانىنى بېرىپ، دۆلەتنى قاراخانىلار دۆلىتى دەپ ئاتىشى، قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ ئوغلى قاراخانغا ئوخشىتىپ، ئىلاھىي قىياپەت بەرگەنلىكىدىن بولغان. ئۇغۇزخاننىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمىمۇ قاراخان ئىدى. قاراخان دېمەك ئۇلۇغ ئىلاھىي تۈس ئالغان نام بولۇپ «قاراخانىلار» — ئۇلۇغلار مەنىسىگە ئىگە ئىدى. ھونلارمۇ ئۆز خاقانلىرىنى تەڭرىقۇت (خۇدا بەرگەن بەخت، دۆلەت، خۇدانىڭ ئوغلى مەنىسىدە) دەپ ئاتىغان ئىدى.

يۇقىرىدىكى سەۋەبكە ئاساسلىنىپ دۆلەتكە كىم ھۆكۈمران بولسا ئۇنىڭ نامىنىڭ ئايىغىغا «قاراخان»، «بۇغراخان»، «ئارسلانخان» ئۇنۋانى قوشۇلاتتى. مەسىلەن، ساتۇق بۇغراخان، ئېلى ئارسلانخان، توغرۇل قاراخان دېگەنگە ئوخشاش. ئۇيغۇرلار تۆگىنىڭ ئەركىكىنى «بۇغرا» دەيتتى. «بۇغرا» سۆزى كۈچلۈك، باتۇر مەنىسىدە قوللىنىلاتتى. ئارسلانمۇ يىرتقۇچ ھايۋان بولۇپ، ئۇمۇ ناھايىتى قەيسەر، باتۇر خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى.

مىلادىنىڭ 850 - يىلى قۇرۇلغان ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تۇنجى خاقانىنىڭ كىملىكى تارىخىي خاتىرى-

لەردە تازا ئېنىق ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ قاراخانلارنىڭ تۇنجى خاقانىنىڭ بىلگە قاراخان ياكى بۇقا قاراخان ئاتلىق كىشى ئىكەنلىكىگە خېلى ئىشەنچلىك ئاساسلار بار. قاراخانلار قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ بەلگىلىدى. مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىرلەر بۇرۇن «بىلادىھون» (ھون شەھىرى) «قاش - قىيا» دەپ ئاتالغان قەشقەر («قەشقەر» سۆزى «قاش - قىيا»نىڭ باشقىچە ئېيتىلىشى) «ئوردوكەنت» دەپ ئاتالدى. قاراخانلارنىڭ خانلىرى يازدا ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى چۇ دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بالاساغۇن شەھىرىگە كېلىپ يازلايتتى. بالاساغۇنمۇ قاراخانلارنىڭ يازلىق پايتەختى ئىدى. لېكىن ئاساسى پايتەخت يەنىلا قەشقەر ئىدى.

بىلگە قاراخاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 850 - يىلىدىن 880 - يىلىغىچە) دۆلەتنىڭ زېمىنى بىرقەدەر كېڭەيدى. مىلادىنىڭ 870 - يىلى خۇراسان، ئافغانىستان، ماۋارەئۇننەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سامانىلار دۆلىتى تەشكىل تاپتى. قاراخانلارنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىگە يەتتە سۇ، قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرى كىرەتتى. بىلگە قاراخاننىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى ئانچە ئېنىق ئەمەس. بەزى تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلگە قاراخاننىڭ بازىر ۋە ئوغۇلچاق ئاتلىق ئىككى ئوغلى بولغانلىقى مەلۇم. بىلگە قاراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا بازىر (بارخان) خاقان بولغان. بازىرخان قەشقەردە، ئۇكىسى ئوغۇلچاق بالاساغۇندا تۇرغان، بازىر خاقاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 880 - يىلىدىن 890 - يىلىغىچە؟) قاراخان-



لار بىلەن سامانىلار ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى. بۇ ئۇرۇش يۈز بېرىشتىن بۇرۇن سامانىلار دۆلىتىنىڭ (مىلادىنىڭ 807 - يىلىدىن 900 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) پادىشاھى ناسىر بىننى ئەھمەت (مىلادىنىڭ 865 - يىلىدىن 892 - يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) قاراخانلارنى زەئىپلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزى قوشۇنغا باش بولۇپ، يەتتە سۇدىكى شاۋگار (ھازىرقى تۈركىستان شەھىرىنىڭ يېنىدا) شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا قايسى تەرەپنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

سامانىلارنىڭ پادىشاھى ئىسمائىل بىننى ئەھمەت (مىلادىنىڭ 874 - يىلىدىن 907 - يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) مىلادىنىڭ 893 - يىلى قاراخانلارنىڭ يەتتە سۇدىكى تالاس شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئىسمائىل بىننى ئەھمەت باشچىلىقىدىكى سامانىي قوشۇنلىرى ئوغۇلچاق باشچىلىقىدىكى قاراخانىي قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئىسمائىل بىننى ئەھمەت ئوغۇلچاقنىڭ خانىشىنى ۋە 15 مىڭ ئەسكىرىنى ئەسىر ئالدى ۋە تالاس شەھىرىنى بېسىپ ئالدى. ئوغۇلچاق قەشقەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئىسمائىل بىننى ئەھمەت تالاستىكى خىرىستىيان بۇتخانىسىنى مەسچىتكە ئايلاندۇردى. تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا، يەتتە سۇ سامانىلار قولىدا ئانچە تۇرمىغان. قاراخانلار يەتتە سۇدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆز ھالىغا كەلتۈرۈپ ئالغان.

تەخمىنەن مىلادىنىڭ 890 - يىلى بازىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قاراخانلارنىڭ تەختىگە ئۇنىڭ ئۇكىسى ئوغۇلچاق ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. دىنىي روھ بىلەن

سۈغۇرۇلغان بەزى بىر تەزكىرىلەردىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، بازىرخان ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ ساتۇق تېكىن ئاتلىق ئوغلى كىچىك بولغانلىقتىن تاغىسى ئوغۇلچاق، ساتۇق تېكىننىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشىنى ۋاكالىتەن قولىغا ئالغان ئىكەن. ئوغۇلچاق ساتۇق تېكىننىڭ تول قالغان ياش ئانىسىغىمۇ ئۆيلەنگەن.

قاراخانىلار تارىخىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 850 - يىلىدىن 920 - يىلىغىچە) بىلگە قاراخان (850 — 880) بازىرخان، (880 — 890)، ئوغۇلچاق (890 — 920) قاتارلىق ئۈچ خاقان ئۆتكەن.

## كۈچەيگەن دەۋرى

قاراخانىلار تارىخىنىڭ كۈچەيگەن دەۋرى مىلادىنىڭ 920 - يىلىدىن 1040 - يىلىغىچە بولغان 120 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى كېڭەيگەن، دۆلەت كۈچەيگەن، مەدەنىيەت گۈللەپ ياشناشقا باشلىغان ئىدى.

قاراخانىلار تارىخىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگىچە (مىلادىنىڭ 850 - يىلىدىن 920 - يىلىغىچە) ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارغا قېرىنداش بولغان خەلقلەر قامان، بۇددا، مانى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇيغۇرلار ياشىغان بەزى جايلاردا (كۇچار، خوتەن، ئىدىقۇت خانلىقلىرىدا) بۇددا دىنى ئاساسىي ھۆكۈمران دىن ئىدى. ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 920 - يىلى ساتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولۇپ، تەختنى تاغىسى ئوغۇلچاقتىن تارتىپ ئالغاندىن باشلاپ مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىغان.



ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان ئىسلام دىنى ئەڭ بۇرۇن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغان ئەرەبلەر ئارىسىدا تارقالغان.

دۇنيادىكى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى — ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئاللانىڭ مۇسۇلمان بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 570 - يىلى مەككىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، تاغىسى ئەبۇ تالىپ (ئەلىنىڭ ئاتىسى) نىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ياش ۋاقتىدا مەككىدىكى ئەڭ باي ئايال خەدىچە كۇبرانىڭ سودا كارۋانلىرى بىلەن پەلەستىن، سۈرىيە قاتارلىق جايلارغا بارغان. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئاللا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىك ۋەھىي كەلگەندىن باشلاپ، مىلادىنىڭ 610 - يىلى (40 يېشىدا) مەككىدە ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلىشقا كىرىشكەن. مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ تۆرە زادىلىرى دەسلەپ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنغان. شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى مىلادىنىڭ 622 - يىلى يېرىم كېچىدە مەككىدىن چىقىپ، مەدىنىگە كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ۋەقە ئىسلام - تارىخىدا «ھىجرەت» (سەپەر قىلىش) دەپ ئاتىلىپ، دۇنيادىكى ئەھ-

لى مۇسۇلمانلارنىڭ يىلنامىسى — ھىجرىيە مانا شۇ چاغـ
دىن (مىلادىنىڭ 622 - يىلىدىن) باشلانغان. مۇھەممەت
ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا
ئېتىقاد قىلىدىغانلار ناھايىتى تېز كۆپىيىپ، مۇھەممەت
ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ئورنى مۇستەھكەملەنگەن.
مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام قوشۇن باشلاپ مەككىگە يۈرۈش
قىلغان. مۇسۇلمان ئەرەبلەر بىلەن كاپىر ئەرەبلەر
ئارىسىدا كۆپ قېتىم ئۇرۇش بولغان. مىلادىنىڭ 630 -
يىلى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھ قىلغاندىن
كېيىن ئىسلام دىنى پۈتۈن ئەرەب قەبىلىلىرى تەرىپىـ
دىن قوبۇل قىلىنغان. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مىلادىـ
نىڭ 632 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا پۈتۈن
ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى بىرلىككە كەلگەن ئىدى.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېـ
يىن، ئۇنىڭ يېقىن سەپدىشى ۋە قېيىن ئاتىسى ئابۇ بەكرى
خەلىپە (ھەربىي، مەمۇرىي، دىنىي ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى
خەلىپىنىڭ قولىدا بولاتتى) بولدى. ئۇ خەلىپىلىك ئورنىـ
دا تۇرغان مەزگىلدە (632 — 634) ئەرەبلەر ئىسلام
دىنىنى قوشنا ئەللەرگە تارقىتىشنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا
ئىشلىگەن ئىدى.

خەلىپە ئۆمەر زامانىسىدا (634 — 644) ئەرەبـ
لەر غەرب ۋە شەرق تەرەپتىكى قوشنىلىرىغا ناھايىتى
شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلىدى. خەلىپە ئۆمەر مىلادىـ
نىڭ 636 - يىلى شەرقىي رومانىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار
كەلتۈرۈپ دەمەشقىنى (ھازىرقى سۈرىيەنىڭ پايتەختى)،



پەلەستىنىنى، 640 - يىلى سۈرىيەنى پۈتۈنلەي بېسىپ
ئالدى.

ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنى يوق قىلىش خەلىپە
ئۆمەرنىڭ ۋاقتىدا ئاساسەن ئاياغلاشقان ئىدى.

ئەرەبلەر ئىراننى تولۇق بېسىۋالغاندىن كېيىن، مىلادىـ
نىڭ 651 - يىلى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا
ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن. ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقـ
لىرىنى بويسۇندۇرۇپ، مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن ناھايىـ
تى ئۇزاققا سوزۇلغان جەڭلەرنى ئېلىپ باردى. ئەرەب
ئۇممەۋىيلەر خەلىپىلىكى (مىلادىنىڭ 651 - يىلىدىن 750 -
يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) زامانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا
تەيىنلەنگەن نائىبلەردىن قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم (مىـ
لادىنىڭ 708 - يىلىدىن 717 - يىلىغىچە نائىب بولغان)
ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ئىشىنى ئاساسەن ئورۇنـ
لىغان. شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەر ئوتتۇرا
ئاسىيانى ئەرەبلەرنىڭ بېسىپ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ مىلاـ
دىنىڭ 709 - يىلىدىن تارتىپ 740 - يىلىغىچە ئەرەبـ
لەر بىلەن بىرنەچچە قېتىم قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ
بارغان بولسىمۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركلەرگە قىلغان
ھۇجۇملىرى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئەرەبلەرگە ياردىمى
تېگىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئەرەبلەرنىڭ بېسىپ ئېلىشىنى
ئوڭايلاشتۇردى.

ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇپ ئالغاندىن
كېيىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. مىلادىـ
نىڭ 751 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش يۈزىسىدىن

ئەرەبلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدا تالاس دەرياسىنىڭ بويىدا ئۇرۇش بولدى. سالىھ ئىبنى زىياد قوماندانلىقىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرى گاۋ شيەنزى قوماندانلىقىدىكى كۆپ سانلىق تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈردى. تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى مۇقىملاشتى.

ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىكى (مىلادىنىڭ 750 - يىلىدىن 1258 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئوتتۇرا ئاسىيا، خۇراسان قاتارلىق جايلارغا يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىلىرىدىن نائىب تەيىنلىدى. سامان ئەسلىدە خۇراسانلىق تاجىك بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ، ئورنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىرى ساماننىڭ ئوغۇللىرىنى خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا نائىب قىلىپ تەيىنلىدى. مانا شۇ سامان ئوغۇللىرىدىن نائىپ بولغانلار مىلادىنىڭ 870 - يىلىغا كەلگەندە ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداتقا بويسۇنماي مۇستەقىل بولۇۋالدى. ئۇلار خۇراسان، ئافغانىستان ۋە ماۋارەئۈننەھرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ تېررىتورىيىدە سامانىلار دۆلىتىنى قۇردى. ساماننىڭ ئوغۇللىرى ئۆزلىرى ھۆكۈمران بولغان دۆلەتكە بوۋىسى ساماننىڭ نامىنى قويۇپ، سامانىلار دەپ ئاتىدى.

بۇخارانى پايتەخت قىلغان سامانىلار دۆلىتىدە (مىلادىنىڭ 870 - يىلىدىن 1000 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)



ناسىر II نىڭ زامانىسىدا (مىلادىنىڭ 914 - يىلىدىن 943 - يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) تەرەپ - تەرەپتىن ئىسيانلار كۆتۈرۈلدى، بۇنداق ئىسيانلار ئاساسەن ناسىر بىنىنى ئەھمەت بىلەن ئىسمائىل بىنىنى ئەھمەتنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدىكى تەخت تالىشىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. مانا شۇنداق ئىسيانلارنىڭ تەرىپىنى ئالغان سامانىلار شاھزادىلىرىدىن بىرى ئەبۇ نەسىر سامانى، ئىسيان باستۇرۇلغاندا (ناسىر II تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندا) قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن ئىدى. قاراخانىي ھۆكۈمرانى ئوغۇلچاق تەرىپىدىن قارشى ئېلىنغان ئەبۇ نەسىر سامانى مىلادىنىڭ 920 - يىلى ساتۇق تېكىننى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇشتا ئاساسىي رول ئوينىدى. ساتۇق تېكىن ئەبۇ نەسىر ساماننىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇسۇلمان بولدى. ساتۇق تېكىن مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن قەشقەردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، مۇسۇلمان بولغانلارمۇ ئانچە ئاز بولمىسا كېرەك. ساتۇق تېكىن مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن تاغىسى ئوغۇلچاقنى يېڭىپ (ئېھتىمال ئۆلتۈرۈپ) قاراخانىلار تەختىگە چىقتى. مانا شۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 920 - يىلى يۈز بەرگەن ئىدى.

مىلادىنىڭ 920 - يىلى ساتۇق بۇغراخان قاراخانىلارنىڭ خاقانى بولغاندىن باشلاپ قاراخانىلار تارىخىنىڭ كۈچەيگەن دەۋرى باشلاندى، بۇ دەۋردە (920—1040) قاراخانىلار دۆلىتى قۇدرەتلىك، مەدەنىيەتلىك باي بىر دۆلەت سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلغان ئىدى.

ئىسلام دىنى ساتۇق بۇغراخاننىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، بالاساغۇن، بارسخان (ئىسسىق كۆلىنىڭ بويىدا) قاتارلىق جايلاردا، ئىلى ئەتراپلىرىدا ناھايىتى تېزلا تارقىلىپ يىلتىز تارتتى. بۇنداق ئەھۋالدىن خۇشال بولغان سامانىلار ساتۇق بۇغراخانغا كۆپ تەرەپتىن ياردەم قىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ماۋارەئۇننەھرى، خۇراسان، ئافغانىستان قاتارلىق جايلاردىن قەشقەرگە ۋە بالاساغۇنغا نۇرغۇن ئالىملار كەلدى. مانا شۇ مۇسۇلمان ئالىملار ساتۇق بۇغراخانغا «ئابدۇكېرىم» دەپ ئات قويۇشتى. ساتۇق بۇغراخان زامانىسىدا (مىلادىنىڭ 920 - يىلىدىن 956 - يىلىغىچە) ئۇنىڭ نامىدا قۇيدۇرۇلغان تىللا پۇلدا «قارا خان ساتۇق ئابدۇكېرىم» دېگەن سۆزلەر بار. بۇنداق تىللا پۇللار ھازىر لېنىنگراتتىكى مۇزېيدا ساقلانماقتا.

ساتۇق بوغراخان قاراخانىلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى بولغاندىن باشلاپ، قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەر مەدەنىيەت، سودا، سانائەت ئەڭ گۈللىگەن دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە شەھەرگە ئايلاندى.

ساتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن خوتەن، كۇچار، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىك ھالىتىنى ساقلاپ، قاراخانىلارغا بويسۇنۇشتىن باش تارتقان ئىدى. ساتۇق بۇغراخان يۇقىرىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇپ، مۇسۇلمان قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ ئاۋۋال ئۆزى قوشۇنغا باش بو-



لۇپ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. ساتۇق بۇغراخان خوتەننى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كۇچارغا يۈرۈش قىلدى. بۇددا دىنىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان كۇچار قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، كېيىن مەغلۇپ بولۇپ باش ئەگدى. خوتەن بىلەن كۇچار بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئاھالىنىڭ دېگۈدەك كۆپچىلىكى يەنىلا مۇسۇلمان بولماي بۇددا دىنى ئېتىقادىدا قالدى.

ساتۇق بۇغراخان خوتەن بىلەن كۇچارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن تەخمىنەن مىلادىنىڭ 950 - يىللىرى شىمال (ئىلى تەرەپ)، جەنۇب (قارا شەھەر تەرەپ) يۆنىلىشىدىن قوشۇن ماڭدۇردى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بۇددا دىنىدا قېلىش شەرتى بىلەن قاراخانىلارغا بويسۇنغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنداق بويسۇنۇش كۆرۈنۈشتىلا، ناھايىتى قىسقا مۇددەتتىكىلا بولغان ئىدى.

بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان جەڭلەردە ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ ئوغلى ئابدۇلپەتتاھ ناھايىتى ئوبدان جاسارەت كۆرسەتكەن ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ساتۇق بۇغراخان ئۇنىڭغا «ئالپ تېكىن» (قەھرىمان شاھزادە) ئۇنۋانىنى بەردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، مۇسۇلمان بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان، ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەتنىڭ گۈللەپ - ياشناپ، تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ شانلىق بىر باسقۇچقا قەدەم قويۇشى ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۆرەشكەن ئۇلۇغ مەرىپەتپەرۋەر،

تالانتلىق ھەربىي سەركەردە، دانىشمەن، سىياسىيون، قەتئىي، غەيرەتلىك، سۇنماس ئىرادىلىك ساتۇق بۇغراخان مىلادىنىڭ 956 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ جەسىتى ئۆز ۋەسىيىتى بويىچە، ئۆزىنى مۇسۇلمان قىلغان ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ قەبرىگاھىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئۇيغۇرلار تاۋاپ قىلىپ تۇرىدىغان، ئاتۇشتىكى ھەزرىتى سۇلتان مازارى ئۇلۇغ بوۋىمىز ساتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىگاھى بولىدۇ.

ساتۇق بۇغراخاننىڭ بايتاش (مۇسا)، تۇڭگا ئىلىك (سۇلايمان) ئاتلىق ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ساتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن چوڭ ئوغلى بايتاش بۇغراخان ئورنىدا خاقان بولدى. مۇسا بۇغراخان قىسقا مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن. (956 — 958)دىن كېيىن ۋاپات بولدى. ئۇكىسى سۇلايمان ئارسلانخان خاقان بولدى. سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 958 - يىلىدىن 978 - يىلىغىچە؟)قاراخانىلار تارىخىدا جىددىي، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر يۈز بەردى. مىلادىنىڭ 960 - يىلى يەتتە سۇ ۋە قەشقەر ئەتراپىدا ياشايدىغان غەيرىي دىندىكى (قامان، بۇددا) ئۇيغۇرلاردىن 200 مىڭ چېدىرلىق ئائىلە (تەخمىنەن بىر مىليون كىشى) ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. سۇلايمان ئارسلانخان مانا شۇ چوڭ ۋەقەنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكالىدى. ئاندىن كېيىن سۇلايمان ئارسلانخان خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇپ، مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن قاراخانىلار قو-



شۇنىغا ئۆزى باش بولۇپ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. سۇلايمان ئارسلانخان خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى سۇندۇرۇپ، ئۇلارنى قايتىدىن بويسۇندۇردى، لېكىن خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار تولۇق مۇسۇلمان بولماي يەنىلا بۇددا ئېتىقادىدا قالدى. سۇلايمان ئارسلانخان خوتەندىن غەلىبە بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالپ تېكىن (ئابدۇلپەتتاھ) باشچىلىقىدىكى چوڭ بىر قوشۇننى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى مىڭلاق (ھازىرقى غۇلجا)قا ماڭدۇردى. ئالپ تېكىن باشچىلىقىدىكى قاراخانىلار قوشۇنى مىڭلاقتىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، بۇددىست ئۇيغۇرلارنى ئۇ جايلاردىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ماكانلىرىغا مۇسۇلمان ئۇيغۇرنى جايلاشتۇردى. مانا مۇشۇ يۈرۈش توغرىسىدا مۇنداق بىر قوشاق توقۇلغان:

كېمە ئىچىگە ئولتۇرۇپ،
ئىلى سۈيىنى كەچتۇق بىز.
ئۇيغۇر تەرەپكە يۈزلىنىپ،
مىڭلاق ئېلىنى ئاچتۇق بىز.①

تۈن بىلەن بېسىپ ئالدۇق،
ھەر تەرەپتىن بۆكتۈرمە قويدۇق.
ئاتلىرىنىڭ كوكۇللىرىنى كەستۇق،
مىڭلاق (غۇلجا) ئەرلىرىنى سويدۇق.②

① مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە 1- توم، 565- بەت
② مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە 3- توم، 324- بەت

سۇلايمان ئارسلانخان ئىلى ئەتراپىدىكى بۇددىست
ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن تەخمىنەن
مىلادىنىڭ 970 - يىللىرى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى
بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بەل باغلىدى. ئۇ مانا شۇ نىيىتىـ
نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالپ تېكىن (ئابدۇلپەتتاھ)
نى ئورغۇن قوشۇنغا باش قىلىپ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانـ
لىقىنى باش ئەگدۈرۈشكە ماڭدۇردى. ئالپ تېكىن باشـ
چىلىقىدىكى قاراخانىلار قوشۇنى ئاقسۇ، كۇچاردىن
ئۆتۈپ قاراشەھەرنى ئالدى. ئاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئىدىـ
قۇت خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى قارا قوجۇ (ئىدىقۇت
شەھىرى)غا ھۇجۇم قىلدى. قانلىق جەڭلەردىن كېيىن
ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانى ئارسلانخان (مىلادىنىڭ 948 -
يىلىدىن 990 - يىلىغىچە خان بولغان) مەغلۇپ بوـ
لۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى بەش بالىق (ھازىرـ
قى جىمسار ئەتراپلىرى) قا چېكىندى، ئالپ تېكىن
تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىگىلەپ ئالـ
غاندىن كېيىن، بەش بالىققا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇيـ
غۇر ئىدىقۇت خانى ئارسلانخان بەش بالىقنىڭ جەنۇـ
بىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ ئىدىقۇت شەھىرىگە بارىدىغان
تاغ ئېغىزىغا نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ، ھەل قىلغۇچ قانـ
لىق جەڭگە تەييارلىنىپ تۇردى.
قاراخانىلارنىڭ خاقانلىرى توغرىسىدا يېزىلغان بەزىـ
بىر تەزكىرىلەردىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئالپ تېـ



كىن بىلەن ئارسلانخان ئارىسىدىكى ئۇرۇش ھازىرقى
داۋانچىڭنىڭ شىمال تەرىپىدىكى پارچا سايىدا بولغان.
بۇ ئۇرۇشتا ئالپ تېكىن مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزى ئۆلـ
گەن. ئۇرۇشتا غالىب بولغان ئارسلانخان تۇرپان، قارا
شەھەر قاتارلىق شەھەرلەرنى قاراخانىلارنىڭ قولىدىن
تارتىپ ئالغان. تۇرپاندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار مۇسۇلـ
مان بولغاندىن كېيىن (17 - ئەسىردە) ھازىرقى ئاستاـ
نىدا ئالپ تېكىننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن «ئەلپەتا» دەپ
ئاتىلىدىغان مازارنى بىنا قىلغان.
سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ 970 - يىلى ئۇيغۇر
ئىدىقۇت خانلىقىغا قىلغان يۈرۈشى (ئالپ تېكىن ئارقىـ
لىق) مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، خوتەندىكى ئۇيغۇرلار
ئىسيان كۆتۈرۈپ، مىلادىنىڭ 975 - يىلىدىن تارتىپ
مىلادىنىڭ 1000 - يىلىغىچە قاراخانىلار بىلەن 25 يىل
ئۇرۇشتى.
مۇسا بۇغراخان، سۇلايمان ئارسلانخان قاتارلىق
ئىككى خاقاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 956 - يىلىدىن
978 - يىلىغىچە؟) قاراخانىلارنىڭ تېررىتورىيىسى بىر قەـ
دەر كېڭەيگەن بولسىمۇ، خوتەن بۇددىستلىرىنى، ئۇيغۇر
ئىدىقۇت بۇددىستلىرىنى بويسۇندۇرالمىدى.
باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خوتەن بۇددىستلىرى
25 يىل (مىلادىنىڭ 975 - يىلىدىن 1000 - يىلىغىچە)
قاراخانىلار بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۇزاق
مۇددەتكىچە قارشىلىق كۆرسىتىشىدە ئىككى تۈرلۈك سەـ
ۋەب بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى، خوتەندە بۇددىزم چوڭـ

قۇر يىلتىز تارتقان بولسا، يەنە بىر سەۋەب، خوتەن بۇددىستلىرىغا تىبەت بۇددىستلىرى، ئۇيغۇر ئىدىقۇت بۇددىستلىرى ھەر جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز ياردەم قىلىپ تۇرغان ئىدى.

سۇلايمان ئارسلانخان مىلادىنىڭ 978 - يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مۇسا بۇغراخاننىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان خاقان بولدى. ئۇنىڭ ۋاقتىدا (978—998؟) قاراخانىلار كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىشقا باشلىدى. سۇلايمان (مۇسانىڭ ئۈكىسى)نىڭ ئوغلى ھارۇن بۇغراخان ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئورۇنباسارى بولدى. ھارۇن بۇغراخان ئەلى ئارسلانخاننىڭ ۋاقتىدا چوڭ رول ئوينىدى. ھارۇن بۇغراخان سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ئۇستا، ناھايىتى تەدبىرلىك، ھەربىي جەھەتتە ساتۇق بۇغراخاندىن زادى قېلىشمايدىغان، ستراتېگىك، ئاجايىپ غەيرەتلىك، باتۇر ئادەم بولۇپ، ئىتائەتتىن باش تارتقان بەگباشلارنى تېزلىكتە بويسۇندۇردى. قاراخانىلار دۆلىتى ئىچكى جەھەتتە ئۇلۇق تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتى. ئەلى ئارسلانخان قاراخانىلار تەۋەسىدىكى مۇسۇلمان ۋە غەيرىي دىندىكى (قامان، بۇددا، مانى قاتارلىق دىنلاردىكى) ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان، ناھايىتى كۈچلۈك، ئىنتىزاملىق، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن قوشۇن تەشكىللەپ، دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئاشۇردى. ئۇ مانا شۇ كۈچكە تايىنىپ تۇرۇپ، خوراسان (شەرقىي ئىران)، ئافغانىستان، ماۋەرەئۇننەھرى قاتارلىق چوڭ تېررىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان،



باي، مەدەنىيەتلىك، كۈچلۈك سامانىلار دۆلىتىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى قاراخانىلار تېررىتورىيىسىگە قوشۇپ ئېلىشقا بەل باغلىدى.

ئەلى ئارسلانخان مانا شۇ ئۇلۇغ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم قوشۇننى خوتەن ۋە ئىدىقۇت بۇددىستلىرىنىڭ ئېھتىمالدىن يىراق بولمىغان ھۇجۇملىرىنى قايتۇرۇپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن كېيىن ئۇ مىلادىنىڭ 990 - يىلىنىڭ بېشىدا قوشۇن ئەۋەتىپ يەتتە سۇدىكى ئىسفىجاپ شەھىرىنى سامانىلار قولىدىن تارتىپ ئالدى. سامانىلار مىلادىنىڭ 840 - يىلى (بۇ چاغدا ئۇلار ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ نائىبى ئىدى) ئىسفىجاپنى بېسىپ ئالغان ئىدى. ئەلى ئارسلانخاننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ھارۇن بۇغراخان ئىسفىجاپنى سامانىلار قولىدىن تارتىپ ئالغاندىن كېيىن، بالاساغۇن ئەتراپىغا نۇرغۇن قوشۇن توپلىدى. بۇندىن تاشقىرى سامانىلارنىڭ ئوغۇزلاردىن كېلىپ چىققان ھەربىي سەركەردىلىرى بىلەن مەخپىي مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سامانىلاردىن يۈز ئۆرۈپ، قاراخانىلار تەرەپكە ئۆتۈشىنى قولغا كەلتۈردى.

سامانىلار دۆلىتى ئەلى ئارسلانخان قاراخانىلار تەختىگە چىققان مەزگىلدىن باشلاپ، ئىچكى جەھەتتە ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالغا يولۇققان ئىدى. شۇ چاغدا سامانىلار ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى، يەرلىك فېئوداللارنىڭ توپىلاڭلىرى سەۋەبىدىن ھالسىراشقا باشلىغان ئىدى. ئىچكى ئىسيانلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئادەم

كۆچى، ماددىي كۈچلەر كۆپلەپ سەرپ قىلىنغاندىن تاشقى-
رى، مالىيە جەھەتتىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن بايلىق سەرپ
قىلىنغان ئىدى. مالىيە قىيىنچىلىقىغا يولۇققان سامانى ھۆ-
كۈمرانلىرى خەلق ئۈستىدىكى تۈرلۈك ئالۋاڭ - ياساقلار-
نى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردى. بۇنداق قىلىش خەلق ئامما-
سىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلادىنىڭ 960 - يىللىرى سامانىلارنىڭ
خۇراساندىكى نائىبى (باش ۋالىيسى) ئالپتېگىن (كېلىپ
چىقىشى ئوغۇزلاردىن) مەركىزىي ھاكىمىيەتكە بويسۇنماي
خۇراسان، ئافغانىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېررىتورىيىدە
غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىغا (مىلادىنىڭ 963 - يىلىدىن
1187 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئاساس سېلىپ مۇس-
تەقىل بولۇۋالدى. سامانىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ماۋارەئۈن-
نەھرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. ھارۇن بۇغراخان ساما-
نىلارنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئۆز ۋاق-
تىدىلا بايقاپ تۇرغان ئىدى.

ھارۇن بۇغراخان سامانىلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش-
نىڭ شەرت - شارائىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېسابقا
ئېلىپ، مىلادىنىڭ 992 - يىلى 5 - ئايدا يەتتە سۇدىن
غەربكە — ماۋارەئۈننەھرگە يۈرۈش باشلىدى. ھارۇن
بۇغراخاننىڭ سامانىلار دۆلىتىگە شىددەت بىلەن ئومۇم-
يۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىغانلىقىدىن چۆچۈپ كەتكەن ساما-
نىلارنىڭ پادىشاھى نوھ ئىبنى مەنسۇر (مىلادىنىڭ 976 -
يىلىدىن 997 - يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) ئومۇمىي
سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈپ، قوراللىق كۈچ بىلەن قار-



شىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى. بۇ ئەھۋالغا قارىغاندا
ھارۇن بۇغراخان كۆپ سانلىق كۈچلۈك قوشۇن بىلەن
ھۇجۇم قوزغىغانلىقى مەلۇم. لېكىن تارىخىي خاتىرىلەردە
قاراخانىلار قوشۇنىنىڭ ئېنىق سانى ھەققىدە
ئۇچۇق مەلۇمات يوق. نوھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ
ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى يارلىقى ئانچىۋالا دې-
گۈدەك رول ئوينىمىغان. چۈنكى نوھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ
تالانتلىق، مەشھۇر ھەربىي سەركەردىلىرىنىڭ تولىسى ئۇي-
غۇرلارغا قېرىنداش بولغان ئوغۇزلاردىن ئىدى. ئۇلار نوھ
ئىبنى مەنسۇرنى قوللىمىدى. ئەنە شۇنداق شارائىت ئاس-
تىدا قاراخانىلارنىڭ قوشۇنلىرى ئانچە قاتتىق قارشىلىققا
ئۇچرىمايلا ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى. ئوغۇزلاردىن بولغان
ئايانچ تېگىن باشچىلىقىدىكى سامانى قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا
مەغلۇپ بولدى. ئايانچ تېگىن ئەسىر چۈشتى. نوھ ئىبنى
مەنسۇرنىڭ فايىق تېگىن ئاتلىق سەركەردىسى ھارۇن بۇغ-
راخان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپ-
قان نوھ ئىبنى مەنسۇر پايتەخت بۇخارانى تاشلاپ قاچ-
تى. ھارۇن بۇغراخان فايىق تېگىنىنىڭ قارشى ئېلىشى
بىلەن مىلادىنىڭ 992 - يىلى 6 - ئايدا تەنتەنىلىك
ھالدا بۇخارادىكى جۈيمۇلىيان ئوردىسىغا كىردى. ھارۇن
بۇغراخان فايىق تېگىننى تىرمىزگە نائىب قىلىپ تەيىنلى-
دى. بۇ چاغدا ھارۇن بۇغراخان سامانىلارنىڭ خۇراسان-
دىكى نائىبى ئەبۇئەلى سىمجۇرىدىن ئۆزىگە شەرتسىز
بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلغاندا ئەبۇ ئەلى باشتا ھارۇن بۇغ-
راخانغا بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ (ئۇ سامانىلار تېر

رىتورىيىسىنى ھارۇن بۇغراخان بىلەن بۆلۈشۈپ ئېلىشقا كېلىشكەن ئىدى) نوھ ئىبنى مەنسۇر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

قاراخانىلار ماۋارەئۇننەھرنى سامانىلار قولىدىن تارتىپ ئالغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ تېررىتورىيىسى ناھايىتى كېڭىيىپ كەتتى. قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى شىمالدا بالقاشتىن تارتىپ، جەنۇبتا كەشمىرگىچە، شەرقتە كۇچارنىڭ غەربىدىن تارتىپ، غەربتە خارەزمگىچە سوزۇلدى. مانا شۇ بىپايان، چەكسىز تېررىتورىيە ئۈچ مىليون كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ھازىرقى فرانسىيەدەك ئالتە فرانسىيە زېمىنىغا تەڭ ئىدى.

قاراخانىلار بالاساغۇنغا ۋە ئۆزكەنتكە «ئىلىك خان» ئۇنۋانىدا ئىككى باش ۋالىي تەيىنلىدى. بالاساغۇنغا تەيىنلەنگەن باش ۋالىي شىمالىي ئىلىك خان دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە سىر دەريانىڭ شەرقىدىكى جايلارنى ئىدارە قىلاتتى. شىمالىي ئىلىك خاننىڭ مەركىزى بالاساغۇن ئىدى. ئۆزكەنتكە تەيىنلەنگەن باش ۋالىي غەربىي ئىلىك خان دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ئاساسەن ماۋارەئۇننەھرنى ئىدارە قىلاتتى. شىمالىي ئىلىك خانلىققا قاراخانىي شاھزادىلىرىدىن بىرى تەيىنلەندى. غەربىي ئىلىك خانلىق ۋەزىپىسىگە ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ناسىر تەيىنلەنگەن ئىدى.

ھارۇن بۇغراخان بۇخاراغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كېسىلى (سوڭ قاناش — گېموررويى) ئېغىرلىشىپ، سەمەرقەنتكە كەتتى. لېكىن ئۇ يەردىمۇ ئانچە ئۇزاق تۇر-



ماي، قەشقەرگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئاتباشتا كەلگەندە ئالەمدىن ئۆتتى. جەسىتى قەشقەرگە كەلتۈرۈلۈپ، ھازىرقى بەشكېرەمنىڭ قاراساقال كەنتىگە دەپنە قىلىنغانلىقى مەلۇم، مانا شۇنداق ئەھۋالدىن پايدىلانغان نوھ ئىبنى مەنسۇر مىلادىنىڭ 992 - يىلى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بۇخارانى بېسىپ ئالدى، ھارۇن بۇغراخان تەرىپىدىن بۇخاراغا قويۇلغان ھاكىم ئابدۇلئەزىز (نوھنىڭ ئۇكىسى) ئۆلتۈرۈلدى.

ئەلى ئارسلانخان ھارۇن بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن غەربىي ئىلىك خانى ناسىرغا (ئوغلىغا) يارلىق چۈشۈرۈپ، سامانىلارنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ناسىر ئىلىك خان سامانىلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆردى.

مىلادىنىڭ 997 - يىلى 23 - ئىيۇلدا سامانى پادىشاھى نوھ ئىبنى مەنسۇر ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا ئوغلى ئوبۇل ھارىس مەنسۇر پادىشاھ بولدى. بۇ ئەقىللىق، تەمكىن ئادەم بولسىمۇ، سامانىلار پادىشاھلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار بولۇشتىن قۇتۇلدۇرالمىدى. ئوبۇل ھارىس مەنسۇر پادىشاھ بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن مىلادىنىڭ 998 - يىلى قاراخانىلارنىڭ خاقانى ئەلى ئارسلانخان ئالەمدىن ئۆتتى. مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئەلى ئارسلانخان خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قۇربان بولغان. بۇ ئۇرۇش مىلادىنىڭ 998 - يىلى يە-

كەن بىلەن يېڭىسار ئوتتۇرىسىدىكى چۆلدە (ھازىرقى ئوردام مازىرى ئەتراپىدا) بولغان. ئەلى ئارسلانخاننىڭ جەسىتى قەشقەر تۆۋەنكى تاربوغوزغا (تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىغا) دەپنە قىلىنغان.

ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئەھمەت، ناسىر، مۇھەممەت، مەنسۇر قاتارلىق تۆت ئوغلى بار ئىدى. ئەلى ئارسلانخان ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى ئەھمەت توغان خان خاقان بولدى. ئەھمەت توغان خاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 998 - يىلىدىن 1018 - يىلىغىچە) سامانىلار پادىشاھلىقى ئاغدۇرۇلۇپ تاشلاندى. خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار تولۇق بويسۇندۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. غەزنەۋىلەر بىلەن ئىككى قېتىم، شەرقىي قىتانلار بىلەن بىر قېتىم ئۇرۇش بولدى.

ئەھمەت توغان خان مىلادىنىڭ 999- يىلى (تاغىسى ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوغلى يۈسۈپ قادىرخاننى 40 مىڭ قوشۇنغا باش قىلىپ، خوتەن خانلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى. يۈسۈپ قادىرخان باشچىلىقىدىكى قاراخانىي قوشۇنلىرى خوتەن بۇددىستلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ ياغلاقالىرىنى ئۆلتۈردى. مىلادىنىڭ 1000 - يىلى تولۇق بويسۇندۇرۇلغان خوتەن خانلىقىغا يۈسۈپ قادىرخان خان قىلىپ تەيىنلەندى.

ئەھمەت توغان خان مىلادىنىڭ 999- يىلى يۈسۈپ قادىرخاننى خوتەن بۇددىستلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا ماڭدۇرغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا، غەربىي ئىلىك خانى ناسىرغا بۇيرۇق بېرىپ، سامانىلار ھۆكۈمرانلىقىنى تامامەن ئاغ-



دۇرۇپ تاشلاشنى تاپىلىدى. غەربىي ئىلىك خان ناسىر مىلادىنىڭ 999 - يىلى 23 - ئۆكتەبىردە بۇخاراغا كىردى. ئۇ، جويمولىيان ئوردىسىدىكى سامانىلار خەزىنىسىگە توپلانغان ھەددى - ھېسابسىز بايلىقلارنى ۋە سامانىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىنى نەزەربەنت قىلىپ، ئۆز كەنتىگە ماڭدۇردى. ئىلىك ناسىر بۇخاراغا باش ۋالىي قويغاندىن كېيىن ئۆزكەنتكە قايتىپ كەتتى. تەخمىنەن 130 يىل (870 — 1000) ھۆكۈم سۈرگەن سامانىلار پادىشاھلىقى يوق قىلىندى. ئۆزكەنتكە نەزەربەنت قىلىپ ئەۋەتىلگەن سامانىي شاھزادىلىرىدىن بىرى — ئەبۇ ئىبراھىم ئىسمائىل ئايالچە ياسىنىپ ئۆزكەنتتىن قاچتى. ئۇ، مۇنتەسىر (غالىپ) نامىنى ئېلىپ، سامانىلار پادىشاھلىقىنى ئۆز ھالىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىرنەچچە يىل (مىلادىنىڭ 1000 - يىلىدىن 1005 - يىلىغىچە) كۈرەش قىلدى. لېكىن مۇنتەسىرنىڭ قاراخانىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى ئاخىرىدا مەغلۇپ بولدى. ئۆزى، مەرۋى شاھى جاھان ئەتراپىدا بىر ئەرەب قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

سامانىلار پادىشاھلىقى قاراخانىلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەر خىل شەكىلدە تۈس ئالدى.

ئەسلىدە بۇخارانى پايتەخت قىلغان سامانىلار پادىشاھلىقىنىڭ غەزنە شەھىرىگە قويغان باش ۋالىيسى بارقا تېكىن (كېلىپ چىقىشى ئوغۇزلاردىن)نىڭ ئوغلى ئالپ تېكىن نىشاپورغا ۋالىي بولغان چاغدا، ئىسيان كۆ-

تۇرۇپ مۇستەقىل بولۇۋالغان ئىدى. ئالپ تېكىن مىلادىنىڭ 963 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندە ئوغلى ئىجىك تېكىن خان بولدى. مىلادىنىڭ 966 - يىلى ئىجىك تېكىن ئالەمدىن ئۆتكەندە ئورنىغا بىلايى خان بولغان بولسىمۇ، لېكىن سەبۇق تېكىن (ئالپ تېكىننىڭ ئاسراندى ئوغلى) تەرىپىدىن 976 - يىلى قوغلاندى. سەبۇق تېكىن خان بولغان مەزگىلدىن تارتىپ غەزنە شەھىرىنى ئۆزىگە پايتەخت قىلغان ئالپ تېكىننىڭ ۋارىسلىرى بۇ يېڭى دۆلەتكە غەزنەۋىلەر دەپ ئات قويغان ئىدى.

سەبۇق تېكىننىڭ ئوغلى مەھمۇت غەزنەۋى غەزنەۋىلەر دۆلىتىگە سۇلتان بولغان چاغدا (997—1030) غەزنەۋىلەر دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى كېڭىيىپ، شەرقى ھىندىستاننىڭ پەنجاپ ۋادىسىغىچە، غەربى ئىراننىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن خارەزمگىچە سوزۇلغان ئىدى.

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ھەققىدە «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇش تارىخى» نىڭ ئاپتورى گىببون مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

«سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خانلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئەيسا تۇغۇلۇپ 1000 يىلدىن كېيىن ئىراننىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەرگە ھۆكۈمران بولغان... بۇ مۇسۇلمان قەھرىمان ئەزەلدىن تارتىپ قاتتىق سوغۇق پەسىللەردىن، ئاسمان بىلەن بويى تالىشىپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغلاردىن، كەڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان چوڭقۇر دەريالاردىن، چۆل - باياۋان، قۇملۇقلاردىن، دۈشمەننىڭ ھەددى - ھېسابسىز قوشۇنلىرى ۋە قورقۇنچلۇق جەڭ پىللىرىدىن قىلچە قورقۇپ باققان ئەمەس.»①



يۇقىرىدىكى باھا سۇلتان مەھمۇتنىڭ ناھايىتى يۈرەكلىك، باتۇر ۋە چىداملىقىغا، ئۇنىڭ دۈشمەنگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قارىتىلغان. ھەقىقەتەنمۇ سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى دۈشمەنگە نىسبەتەن ناھايىتى قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك، ئۇلۇغ ئىستىلاچى ئىدى.

مەھمۇت غەزنەۋى مىلادىنىڭ 999 - يىلى قاراخانىلارنىڭ غەربىي ئىلىك خانى ناسىر بۇخارانى ئالغاندا ئۆزىنى ئەڭ شۆھرەتلىك نام بىلەن «سۇلتان» دەپ ئاتىغان ئىدى. باغدات خەلىپىسى قادىر (991 — 1031) پەرمان چىقىرىپ، سۇلتان مەھمۇتنى «دۆلەتنىڭ ئوڭ قولى ۋە دىندارلارنىڭ تايانچىسى» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن تاج ۋە پەخرى ناملارنى بەرگەن. شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە خۇراسان، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا كۈچلۈك ئىككى دۆلەت ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ ئىككى دۆلەت (قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر) ئامۇ دەرياسىنى چېگرا قىلغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئوغۇزلار باش بولۇپ قۇرغان قېرىنداش دۆلەتلەر ئىدى.

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ھىندىستاننى تولۇق بويسۇندۇرۇپ بۇددىست ھىندىلارنى مۇسۇلمان قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ، بۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قاراخانىلار بىلەن دوستانە، ئىناق ئۆتۈشنى، كۈچلۈك

① گىببون (ئىنگلىز تارىخچىسى) «ئافغانىستان تارىخى» خەنزۇچە، 278 - بەت.

جەڭگىۋار قوشۇن تەشكىل قىلىشى لازىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى مىلادىنىڭ 1000 - يىلى غەزنەۋىلەر ئەلچىلىرىنى غەربىي ئىلىك خانى ناسىرنىڭ قارارگاھى ئۆزكەنتكە ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇتنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن ناسىر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇزاكىرىلەر نەتىجىسىدە قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەرنىڭ چېگرىسى ئامۇ دەريا قىلىپ بەلگىلەندى. ناسىرنىڭ قىزى سۇلتان مەھمۇتقا ياتلىق قىلىندى. غەزنەۋىلەرنىڭ ئەلچىلىرى قايتىدىغان چاغدا، ناسىر سۇلتان مەھمۇتقا قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى قاراخانىلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ئالغاندىن كېيىن، 100 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان كۈچلۈك قوشۇن تەشكىل قىلدى. قوشۇننىڭ 50 مىڭى ئاتلىق، 50 مىڭى پىيادە ئىدى. سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى يۇقىرىدىكى ئىككى مۇھىم ئىشنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش باشلىدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ھىندىستانغا 17 قېتىم يۈرۈش قىلغان ئىدى.

قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت ئانچە ئۇزاققا بارمايلا بۇزۇلدى. بۇنىڭغا قاراخانىلارنىڭ زېمىن تەلىپى سەۋەب بولدى. ئەسلىدە ئافغانىستان بىلەن خۇراسان سامانىلارنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. قاراخانىلار سامانىلارنى تارمار



قىلغاندىن كېيىن، سامانىلارنىڭ تېررىتورىيىسىگە ئۆزىمىز ئىگە بولىمىز دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، سامانىلارنىڭ ئافغانىستان بىلەن خۇراسان قىسمىنى سۇلتان مەھمۇت ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالغان ئىدى. قاراخانىلار بۇنىڭغا نارازى ئىدى. شۇ سەۋەبكە ئاساسەن، سۇلتان مەھمۇت ھىندىستانغا قوشۇن تارتىپ كەتكەندە، قاراخانىلارنىڭ غەربىي ئىلىك خانى ناسىر بىننى ئەلى (ئەلى ئارسلانخان) چەپەر تېكىن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قوشۇننى ئافغانىستانغا، سۇ بېشى تېكىن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قوشۇننى خۇراسانغا ماڭدۇردى.

چەپەر تېكىن بەلخ ۋە ھىندى قوش تاغلىرى ئەتراپىغىچە بېسىپ باردى. سۇ بېشى تېكىن بولسا، مەرۋى شاھى جاھان، ھىرات ۋە خۇراساندىكى نىشاپور، توس قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىپ ئالدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ھىندىستاندىن ناھايىتى تېزلىكتە قايتىپ كېلىپ، قاراخانىلارغا قارشى قوشۇن ماڭدۇردى. سۇلتان مەھمۇت ئەۋەتكەن قوشۇنلار چەپەر تېكىننى تىرمىزغا چېكىندۈرگەن بولسا، سۇ بېشى تېكىننى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ماۋارەئۇننەھرىگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. غەربىي ئىلىك خانى ناسىر بىننى ئەلى مىلادىنىڭ 1008 - يىلى ئىككىنچى قېتىم غەزنەۋىلەرگە قارشى يۈرۈش باشلىدى. ناسىر بىننى ئەلىنىڭ غەزنەۋىلەرگە قارشى يۈرۈش قىلىشىغا ئۇلۇغ خاقان ئەھمەت توغان خان قوشۇلمىغان ئىدى. ناسىر بىننى ئەلى ئاكىسى ئەھمەت توغان خاننىڭ نارازىلىقىغا

قارىماي ئىككىنچى قېتىمقى يۈرۈشكە خوتەن خانى يۈسۈپ قادىرخاننى ياردەمگە چاقىردى. قاراخانىلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئەھمەت توغان خان بىلەن زىددىيىتى بولغان (تەختنى تارتىپ ئېلىش نىيىتى بار ئىدى) يۈسۈپ قادىرخان ناسىر بىننى ئەلىنى قوللاپ، غەزنەۋىلەرگە قارشى يۈرۈشكە قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە غەربىي ئېلىك خانى ئەھمەت توغان خانمۇ قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن. قاراخانىلارنىڭ غەزنەۋىلەرگە قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق يۈرۈشىگە 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن سەپەرۋەر قىلىندى. يۈرۈشنىڭ تەشەببۇسكارى ۋە ئۇيۇشتۇرغۇچىسى ناسىر بىننى ئەلى قاراخانىلارنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. قاراخانى قوشۇنلىرى بەلخنى بېسىپ ئالدى. بۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇننى باشلاپ غەزنىدىن يولغا چىقتى. غەزنەۋىلەرنىڭ قوشۇنىدا 500 جەڭ پىلىلىرىمۇ بار ئىدى. قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەرنىڭ قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 1008 - يىلى 4 - يانۋاردا بەلختىن 12 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «كەتەر» دېگەن سايدا بىر - بىرىگە قارشى سەپ تارتىشتى. يۈسۈپ قادىرخان قاراخانى قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، ناسىر بىننى ئەلى قوشۇنىنىڭ ئوڭ قانىتىغا، جەپەر تېكىن سول قانىتىغا باش بولۇپ تۇردى. ئەھمەت توغان خان بولسا قاراخانى قوشۇنلىرىنىڭ ئېھتىياتتا تۇرغان قىسمىغا باش بولۇپ، سەپنىڭ ئارقىسىدا تۇردى. ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى بىلەن سۇلتان



مەھمۇتنىڭ جەڭ پىلىلىرى ھۇجۇمغا ئۆتتى. قاراخانى قوشۇنلىرى جەڭ پىلىلىرىنى ئارقىغا يېنىپ، قېچىشقا مەجبۇر قىلىپ، غەزنەۋىلەر قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا قاتتىق زەربە بەردى. سۇلتان مەھمۇتنىڭ قوشۇنلىرى قالايمىقان ھالدا چېكىنىشكە باشلىدى. لېكىن سەپ ئارقىسىدا ئېھتىياتتا تۇرغان قوشۇنلارغا باش بولۇپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇت ناھايىتى تەسىرلىك، قىسقا، يالقۇنلۇق بىر نۇتۇق سۆزلەپ، قوشۇنلىرىنى روھلاندۇرۇپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ماڭدۇردى. قاتتىق جەڭدىن كېيىن قاراخانى قوشۇنلىرى چېكىندۈرۈلدى. كەچ كىرگەندە سۇلتان مەھمۇت پۈتۈن قوشۇنلىرىنى توپلاپ ۋە جەڭ پىلىلىرىنى سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، قاراخانىلار قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ھۇجۇم قىلدى. دەل شۇ چاغدا قاراخانىلار قوشۇنىنىڭ ئارقا سېپىدە ئېھتىياتتا تۇرغان ئەھمەت توغان خان ئارقىغا قاراپ قاچتى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرگەن قاراخانىلار قوشۇنى تەرتىپسىز ھالدا چېكىندى. ناسىر بىننى ئەلى قاراخانىلار قوشۇنىنى بەلخكە چېكىندۈرۈپ كەتتى. مەھمۇت غەزنەۋى بولسا، ئالدىراش چېكىنىپ كېتىۋاتقان قاراخانى قوشۇنلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلىماي «كەتەر» سايىدا تۇردى. ناسىر بىننى ئەلى بەلخكە چېكىنىپ كەلگەن قاراخانى قوشۇنلىرىنى رەتكە سېلىپ، ئىنتىزام بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ماۋارەئۈننەھرىگە ئېلىپ كەتتى.

بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتكە ئەھمەت توغان خاننىڭ قېچىشى

سەۋەب بولدى. بەزى تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە ئەھمەت توغان خان بىلەن سۇلتان مەھمۇت ئوتتۇرىسىدا مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈش بار ئىكەن.

شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ قاراخانىي ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتكە باھا بەرگەندە ئەھۋال مۇنداق ئىدى.

ناسىر بىننى ئەلى مىلادىنىڭ 999 - يىلى سامانىلارنىڭ پايتەختى بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، مىلادىنىڭ 1004 - يىلى سامانىلار دۆلىتىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقاتقاندىن كېيىن، ناسىر بىننى ئەلىنىڭ ئابرويى ئۆسۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ناسىر بىننى ئەلى قاراخانىلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئەھمەت توغانغا ئانچىۋالا ھۆرمەت قىلماي، ئۆز ئالدىغىلا غەزنەۋىلەرگە قارشى ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلىشقا پېتىنغان ئىدى. ئەگەر ناسىر بىننى ئەلى غەزنەۋىلەرگە قىلغان يۈرۈشىدە غەلىبە قىلىدىغان بولسا ئۆز ئاكىسى ئەھمەت توغاندىن تەختنى تارتىپ ئېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. مانا شۇ سەۋەبتىن ئەھمەت توغان خان ئۆكىسى ناسىر بىننى ئەلىنىڭ سۇلتان مەھمۇت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى خالىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمەت توغانخان ناسىرنى قوللىمىغان ئىدى. ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدىن قېچىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. ئېھتىمال ئۇنىڭ سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى بىلەن مەخپىي ھالدا تىل بىرىكتۈرگەنلىكىمۇ راست بولسا كېرەك. ئۇرۇشتىن كېيىنكى ۋەقەلەرمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ.



سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇرۇشنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، قاراخانىلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئەھمەت توغان خانغا (قەشقەرگە)، غەربىي ئېلىك خانى ناسىر بىننى ئەلىگە (ئۆزكەنتكە)، خوتەن خانى يۈسۈپ قادىرخانغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەھمەت توغان خان سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ ئەلچىلىرىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، غەزنەۋىلەر بىلەن تىنچلىق، دوستلۇق بىتىمنامىسى تۈزدى. لېكىن ناسىر بىننى ئەلى بىلەن يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ھۇزۇرىغا بارغان غەزنەۋىلەرنىڭ ئەلچىلىرى ئۈمىدسىز ھالدا غەزنىگە قايتىپ كېلىشتى. چۈنكى ناسىر بىننى ئەلى بىلەن يۈسۈپ قادىرخان سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقان ئىدى.

ناسىر بىننى ئەلى ئاكىسى ئەھمەت توغان خاننىڭ ئۆزىنى قوللىمىغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، مىلادىنىڭ 1009 - يىلى 12 - ئايدا ئەھمەت توغان خانغا قارشى يۈرۈش قىلدى. ناسىر بىننى ئەلى باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار ئۆزكەنتتىن يولغا چىقىپ بالاساغۇنغا قاراپ كېتىۋاتقاندا قاتتىق قار يېغىپ كەتتى. يۈرۈش توختىدى. ناسىر بىننى ئەلىنىڭ ئەھمەت توغان خاننىڭ ئەدىبىنى بېرىش نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. ناسىر بىننى ئەلى ئۆزكەنت-

گە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى قەشقەرگە (ئەھمەت توغان خانغا)، ئۆزكەنتكە (ناسىر بىننى ئەلىگە) ئەلچىلەر ئەۋەتىپ. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننى (ئەھمەت بىلەن ناسىرنى) ياراشتۇرۇپ قويىدى. شۇندىن باشلاپ قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئوتتۇرىسىدا دوستانە، ئىناق ۋە قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت قايتىدىن تىكلەندى.

مىلادىينىڭ 1012 - يىلى غەربىي ئىلىك خانى ناسىر بىننى ئەلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئەھمەت توغان خان ئۆز ئۇكىسى مەنسۇر بىننى ئەلىنى مەرھۇم ئۇكىسى ناسىر بىننى ئەلىنىڭ ئورنىغا غەربىي ئىلىك خانى قىلىپ تەيىنلىدى.

مىلادىنىڭ 1016 - يىلى ئەھمەت توغان خان ئاغرىپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى غەنىمەت بىلگەن غەربىي ئىلىك خانى مەنسۇر بىننى ئەلى، تالاس، تاشكەنت، پەرغانە، ئۆزكەنت، خوجەنت، بۇخارا قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمران بولۇۋالدى. مەنسۇر بىننى ئەلىنىڭ ئۇكىسى مۇھەممەت ئاكىسىنى قوللىدى. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە قاراخانىلارنىڭ خاقانى ئەھمەت توغان خان، خوتەن ھاكىمى يۈسۈپ قادىرخان، ئەلى تېكىن بىلەن بىرلىشىپ ئۇكىسى مەنسۇر بىننى ئەلىگە قارشى ئۇرۇشتى. ھارۇن بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى (ھەسەننىڭ ئوغلى) ئەلى تېكىننىڭ مەنسۇر بىننى ئەلىگە ئەسىر چۈشكىنىگە قارىغاندا ئۇرۇشتا ئەھمەت توغان خان يېڭىلگەن كېرەك.



ئەھمەت توغان خاننىڭ ئاغرىپ قېلىشى قاراخانى ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىشنىڭ يۈز بېرىشى قاتارلىق ئەھۋالدىن پايدىلانغان شەرقىي قىتان خانلىقى (مىلادىنىڭ 916 - يىلىدىن 1125 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نىڭ خانى يىلۇلۇڭشۈي (مىلادىنىڭ 983 - يىلىدىن 1031 - يىلىغىچە خان بولغان) 100 مىڭ ئاتلىق قوشۇننى قاراخانىلارغا قارشى ئاتلاندۇردى. قىتان قوشۇنلىرى ئالتاي ۋە ئىلى قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئېلىپ، بالاساغۇنغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئەھمەت توغان خان قىتانلارغا قارشى قوشۇن ماڭدۇردى. قاراخانى قوشۇنلىرى قىتانلار تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. ئەھمەت توغان خان بۇ چاغدا ساقايغان ئىدى. بۇ مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ قىلچە ئەندىشە قىلماي قىتانلارغا قارشى ئۆزى ماڭدى. قىتانلار ئەھمەت توغان خاننىڭ نۇرغۇن قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بالاساغۇننىڭ شىمالىدىن سەككىز كۈنلۈك يىراق جايدا توختىدى. ئەھمەت توغان خان شۇ جايدا قىتانلارنى تارمار كەلتۈردى. ئەھمەت توغان خان ئارقىغا چېكىنىپ قاچقان قىتانلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ قاتتىق زەربە بەردى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى قىرىپ تاشلىدى. بىر تۈمەن قىتاننى ئەسىر ئالدى. نۇرغۇن چارۋا - مالنىمۇ قولغا چۈشۈردى. ئەھمەت توغان خاننىڭ قىتانلارغا قارشى يۈرۈشى ئۈچ ئاي داۋام قىلدى. قىتانلار ئىلى ۋە ئالتايدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، ئۆز دۆلىتى تېررىتورىيىسىگە ھەيدىۋېتىلدى.

مىلادىنىڭ 1018 - يىلى قىتانلار ئۇستىدىن غەلىبە قىلغان ئەھمەت توغان خان ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، ئالەمدىن ئۆتتى. ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، غەربىي ئىلىك خانى مەنسۇر بىننى ئەلى (مىلادىنىڭ 1012 - يىلىدىن 1018 - يىلىغىچە ئىلىك خان بولغان) قاراخانىلارغا خاقان بولدى. مەنسۇر ئارسلانخاننىڭ ئۆكىسى مۇھەممەت بىننى ئەلىنى غەربىي ئىلىك خانى قىلىپ تەيىنلىدى.

مەنسۇر ئارسلانخاننىڭ چوڭ خاقان بولغىنىغا نارازى بولغان يۈسۈپ قادىرخان غەزنىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مەنسۇر ئارسلانخاندىن خاقانلىق ئورنىنى تارتىپ ئېلىشقا بەل باغلىدى.

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى يۈسۈپ قادىرخانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ماۋارەئۇننەھرىگە قوشۇن تارتىپ كەلدى. لېكىن سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى چۈشىنىپ بولالمايدىغان سىرلىق بىر سەۋەبكە ئاساسەن ئۇشتۇمتۇتلا ئارقىغا يېنىپ، غەزنىگە قايتىپ كەتتى. بۇ ۋەقەدىن ھەيران قالغان ۋە ناھايىتى خاپا بولغان يۈسۈپ قادىرخان، مىلادىنىڭ 1019 - يىلى مەنسۇر ئارسلانخان بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىگە قارشى ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلدى. يۈسۈپ قادىرخان سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىدىن خۇراساننى تارتىپ ئالماقچى بولدى.

شۇنداق سەۋەبلەرگە ئاساسەن، مىلادىنىڭ 1019 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان باشچىلىقىدىكى قاراخانىي قوشۇن-



لىرى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خۇراسانغا بېسىپ كىردى. لېكىن سۇلتان مەھمۇت بەلخ ئەتراپىدا قاراخانىي قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇققان يۈسۈپ قادىرخان پەرىشان ھالدا ماۋارەئۇننەھرىگە چېكىندى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش قاراخانىلار ئۈچۈن ناھايىتى پاجىئەلىك ئۇرۇش بولدى. چۈنكى قاراخانىي قوشۇنلىرى خۇراساندىن چېكىنىپ، ئامۇدەرياسىدىن ئۆتىدىغان چاغدا ناھايىتى نۇرغۇن جەڭچى سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى، مانا شۇ قانلىق ۋەقە يۈز بېرىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىلەرنىڭ خارەزمدىكى باش ۋالىيسى ئالتۇنتاشتىن سۇلتان مەھمۇتنىڭ غەلىبىسىگە مەدھىيە ئوقۇغان تەبرىكنامە ئالدى. سۇلتان مەھمۇت ئالتۇنتاشقا مەكتۇپ يوللاپ، بۇ ۋەقەنى قانداق بىلگەنلىكىنى سورىغاندا، ئالتۇنتاش: «ئامۇدەرياسى ئارقىلىق خارەزمگىچە ئېقىپ بارغان قاراخانىلارنىڭ دەريادا غەرق بولۇپ ئۆلگەن قوشۇنلىرىنىڭ باش كىيىملىرىدىن بىلدۇق» دېگەن.

قاراخانىلارنىڭ سۇلتان مەھمۇتتىن مەغلۇپ بولغان پەيتتىن پايدىلىنىپ ئەلى تېكىن ئىسيان كۆتۈردى. ئەلى تېكىن، ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوغلى ئىدى. ئەلى تېكىن، مىلادىنىڭ 1021 - يىلى ئوغۇزلارنىڭ يابغۇسى ئارسلان يابغۇ بىلەن بىرلىشىپ بۇخارانى بېسىپ ئالدى، ئەلى تېكىن ئىسياندىن تارتىپ غەربىي ئىلىكخان مۇھەممەتنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلاشتى. چۈنكى ئەلى تېكىن بىلەن

ئارسلان يابغۇنىڭ بىرلەشكەن قوشۇنلىرى مۇھەممەتنى تارمار كەلتۈرگەن ئىدى. شۇنداق بولغاندا، مۇھەممەت ھەربىي ئىلىك خانلىق ۋەزىپىسىدە ئۈچ يىللا (مىلادىنىڭ 1018 - يىلىدىن 1021 - يىلىغىچە) تۇرغان ئىدى. مىلادىنىڭ 1021 - يىلىدىن 1035 - يىلىغىچە (ئەلى تېكىن ئۆلگىچە) بولغان 15 يىل ئىچىدە ماۋارەئۈننەھرىدە مۇقىم ئىلىك خانلار بولمىدى.

ئەلى تېكىننىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ مەنسۇر ئارسلان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تۇراقسىزلىقى (گاھىدا بىرلىشىپ، گاھىدا قارشى چىقىشى)دىن مىلادىنىڭ 1024 - يىلى قاراخانىلار خاقانى مەنسۇر ئارسلانخان تەختتىن ۋازكەچتى. قاراخانىلار تەختىگە ئەلى تېكىننىڭ قېرىندىشى ئەھمەت تۇغان خان II (ھارۇننىڭ ئوغلى) چىقتى. ئەھمەت توغان خان II نىڭ خاقان بولۇشىغا يۈسۈپ قادىرخان قارشى چىقتى. ئەھمەت توغان خان II بالاساغۇن، خوجەنت، پەرغانىنى ئىگىلەپ ئالدى.

ئەنە شۇنداق ئەھۋال تۇغۇلغاندا يۈسۈپ قادىرخان سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى ئەھمەت توغان خان II نىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 1024 - يىلىدىن 1026 - يىلىغىچە) ۋە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 1026 - يىلىدىن 1032 - يىلىغىچە) ئىچكى ئىسيانلار كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ يۈسۈپ قادىرنىڭ ۋاقتىدا ئىچكى ئىسيانلار ئەۋجگە



چىقتى.

مىلادىنىڭ 1026 يىلى ئەھمەت توغان خان II نىڭ خاقانلىق ئورنى يۈسۈپ قادىرخان تەرىپىدىن ئىگىلەندى. ئەلى تېكىن يۈسۈپ قادىرخاننى يوقىتىپ، ئۆزى قاراخانىلارنىڭ خاقانى بولۇش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. ئەلى تېكىن بۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سىردەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى «جەند» ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان جايلاردا ياشاۋاتقان ئوغۇزلارنىڭ يابغۇسى مۇسا ئىنانچ ئارسلانبەگ بىلەن بىرلىشىپ يۈسۈپ قادىرخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى.

شىمالىي ئىلىك خان — توغان بىلەن ئەلى تېكىننىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ ئوغۇزلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى قاراخانىلارنى ئىچكى جەھەتتىن ناھايىتى ئېغىر قورقۇنۇچقا سېلىپ قويدى، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى غەزنەۋىلەر ئۈچۈنمۇ ئېغىر خەۋپ ئىدى. ئەگەر ئوغۇزلار كۈچلىنىپ كېتىدىغان بولسا ھەر ئىككى دۆلەتكە خەۋپ سېلىشى، يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇتقا ئېنىق مەلۇم ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ بىر تارمىقى بولغان ئوغۇزلار ئەزەلدىن تارتىپ شىمالىي ئاسىيادا، كۆك تۈركلەرنىڭ شىمالىدا ياشايتتى. ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدىن بىر ئىككى ئەسىر بۇرۇن (مىلادىنىڭ 6 - ئەسىرىدە) يەنىسەي - ئورخۇن يېزىقىدا يېزىلغان تۈركچە بىر يادىكارلىقتا ئوغۇزلارنىڭ ناملىرى يېزىلغان. يادىكارلىقتا ئوغۇزلارنىڭ خانى ئۆزتېكىن ئالىپ تۇراننىڭ كىچىككىنىلا ۋاپات بولغانلىقى

يېزىلغان. جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدا ئوغۇزلار مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇنلا تىلغا ئېلىنغان. «خەن يىلنامىسى. ھونلار ھەققىدە قىسسە» بابىدا، ئوغۇزلار (呼揭乌揭)نىڭ ياشىغان جايىنى ھازىرقى چۆچەك ئەتراپىدا كۆرسەتكەن. بەنگونىڭ بەرگەن شۇ مەلۇماتى يۆنىلىشىدە بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن يەنسەي-ئورخۇن يېزىقىدا يېزىلغان تۈركچە يادىكارلىقتىكى (ئوغۇزلارنىڭ ياشىغان جايلىرى توغرىسىدىكى) مەلۇماتقا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئوغۇزلار مىلادىنىڭ 7—8- ئەسىرلىرىدە سېلىنغا دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ياشايتتى. 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوغۇزلارنىڭ بازخان ئاتلىق خانى بار ئىدى. بۇ خان «تاڭ يىلنامىسى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى ئۇيغۇر خاقانى بازخان (مىلادىنىڭ 663 - يىلىدىن 681 - يىلىغىچە خان بولغان)نىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

تەخمىنەن 700 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 646- يىلىدىن 1335- يىلىغىچە) نىڭ ئورخۇن دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 646 - يىلىدىن 845 - يىلىغىچە) ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزلار مىلادىنىڭ 744 - يىلى كۆك تۈركلەرنى بويسۇندۇرغان ئىدى.

مىلادىنىڭ 840 - يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار (ئوغۇزلار بۇنىڭ ئىچىدە) ھازىرقى موڭغۇلىيىدىن غەربكە قاراپ كۆچكەندە، ئوغۇزلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى غەربكە يۈرۈپ، ئارال كۆلى ۋە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي - شىمالىغا بېرىپ ماكانلاشقان.



موڭغۇلىيىدىن كۆچكەن ئوغۇزلار بىر مەزگىل ھازار خاقانلىقى (568 - يىلىدىن 965 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)غا بويسۇنغان ئىدى.

9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ھازار خاقانلىقىغا بويسۇنغان ئوغۇزلار سۇبېشى ئۇنۋانىدىكى خانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىدى. بىز ئوغۇز سۇبېشىلىرىدىن كىرىنگىچى (ئاق ئۆينىڭ كىرىنگەلىرىنى ياسىغۇچى مەنىسىدە)، توقسۇرمىش ئىنىلچى، ئالپ توغان بەگ، (ئىبنى يازلان لوقمان بەگ دەپ يازغان)، ئارپ تۇغرۇلبەگ، دوقاق بەگ، سالجۇق بەگ قاتارلىقلارنى بىلىمىز. بۇلاردىن ئوغۇزلارنىڭ قىنىق ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان دوقاق بەگ مىلادىنىڭ 903 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا مىلادىنىڭ 910 - يىلى 25 ياشلىق سالچۇق بەگ (مىلادىنىڭ 885 - يىلى تۇغۇلۇپ 1000 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) سۇبېشى بولغان. دوقاق بەگنىڭ ئوغلى سالجۇق بەگ ناھايىتى قابىلىيەتلىك، باتۇر، ئەقىللىق، خۇشخۇي، مەرد يىگىت ئىدى. قوشۇنلار ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇناتتى. خەلقمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى. مىلادىنىڭ 915 - يىلىغا كەلگەندە، ھازار خاقانى ھارۇن II (!؟ — 931) بىلەن چىقىشالماي قالدى. خاقان ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشتى. بۇنداق خەۋپلىك ئىشنى سېزىپ قالغان سالجۇق سۇبېشى مىلادىنىڭ 915- يىلى 100 ئاتلىق جەڭچىنى باشلاپ 1500 تۆگە، 50 مىڭ قوينى ھەيدەپ، سىر دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى «جەند» شەھىرى ئەتراپىغا كېلىپ يەرلەشكەن. سالجۇق

بەگ شۇيىلى مۇسۇلمان بولغان. سالجۇق بەگ بىلەن ھازار خاقانلىقى ئارىسىدىكى زىددىيەت 10- ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان. شۇندىن باشلاپ ئوغۇزلارنىڭ سانى ئاۋۇپ، ئۇلارنىڭ ئاھالە سانى بىر مىليونغا يەتكەن بولۇپ، خېلىلا جەڭگىۋار كۈچكە ئايلانغان. 10-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئوغۇزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇسۇلمان بولدى. چۈنكى شۇچاغدا مىلادىنىڭ 960 - يىللىرى قاراخانىلار دۆلىتى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، كۆك تەڭرى دىنىنى تاشلىغان ئىدى. ئوغۇزلار قامان دىنىدا بولسىمۇ، يەھۇدى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھازار خاقانلىرىنىڭ تەسىرىدە، بىر مەزگىل يەھۇدى دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

مىلادىنىڭ 990 - يىلىغا كەلگەندە سالجۇقنىڭ ئوغۇللىرى ئوغۇزخانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى ئارال كۆلىنىڭ شەرقىي - شىمالىدىكى يەنىكەنت (يانگى كەنت) ئىدى. ئوغۇز خانلىقىنىڭ خانلىرى يابغۇ ئۇنۋانىدا بولۇپ، قاراخانىلارغا بېقىناتتى.

سالجۇق بەگنىڭ مىكائىل بەگ (918 - يىلى ئۆلگەن)، ئىسرائىل بەگ (990- يىلىدىن 1025- يىلىغىچە يابغۇ بولغان)، ئىرتاش يابغۇ (مىلادىنىڭ 1031- يىلىدىن 1040 - يىلىغىچە يابغۇ بولغان) قاتارلىق ئوغۇللىرى بار ئىدى. بۇلار 990 - يىلىدىن 1040 - يىلىغا كەلگىچە گاھى قاراخانىلارغا، گاھى غەزنەۋىلەرگە بويسۇنۇپ كەلگەن بولسا، گاھىدا قارشى چىقىپمۇ تۇردى.



مانا شۇ سالجۇق بەگنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ باشچىلىقىدىكى ئوغۇزلارنىڭ مىلادىنىڭ 1025 - يىلى قاراخانىلارنىڭ شىمالىي ئېلىك خانى توغان بىلەن، ئەلى تېكىننىڭ ئىسيانىنى قوللاپ، قاراخانىلارغا قارشى چىقىشى، يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇتنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، سالجۇق ئوغۇللىرىغا قارشى ھەرىكەت قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

يۈسۈپ قادىرخان مىلادىنىڭ 1026 - يىلى سۇلتان مەھمۇت ھۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتتى، سۇلتان مەھمۇت قەشقەردىن غەزنىگە كەلگەن قاراخانىلارنىڭ ئەلچىسىنى ناھايىتى قىزغىن، سەمىمىي قارشى ئالدى. سۇلتان مەھمۇت يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۆز ئەلچىسى ئارقىلىق قويغان تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسيانچىلار (ئەلى تېكىن بىلەن سالجۇق ئوغۇللىرى)غا بىرلىكتە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ماقۇل بولدى. جازا يۈرۈشىنىڭ ۋاقتىمۇ بەلگىلەندى.

ئۆز ئەلچىسىدىن زوقلانغۇدەك خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان يۈسۈپ قادىرخان قاراخانىلار قوشۇنىغا ئۆزى باش بولۇپ، قەشقەردىن يولغا چىقىپ ماۋارەئۇننەھرىگە قاراپ ماڭدى. ئەينى ۋاقىتتا سۇلتان مەھمۇتمۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ بەلختىن يولغا چىقىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ زەنجىر بىلەن بىر - بىرىگە چېتىلغان كېمىلىرىدىن ياسالغان لەيلىمە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ماۋارەئۇننەھرىگە قاراپ ماڭدى. خارەزمى ۋالىيسى ئالتۇن تاشمۇ سۇلتان مەھمۇتقا قوشۇلدى. مىلادىنىڭ 1017 - يىلى سۇلتان

مەھمۇت خارەزمى شاھى مۇمىننى ئىسيانچىلار ئۆلتۈرگەندە، كۆيئوغلۇم مۇمىننىڭ ئۆچىنى ئالىمەن دېگەن بانا بىلەن بېسىپ كېلىپ، خارەزمنى غەزنەۋىلەر دۆلىتىگە قوشۇپ ئالغان ئىدى. سۇلتان مەھمۇت خارەزمدىن قايتىپ كېتىدىغان چاغدا، ئالتۇن تاشنى خارەزمگە باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى.

يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇتتىن قورققان ئەلى تېكىن بىلەن ئارسلانبەگ سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى تاشلاپ چىقىپ، قىزىل قۇم چۆللىگە قاراپ قاچتى. شۇ جايدىكى بۈك - باراقسان ئورمانلىقتا مۆكۈندى.

ئەلى تېكىن بىلەن ئارسلانبەگ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇت سەمەرقەنت يېنىدا، تەتىللادىن شاھانە چېدىر - بارگاھلارنى تىكتۈرۈپ، ناھايىتى جىددىي مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلىشىپ بىتىمنامە تۈزۈشكە كىرىشتى. بۇ ئىككى پادىشاھ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەنتەنە بىلەن ئۇچراشتى. غەزنەۋىلەر تارىخچىسى بەيھاكى (مىلادىنىڭ 990 - يىلى تۇغۇلۇپ 1077 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، گاردىزى (11 - ئەسىردە ياشىغان)لەر ئۆز ئەسەرلىرىدە («تارىخى مەسئۇدى» ۋە «زەينۇل ئەخبار») بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئىنتايىن تەنتەنىلىك بولغانلىقى، ئىككى پادىشاھنىڭ ئۆزئارا تەقدىم قىلىشقان سوۋغاتلىرىنىڭ كۆپلىكى، كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك نەپىس - گۈزەللىكى، قىممىتىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يۇقىرىلىقى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇ-



مات بەرگەن.

بىرقانچە كۈن داۋام قىلغان سۆھبەتلەر ئارقىلىق يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇت ئوتتۇرىسىدا ئىككى تۈرلۈك مۇھىم بىتىمنامە تۈزۈلگەن. بىرىنچى بىتىمنامىدا قەيت قىلىنىشىچە، ئىككى تەرەپ ھەربىي كۈچ ئارقىلىق ماۋارەئۇننەھرنى ئەلى تېكىننىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ياغان تېكىن (مۇھەممەت بۇغراخان)نى ماۋارەئۇننەھرگە خان قىلىپ تەيىنلەش. ئىككىنچى بىتىمنامىدا، قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر دۆلىتىنىڭ ئامانلىقىغا خەۋپ سېلىۋاتقان سالجۇق ئوغۇللىرىنىڭ كۈچىنى يوق قىلىش، ئۇلار باشچىلىقىدىكى ئوغۇزلارنى قەشقەر، خۇراسان قاتارلىق جايلارغا تارقىتىۋېتىش تەكىتلەنگەن. مانا مۇشۇ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىتىمنامىلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى ياغان تېكىنگە سۇلتان مەھمۇتنىڭ قىزى مەلىكە زەينەپ، سۇلتان مەھمۇتنىڭ ئوغلى شاھزادە مۇھەممەتكە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قىزى خان مىلىك شاھ خاتۇن ياتلىق قىلىنىدىغان بولدى. يۇقىرىدىكى مۇھىم ئىشلار ئادا بولغاندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى بىلگەتېكىن قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلىرىنى ئەلى تېكىننىڭ ئىتتىپاقچىسى ئارسلانبەگ باشچىلىقىدىكى ئوغۇزلارغا قارشى ماڭدۇردى. بىلگەتېكىن ئارسلانبەگكە ھۇجۇم قىلىپ، ئوغۇزلارنى تارمار كەلتۈردى. ئارسلانبەگ ئەسىر چۈشتى. ئارسلانبەگ سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ ئىلتىپاتى

بىلەن قويۇپ بېرىلدى. بىلگەتېكىن ئەلى تېكىنگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ئانچە كۆپ نەتىجە قازىنالمىدى. پەقەت ئەلى تېكىننىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ قايتتى. سۇلتان مەھمۇت قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان بۇ ئەسىرلەرگە ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

مىلادىنىڭ 1026 - يىلى 5 - ئايدا شىمالىي ئېلىك خان توغان خان، يۈسۈپ قادىرخاندىن كەچۈرۈم سوراپ قايتىدىن باش ئەگدى.

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى كۆرۈنۈشتە يۈسۈپ قادىرخان بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ بىرلىكىنى كۈچەيتىشكە كۆڭۈل بۆلگەندەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قاراخانىلارنىڭ كۈچىيىشىگە تىلەكداش ئەمەس ئىدى. چۈنكى سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى قاراخانىلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ ماۋارەئۇننەھرىنى غەزنەۋىلەر دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە قوشۇپ ئېلىشنى ئويلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، مىلادىنىڭ 1026 - يىلى ئەلى تېكىننىڭ ئىسيانىنى ئۇزۇل - كېسىل باستۇرۇشقا كۆزى قىيمىغان ئىدى. سۇلتان مەھمۇت ئوغۇز يابغۇسى ئارسلانبەگنى ئەسىر ئالغاندىن كېيىنلا ماۋارەئۇننەھرىدىن غەزنىگە قايتىپ كەتتى.

شۇ يىلى يۈسۈپ قادىرخان ماۋارەئۇننەھرىگە كەتكەن چاغدا خوتەن خانلىقى ئىسيان كۆتۈردى. مىلادىنىڭ 1027 - يىلى 2 - ئايدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، يۈسۈپ



قادىرخانغا قارشى بىر توختامنامە تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئەلچىلىرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. شۇ چاغدا قىتان خانلىقىمۇ ئۆز ئەلچىلىرىنى ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئەلچىلىرىگە ھەمراھ قىلىپ غەزنىگە ئەۋەتكەن.

يۈسۈپ قادىرخان ئىسيان كۆتۈرگەن خوتەن خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ماۋارەئۇننەھرىدىن 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى يولغا سالدى. بۇ قوشۇن قەشقەرگە كېلىپ، ناھايىتى تېزلىكتە خوتەنگە يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ جەڭدە مەغلۇپ بولدى.

بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن يۈسۈپ قادىرخان ماۋارەئۇننەھرىدىن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى، ئۆزى قوشۇن باشلاپ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. خوتەن خانلىقى بويسۇندۇرۇلدى. بەزى تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قىتانلار ياردىمىگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىمۇ قاراخانىلارغا باج تۆلەش شەرتى بىلەن ئىچكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى.

يۈسۈپ قادىرخان ماۋارەئۇننەھرىدىن قەشقەرگە قايتىپ كېتىدىغان چاغدا، سۇلتان مەھمۇت بىلەن تۈزۈشكەن بىتىمنامىغا بىنائەن ئوغۇزلارنىڭ «جەند» رايونىدا قالغان قىسمىنى قەشقەر ئەتراپىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلىشىشنى دەۋەت قىلدى. «جەند» رايونىدىكى ئوغۇزلارنىڭ خانلىرى توغرۇلبەگ بىلەن چاغرى بەگلەر يۈسۈپ قادىرخاننىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىدى، نېمە ئۈچۈن سالچۇق بەگنىڭ نەۋرىلىرى بولغان توغرۇلبەگ بىلەن چاغرى بەگلەر

يۈسۈپ قادىرخاننىڭ دەۋىتىنى قوبۇل كۆرمىگەن؟ چۈنكى مىلادىنىڭ 1026 - يىلى سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ئوغۇز يابغۇسى ئارسلانبەگنى ئەسىر ئالغان بولسىمۇ، ئۇنى قويۇپ بەرگەن. سۇلتان مەھمۇت غەزنىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئارسلانبەگكە يازغان خېتىدە، ناھايىتى ياخشى ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئارسلانبەگنى ئۆز باشچىلىقىدىكى ئوغۇزلارنى باشلاپ غەزنىگە كېلىشىنى تاپىلىغان. ناھايىتى ھىيلىگەر، ئۇستا دىپلومات سۇلتان مەھمۇتنىڭ يالغاندىن بەرگەن ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ئارسلان يابغۇ ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمىنى باشلاپ غەزنىگە بارغان، سۇلتان مەھمۇت ئارسلان يابغۇ باشلىق بىر قىسىم ئوغۇز بەگلىرىنى دەرھال تۇتۇپ، ئەسىر قىلىپ، ئۇلارنى ھىندىستاندىكى كالانجىر ناملىق قورغانغا ئەۋەتىپ قاماقتا ئالغان. غەزنىگە كەلگەن ئوغۇزلار خوراسانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۆز يۇرتلىرىدا قالغان توغرۇلبەگ بىلەن چاغرى بەگلەر ئارسلان يابغۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ياجىئەدىن ساۋاق ئېلىپ، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۇلارنى قەشقەر ئەتراپىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلىشىشقا قىلغان دەۋىتىگە ئۇنىمىغان.

يۈسۈپ قادىرخان ماۋارەئۇننەھرىدىن قەشقەرگە قايتىپ كېتىپ، ئىچكى ئىسيانچىلارنى بېسىقتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان چاغدا، ئەلى تېكىن قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. توغرۇلبەگلەر بىلەن چاغرى بەگلەر ئەلى تېكىننىڭ ھەرىكىتىنى قوللىدى. پەقەت سالجۇق بەگنىڭ باشقا بىر نەۋرىسى يۈسۈپ ئىنانچ



يابغۇ (مىلادىنىڭ 1026 - يىلىدىن 1028 - يىلىغىچە يابغۇ بولغان) ئەلى تېكىننى قوللىدى. ئەلى تېكىن سەمەرقەنت ۋە بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، مۇستەقىل ھالدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

يۈسۈپ قادىرخان ئەلى تېكىننى يوقىتىش ئۈچۈن ماۋارەئۇننەھرىگە قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەلى تېكىن تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. يۈسۈپ قادىرخان ئوغلى ياغان تېكىن باشچىلىقىدا سۇلتان مەھمۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەلى تېكىنگە قارشى مەدەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەھمۇت ھىندىستانغا قىلىدىغان يۈرۈشىدىن قايتىپ كەلگەندىلا، ئاندىن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. نەتىجىدە ئەلى تېكىنگە قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان جازا يۈرۈشى كېچىكتۈرۈلدى.

بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئەلى تېكىن، يۈسۈپ ئىنانچ يابغۇنى ئۆزىگە ياردەم بېرىشكە ئۇنىمىغان توغرۇلبەگ بىلەن چاغرى بەگلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرىدى. يۈسۈپ ئىنانچ يابغۇ ئەلى تېكىننىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلىماي، مەخپىي ھالدا ئۆز قېرىنداشلىرى توغرۇلبەگ ۋە چاغرى بەگلەر بىلەن بىرلىشىۋالدى. بۇنى سېزىپ قالغان ئەلى تېكىن يۈسۈپ ئىنانچ يابغۇنى ئۆلتۈردى. توغرۇلبەگ بىلەن چاغرى بەگ يۈسۈپ ئىنانچ يابغۇنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەلى تېكىنگە ھۇجۇم قىلدى. جەڭدە ئوغۇزلار مەغلۇپ بولدى. ئەلى تېكىن تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان توغرۇلبەگ ئوغۇزلارنى باشلاپ، «جەند» رايونىدىن شەرققە قاراپ يولغا چىقىپ، قەشقەر-

گە كەلدى ۋە يۈسۈپ قادىرخانغا بويسۇندۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قەشقەر ئەتراپىدا يەرلەشتى. بۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 1028 - يىلى يۈز بەرگەن ئىدى.

يۈسۈپ قادىرخان قەشقەر ئەتراپىدا يەرلەشكەن ئوغۇزلارنىڭ خانلىرى توغرۇلبەگ، چاغرى بەگلەرنى تۇتۇپ قاماققا ئېلىش ئۈچۈن بىرەر ئىشقا بانىداپ ھۇزۇرىغا چاقىرتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەر ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا يۈسۈپ قادىرخان ئوردىسىغا كىرىشكە ئۇنىمىدى. بىرسى كىرسە يەنە بىرى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان جىددىي، خەتەرلىك ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇرغان. بىر كۈنى يۈسۈپ قادىرنىڭ ئوردىسىغا يالغۇز كىرگەن توغرۇلبەگ قاماققا ئېلىنغان. بۇ ئىشتىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان چاغرى بەگ، پۈتۈن ئوغۇزلارنى باشلاپ، غەربكە قاراپ يۈرۈپ، قەشقەردىن يىراقلاپ كەتكەن. چاغرى بەگ يولدا كېتىۋېتىپ قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتىدىن ئۇۋغا چىققان بىرقانچە شاھزادىلەرگە يولۇقۇپ قالغان. ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە تەدبىرلىك چاغرى بەگ قاراخانى شاھزادىلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغان. يۈسۈپ قادىرخان ئەسىرگە ئېلىنغان شاھزادىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن توغرۇلبەگنى ئازادلىققا چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى بېرىپ، شاھزادىلەرنى ئامان - ئېسەن قەشقەرگە يولغا سېلىپ قويۇشقا ۋەدە ئېلىپ، توغرۇلبەگنى ئۇزىتىپ قويغان. چاغرى بەگ بولسا قەشقەر رايونىدىن غەربكە قا-



راپ يۈرگەنچە «جەند» رايونىغا بارغان. توغرۇلبەگ ئاكىسى چاغرى بەگنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ، ئەسىرگە ئېلىنغان شاھزادىلەرنى قەشقەرگە يولغا سېلىپ قويغان. بۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 1029 - يىلى يۈز بەرگەن.

قەشقەر رايونىدىن «جەند»گە قېچىپ كەلگەن ئوغۇزلار بۇ جايدا تۇرۇشنى ئەپ كۆرمىدى. چۈنكى «جەند» رايونى قاراخانىلارنىڭ شىمالىي ئېلىك خانىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جاي ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن توغرۇلبەگ بىلەن چاغرى بەگلەر خارەزمى ۋالىيسى ھارۇندىن پاناھ ئىزلەپ، ئۇنىڭدىن زېمىن سورىغان. ھارۇن ئوغۇزلارغا خارەزمى يايلاقلىرىدىن يېتەرلىك يەر بەرگەن. كېيىن ئوغۇزلار ئەلى تېكىندىن بۇخارا ئەتراپىدىكى «نۇر ئاتا» دېگەن جايغا كۆچۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئەلى تېكىن ئوغۇزلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغان.

مىلادىنىڭ 1030 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ئالەمدىن ئۆتتى. كىچىك ئوغلى مۇھەممەت سۇلتان بولدى. لېكىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئاكىسى مەسئۇد سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، مۇھەممەتتىن تەختنى تارتىپ ئالدى.

مىلادىنىڭ 1032 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ بۇغرا تېكىن، ياغان تېكىن، توغرۇل قاراخان ئاتلىق ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى بۇغرا تېكىن (سۇلايمان ئارسلانخان) قاراخانىلارنىڭ خاقانى بولدى. سۇلايمان ئارسلانخان خاقان بولۇپ تۇرغان چاغ-

لار (مىلادىنىڭ 1032 - يىلىدىن 1056 - يىلىغىچە) نىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا قاراخانىلار دۆلىتى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە ناھايىتى تىنچ ۋە خاتىرجەم بىر مەزگىلنى بېشىدىن كەچۈردى.

سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋى (مىلادىنىڭ 1030 - يىلىدىن 1041 - يىلىغىچە سۇلتان بولغان) مىلادىنىڭ 1031 - يىلى باھاردا ئوبۇلقاسىم ئىبراھىم بىننى ئوبۇل داداخ ھۆسەيىن بىلەن غازى ئوبۇل تاھىر ئوبۇل داداخ بىننى ئەھمەت تەيبانىي باشچىلىقىدا قەشقەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتتى. سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ ئەلچىلىرى سۇلتان مەسئۇدنىڭ تەختكە چىققانلىقى ۋە دوستانىلىقىنى بىلدۈرۈپ، سۇلتان مەسئۇدنىڭ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش نىيىتى بارلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن يۈسۈپ قادىرخان بىلەن مەسئۇد غەزنەۋى ئەلچىلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەر ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. چۈنكى يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى مىلادىنىڭ 1026 - يىلى تۈزگەن بىتىمنامىسىدا، مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ قىزى زەينەپ ياغان تېكىنگە، خان مىلىك شاھ خاتۇن سۇلتان مەھمۇتنىڭ ۋارىسى مۇھەممەتكە ياتلىق قىلىنىدىغان بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ ئەلچىلىرى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ تەخت ۋارىسى بۇغراتېكىن (سۇلايمان ئارسلانخان)نىڭ قىزىنى مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ تەخت ۋارىسى مەۋدۇدقا ياتلىق قىلىشنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ ئەلچىلىرى قەشقەردە بىرنەچچە يىل



تۇرۇپ قالدى. مىلادىنىڭ 1032 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى بۇغراتېكىن (سۇلايمان ئارسلانخان) خاقان بولغاندىن كېيىنلا سۆھبەت ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. غەزنەۋىلەرنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن قاراخانىلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەردە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قىزى خان مىلىك شاھ خاتۇن سۇلتان مەسئۇدقا سۇلايمان ئارسلانخان (بۇغراتېكىن)نىڭ قىزى سۇلتان مەسئۇدنىڭ ۋارىسى مەۋدۇدقا ياتلىق قىلىنىدىغان بولدى. خان مىلىك شاھ خاتۇننىڭ تويلۇقى ئۈچۈن 50 مىڭ تىللا (دىنار)، بۇغرا تېكىننىڭ قىزىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن 30 مىڭ تىللا (دىنار) بەلگىلەندى. غەزنەۋىلەرنىڭ ئەلچىلىرى مىلادىنىڭ 1034 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ قەشقەردىن غەزنىگە قايتتى. سۇلايمان ئارسلانخان سىڭلىسى خان مىلىك شاھ خاتۇن بىلەن ئۆز قىزى × × نى ناھايىتى چوڭ ئىززەت - ھۆرمەت، شاھانە دەبدەبە بىلەن قەشقەردىن غەزنىگە ئۇزىتىپ قويدى. بەختكە قارشى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ قىزى قەشقەر گۈزىلى غەزنىگە كېتىۋېتىپ، يولدا ئۇشتۇمتۇت كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. خان مىلىك شاھ خاتۇن ئامان - ئېسەن غەزنىگە يېتىپ باردى. ئۇ ئاجايىپ تەنتەنىلىك ھالدا قارشى ئېلىندى. سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋى قەشقەردىن خان مىلىك شاھ خاتۇن باشلىق كەلگەن ئەزىز مېھمانلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ شان - شۆھرىتىنى نامايەن قىلىشنى ئويلاپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن تەنتەنە ۋە

ھەبدەبىلىك مۇراسىم ئۇيۇشتۇردى.

توي كېچىسى خان مىلىك شاھ خاتۇن سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىنى ئايغى بىلەن چىماق سېلىپ ئۇرۇپ تاشلىغان ئىكەن.

مانا شۇ ۋەقە توغرىسىدا ئۇيغۇرلاردا مۇنداق بىرماقال پەيدا بولغان:

قىز بىلەن چېلىشما،
ياش بايتال بىلەن چېپىشما.

«بۇ ماقال، — دەپ يازىدۇ مەھمۇت قەشقىرى، — خاقانىيە قىزلىرىدىن بىرى نىكاھ كېچىسى كۈيوسى سۇلتان مەسئۇدنى ئايغى بىلەن چىماق سېلىپ يىقىتقانىدىن كېيىن خاقانىيلاردا پەيدا بولغان»①

سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋى تەختنى ئۇكىسى مۇھەممەتتىن تارتىپ ئالىدىغان چاغدا ئەلى تېكىنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەگەر ئەلى تېكىن سۇلتان مەسئۇدنىڭ ئۇكىسى مۇھەممەت بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدىغان ۋەقە يۈز بەرگەندە، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە خوتتاليان (ھازىرقى تاجىكىستاندا)نى بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان.

ياغان تېكىن سىڭلىسى خان مىلىك شاھ خاتۇن سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىگە ياتلىق بولغاندىن كېيىن مىلادىنىڭ 1034 - يىلى 9 - ئايدا غەزنىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سۇلتانىنىڭ سىڭلىسى زەينەپ بىلەن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەسئۇد ئەگەر

① مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى.



ياغان تېكىن (مۇھەممەت بۇغراخان) زەينەپكە ئۆيلىنىدىغان بولسا، ئۇنىڭ نامىدىن (زەينەپنىڭ نامىدىن) مەرھۇم ئاتىسى سۇلتان مەھمۇتتىن قالغان مىراسنى تەلەپ قىلىدۇ دەپ ئويلاپ ياغان تېكىننىڭ ئەلچىلىرىنى قايتۇردى. ئەينى ۋاقىتتا مەسئۇد غەزنەۋى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئۇكىسى ياغان تېكىننىڭ تەلىپى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇغراتېكىن (سۇلايمان ئارسلانخان) ئۇكىسىدىن خاپا بولدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن سۇلايمان ئارسلانخان ئۇكىسى ياغان تېكىننى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭدىن ئاغرىندى، ياغان تېكىنمۇ ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخانغا نەپرەت بىلدۈرۈپ، سالجۇق ئوغۇللىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى. ياغان تېكىن ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 1037 - يىلى توغرولبەگكە مەخپىي خەت ئەۋەتىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا توغرولبەگكە جان-دىلى بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خەتنى ئېلىپ بارغۇچى (خەتنى ئۆتۈكىنىڭ پېتىكىنىڭ ئاستىغا يوشۇرغان) ئامۇ دەرياسىنىڭ كېچىكىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، غەزنەۋى ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، مەخپىي خەت قولغا چۈشۈرۈلدى، مەسئۇد غەزنەۋى ئىككى تەرەپ بىلەن (ياغان تېكىن ۋە توغرولبەگ بىلەن) جەڭ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بۇ ۋەقەنى مەخپىي تۇتۇشقا قارار قىلدى. خەتنى ئېلىپ بارغۇچىغا 100 تىللا (دىنار) بېرىپ، مەخپىي ھالدا ھىندىستانغا ئەۋەتىۋەتتى. شۇ يىلى سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋى ئىمام ئەبۇسادىق تەبىيانى باشچىلىقىدا قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەش-

قەرگە ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. غەزنەۋىلەرنىڭ ئەلچىلىرى سۇلايمان ئارسلانخانغا قىممىتى 10 مىڭ تىللا (دىنار)غا باراۋەر كېلىدىغان ئېسىل سوۋغىلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. غەزنەۋى ئەلچىلىرى سۇلايمان ئارسلانخاندىن ئۇكىسى ياغان تېكىن بىلەن سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋى ئارىسىدىكى سوغۇقچىلىقنى تۈگىتىپ، ئىككىلەننى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشنى، بىر تىنچلىق بىتىمنامىسى تۈزۈشنى ئۆتۈنگەن ئىدى. غەزنەۋىلەرنىڭ ئەلچىلىرى مىلادىنىڭ 1037 - يىلى 23 - ئاۋغۇستتا غەزنىدىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان بولسىمۇ، بىر يېرىم يىل ئاۋارە بولۇپ، ئاخىرى تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ غەزنىگە قايتقان.

سۇلتان مەسئۇد سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ تەختنى ئۇكىسى مۇھەممەتتىن تارتىپ ئالغاندىن كېيىن، بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك خوتتالىياننى ئەلى تېكىنگە بېرىش ۋەدىسىدىن يېنىۋالغان. ئەلى تېكىن بۇنىڭغا ئىنتايىن قاتتىق نارازى بولغان ئىدى. مانا شۇ ئەلى تېكىن، مىلادىنىڭ 1035 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەلى تېكىننىڭ ئوغلى يۈسۈپ بىننى ئەلى غەربىي ئىلىك خان بولۇپ تەيىنلەندى. يۈسۈپ ئىلىك خان قاراخانىلار مەركىزى ئوردوكەنت (قەشقەر)گە سەممىيەت بىلەن بويسۇندى. ئۇ مىلادىنىڭ 1035 - يىلى توغرۇلبەگ باشچىلىقىدىكى ئوغۇزلارنى ماۋارەئۇننەھرىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئوغۇزلار خارەزمى ۋە خۇراسان تەرەپلەرگە كۆچتى.



يۇقىرىدا قاراخانىلار تارىخىنىڭ 120 يىلىنى (مىلادىنىڭ 920 - يىلىدىن 1040 - يىلىغىچە) ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆچەيگەن دەۋرىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەر قىسقىچە بايان قىلىندى.

مانا شۇ كۆچەيگەن دەۋردە (مىلادىنىڭ 920 - يىلىدىن 1040 - يىلىغىچە) ساتۇق بۇغراخان (920 — 956)، مۇسا بۇغراخان (956 — 958) سۇلايمان ئارسلانخان (958 — 978؟)، ئەلى ئارسلانخان (978 — 998؟)، ئەھمەت توغان خان I (998 — 1018)، مەنسۇر ئارسلانخان (1018 — 1024)، ئەھمەت توغان خان II (1024 — 1026)، يۈسۈپ قادىرخان (1026 — 1032)، سۇلايمان ئارسلانخان (1032 — 1056) قاتارلىق توققۇز خاقان سەلتەنەت يۈرگۈزدى.

## ئاخىرقى دەۋرى

قاراخانىلار تارىخىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى 170 يىلنى (مىلادىنىڭ 1040 - يىلىدىن 1212 - يىلىغىچە) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مانا شۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ناھايىتى جىددىي دەۋر بۆلگۈچ ۋەقەلەر يۈز بەردى.

مىلادىنىڭ 1040 - يىلى بىر پۈتۈن قۇدرەتلىك قاراخانىلار دۆلىتى ئىككىگە — شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىلار دۆلىتىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسا، سالجۇق بەگنىڭ نەۋرىلىرى توغرۇلبەگ بىلەن چاغرى بەگلەر دەن-

دانقان ئۇرۇشىدا سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇلۇغ سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنى قۇردى.

مىلادىنىڭ 1032 - يىلى يۇسۇپ قادىرخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى بۇغراتېكىن — سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ قاراخانىلارغا خاقان بولغانلىقىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

مىلادىنىڭ 1035 - يىلى ئەلىتېكىن ئالەمدىن ئۆتكەندە سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەلى تېكىننىڭ ئوغلى يۇسۇپ غەربىي ئىلىك خانى بولغان ئىدى. يۇسۇپ بىننى ئەلى بىر تەرەپتىن قاراخانىلارنىڭ خاقانى سۇلايمان ئارسلانخانغا ساداقەت بىلەن بويسۇنۇپ، ماۋارەئۇننەھرنى ئىدارە قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خارەزمى شاھ بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ غەزنەۋىلەرگە قارشى ئۇرۇش باشلىدى. يۇسۇپ ئىلىكخاننىڭ قوشۇنلىرى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئەنددھوتنىڭ ئەتراپىدا خارەزمى شاھ ھارۇننىڭ قوشۇنلىرىغا قوشۇلدى. يۇسۇپ ئىلىكخاننىڭ قوشۇنلىرى تىرمىزنى قورشىۋالغاندا، ھارۇننىڭ غەزنەۋىلەرگە سېتىلغانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن يۇسۇپ ئىلىك خان خۇراساندىن چېكىنىپ سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى. 1035 - يىلى يازدا سالچۇقىلار خۇراساندا غەزنەۋىلەر بىلەن بولغان جەڭدە ناھايىتى چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇنىڭدىن روھلانغان يۇسۇپ ئىلىكخان خۇراساندىكى چاغانىيانغا قوشۇن تارتتى. لېكىن يۇسۇپ ئىلىكخان سۇلتان مەس-



ئۇد غەزنەۋىنىڭ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈرۈشتىن توختىدى.

يۇسۇپ ئىلىك خان بەلىخكە ئەلچى ئەۋەتىپ، سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىدىن كەچۈرۈم سورىدى. سۇلتان، يۇسۇپنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل كۆردى.

يۇسۇپ ئىلىك خان مىلادىنىڭ 1036 - يىلى 12 - ئايدا ئالپ تېكىن ۋە ئەبۇ تاراكى پارسىي يېتەكچىلىكىدە سۇلتان مەسئۇدقا ئەلچىلەر ئەۋەتتى. سۇلتان مەسئۇد يۇسۇپ ئىلىك خاننىڭ ئەلچىلىرىنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى. نەتىجىدە يۇسۇپ ئىلىكخاننىڭ ئەلچىلىرى بىلەن سۇلتان مەسئۇد ئارىسىدا بولغان سۆھبەتتە، سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىلەرنىڭ مەلىكىلىرىدىن بىرىنى يۇسۇپ ئىلىك خانغا ياتلىق قىلىشقا رازى بولغان. بۇنىڭ بەدىلىگە يۇسۇپ ئىلىك خان خوتتالىيانغا بولغان زېمىن تەلىپىدىن ۋاز كېچىشنى شەرت قىلىپ قويۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇسۇپ ئىلىك خان غەزنەۋىلەرنىڭ سالجۇق ئوغۇزلىرىغا قارشى كۈرىشىگە ياردەم بېرىشىمۇ تەكىتلەنگەن. يۇسۇپ ئىلىك خان سۇلتان مەسئۇدنىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل بولغان. ئۇ مىلادىنىڭ 1036 - يىلى سۇلتان مەسئۇدنىڭ ئىنىسى ناسىرنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن. شۇندىن باشلاپ يۇسۇپ ئىلىك خان بىلەن غەزنەۋىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى دوستانە، ئىناق بىر ھالەتكە كىرگەن.

يۇسۇپ ئىلىك خان غەزنەۋىلەر بىلەن بولغان مۇ-

ناسۇتىنى ياخشىلاپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھالى ئىچـ
كى جەھەتتىن ياماﻧﻠﯩﺸﯩﺸﻘﺎ باشلىدى. چۈنكى مەرھۇم
ناسىر ئىلىك خاننىڭ ئوغۇللىرى — مۇھەممەت بىننى
ناسىر يۈسۈپ ئىلىك خانغا قارشى باش كۆتۈردى. مۇ-
ھەممەت بىننى ناسىر مىلادىنىڭ 1037 - يىلى غەربىي
ئىلىك خانلارنىڭ پايتەختى ئۆزكەنتنى بېسىۋالدى. ناسىر
ئىلىك خاننىڭ يەنە بىر ئوغلى ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم
(بۆرى تېكىن) 1038 - يىلى يۈسۈپ ئىلىك خاننىڭ
ناماقخانىسىدىن قاچتى. ئىبراھىم بۆرى تېكىن ناھايىتى
چاپسانلىق بىلەن قوشۇن توپلاپ ماۋارەئۈننەھرىنى ئەلى
تېكىننىڭ ئوغلى يۈسۈپنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشقا بەل
باغلىدى. ئىبراھىم بۆرى تېكىن مىلادىنىڭ 1040 - يىـ
لى بۇخارانى بېسىۋالدى. ناسىر ئىلىك خاننىڭ ئوغۇلـ
لىرى مۇھەممەت بىلەن ئىبراھىم بۆرى تېكىن تەرىپىـ
دىن بىرنەچچە قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان يۈسۈپ
ئىلىك خان ماۋارەئۈننەھرىنى تاشلاپ قاراخانىلارنىڭ
پايتەختى قەشقەرگە (ئوردوكەنتكە) قېچىپ كېتىشكە مەجـ
بۇر بولدى.

مۇھەممەت بىننى ناسىر بىلەن ئىبراھىم بۆرى تېـ
كىنلەر غەربىي ئىلىك خان تۇرىدىغان ئۆزكەنتتىن سەـ
مەرقەنتكە يۆتكەلدى. ئۇلار كۆرۈنۈشتە قاراخانىلارنىڭ
پايتەختى قەشقەردىكى خاقان سۇلايمان ئارسلانخا بويـ
سۇنغاندەك قىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بولۇۋالدى.
سۇلايمان ئارسلانخان مۇھەممەت ناسىر بىلەن ئىبراھىم
بۆرى تېكىننىڭ مۇستەقىللىك ھەرىكىتىگە چەك قويماقچى



بولسىمۇ مىلادىنىڭ 1041 - يىلى ئىرتىش، بالقاش
بويلىرىدا ياشايدىغان ياباقۇلار ئىسيان كۆتۈرگەنلىك-
تىن مۇھەممەت بىننى ناسىر بىلەن ئىبراھىم بۆرى تېـ
كىنگە قارشى قوشۇن تارتىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت تاپالـ
مىدى. مانا شۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن مۇھەمـ
مەت بىننى ناسىر بىلەن ئىبراھىم بۆرى تېكىن ماۋارە
ئۈننەھرىگە ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋالدى. شۇندىن
باشلاپ قاراخانىلار دۆلىتى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىـ
لارغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

قويۇلغان پۇلغا (دىنار، دەرھەم) دائىر پاـ
كىتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىنىڭ 1040 - يىلىدىن
باشلاپ مۇھەممەت ناسىر تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئۇنـ
ۋانىنى قوبۇل قىلدى، ئۇ يۈتۈنلەي مۇستەقىل سىياسەت
يۈرگۈزۈپ ئوردوكەنت (قەشقەر)گە بويسۇنمىدى. شۇ
ۋاقىتتىن باشلاپ سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلغان غەربىي
قاراخانىلار دۆلىتى ۋۇجۇدقا كەلدى.

غەربىي قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىگە دەسـ
لەپ يالغۇز ماۋارەئۈننەھرىلا كىرگەن بولسا، كېيىن پەرـ
غانە ۋادىسىنىڭ غەربىي قىسمى قوشۇپ ئېلىندى.

شەرقىي قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىگە يەتـ
تە سۇ، ئىلى ۋادىسى، قەشقەر، خوتەن، پەرغانىنىڭ
شەرقىي قىسمى كىرەتتى. شەرقىي قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ
شەرقىي چېگرىسى كۇچارنىڭ غەربىگە تۇتىشاتتى. ئۇنىڭ
پايتەختى ئوردوكەنت (قەشقەر) ئىدى.

غەربىي قاراخانىلار دۆلىتى بىلەن شەرقىي قاراخاـ

لار دۆلىتىنىڭ چېگرىسىنى خوجەنت دەرياسى ئايرىپ تۇراتتى.

شەرقىي قاراخانىلار دۆلىتى، غەربىي قاراخانىلار دۆلىتى 170 يىل (1040 — 1210) ھۆكۈم سۈردى. شەرقىي قاراخانىلار دۆلىتىگە سۇلايمان ئارسلانخان (مىلادىنىڭ 1040 - يىلىدىن 1056 - يىلىغىچە خاقان بولغان)، مۇھەممەت بۇغراخان (1056 — 1057)، ئىبراھىم خان (1057 — 1058)، توغرۇل قاراخان (1058 — 1075)، توغرۇل تېكىن (1075 — 1075؟)، ھارۇن بۇغراخان II (1075 — 1102)، ئەھمەت ئارسلانخان (1102 — 1128)، ئىبراھىم بىننى ئەھمەت (1128 — 1158)، مۇھەممەت بىننى ئىبراھىم (1158 — ؟) ئوبۇل مۇزەپپەر يۇسۇپ بىننى مۇھەممەت (1204 — 1205) ئوبۇل پەتتا مۇھەممەت بىننى يۇسۇپ (1205 — 1210) قاتارلىق 11 خاقان ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

غەربىي قاراخانىلارغا بولسا مۇھەممەت ناسىر (مىلادىنىڭ 1040 - يىلىدىن 1052 - يىلىغىچە خاقان بولغان)، ئىبراھىم بۆرى تېكىن (1052 — 1068)، ناسىر بىننى ئىبراھىم (1068 — 1080)، خىزىر بىننى ئىبراھىم (1080 — 1081)، ئەھمەت بىننى خىزىر (1081 — 1095)، مەسئۇت بىننى مۇھەممەت (1095 — 1097)، سۇلايمان بىننى داۋۇت (1097 — 1097)، مۇھەممەت تېكىن (1097 — 1099)، ھارۇن بىننى ئۆمەر (1099 — 1102)، مۇھەممەت ئارسلانخان



(1102 — 1130)، ئىبراھىم بىننى سۇلايمان (1130 — 1130)، ھەسەن بىننى ئەلى (1130 — 1132)، مەھمۇت بىننى مۇھەممەت (1132 — 1141)، ئىبراھىم بىننى مۇھەممەت (1141 — 1156)، جالالىددىن ئەلى بىننى ھەسەن (1156 — 1162)، مەسئۇد بىننى ھەسەن (1162 — 1168)، ناسىر بىننى ھۈسەيىن (1168 — 1172)، مۇھەممەت بىننى مەسئۇت (1172 — 1178)، ئىبراھىم بىننى ھۈسەيىن (1178 — ؟)، ئوسمان بىننى ئىبراھىم (1200؟ — 1212) قاتارلىق 19 خاقان ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ 1040 - يىلى قاراخانىلار دۆلىتى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىلار دۆلىتىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسا، دەل شۇ يىلى سالچۇق بەگنىڭ نەۋرىلىرى توغرۇلبەگ بىلەن چاغرى بەگلەر دەندانقان ئۇرۇشىدا سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىنى تار-مار كەلتۈرۈپ، ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنى (1040 — 1157) قۇرغان ئىدى.

ئۇلۇغ سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىپ، قۇدرەتلىك ۋە مەدەنىي بىر دۆلەتكە ئايلىنىشىنىڭ قىسقىچە جەريانى مۇنداق:

سالجۇق ئوغۇزلىرى مىلادىنىڭ 1035 - يىلى غەربىي ئىلىك خانى يۇسۇپ بىننى ئەلى تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ماۋارەئۈننەھرىدىن خۇراسانغا قاراپ كۆچكەندىن تارتىپ سالجۇقىلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت كەسكىنلىشىپ كەتتى.

چاغرى بەگ مىلادىنىڭ 1037 - يىلى خۇراساننىڭ ئەڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان مەرۋى شاھى جاھاننى بېسىپ ئالدى. شۇ يىلى بەلخمۇ، خۇراساننىڭ شەرقىي قىسمىمۇ سالجۇق ئوغۇزلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1038 - يىلى ھىرات، نىشاپور قاتارلىق شەھەرلەرنى غەزنەۋىلەرنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالدى.

خۇراساندا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغان توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1040 - يىلى مەرۋى شاھى جاھان بىلەن سىراكىس ئارىسىدىكى دەندانقان ئۇرۇشىدا سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ قوماندانلىقىدىكى 50 مىڭ جەڭچى بىلەن 300 جەڭ پىلىدىن تەركىب تاپقان قۇدرەتلىك قوشۇننى تارمار كەلتۈردى. سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋى ئازغىنا جەڭچى بىلەن بەلخكە قاراپ قاچتى. شۇ كۈنى كەچتە (مىلادىنىڭ 1040 - يىلى 22 - مايدا) توغرۇلبەگ جەڭ مەيدانىدا تەختكە چىقىپ، ئوغۇز بەگلىرىنىڭ تەبرىكىنى قوبۇل قىلدى. ئارقىدىنلا ئىراندىكى راي (تېھران) شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتكە بوۋىسى سالجۇقنىڭ نامىنى بېرىپ «سالجۇقىلار دۆلىتى» دەپ ئاتىدى. توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1055 - يىلى باغداتنى ئېلىپ ئەرەب ئاببасىلار خەلىپىلىكىنى (مىلادىنىڭ 750 - يىلىدىن تارتىپ، 1258 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قورچاق ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئەرەب خەلىپىسى قايىم I (مىلادىنىڭ 1031 - 1075 - يىلىغىچە خەلىپە بولغان) توغرۇل-



بەگنىڭ نامىنى پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىدا قۇتبىدا ئوقۇشقا بۇيرۇق بەردى. ئۇلۇغ سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تۇنجى ئىمپېراتورى سۇلتان مەسئۇد توغرۇلبەگ (مىلادىنىڭ 1040 - يىلىدىن 1063 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ھەربىي جەھەتتىمۇ ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيە ۋە تاكتىكىسىنى قوللىنىشتا ناھايىتى ماھىر بولۇپلا قالماستىن ئادەتتىن تاشقىرى سۆزمەن، غەيرەتلىك، كارامەت باتۇر بىر قەھرىمان ئىدى. توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1040 يىلى - 22 - مايدا يۈز بەرگەن دەندانقان ئۇرۇشىدا 16 مىڭ كىشىلىك ئوغۇز جەڭچىلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، سۇلتان مەسئۇد قوماندانلىقىدىكى 50 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننى تارمار كەلتۈرگەن ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىر ئۇرۇشىدا ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولغان جەڭ پىللىرىغا تاقابىل تۇرۇش بەكمۇ قىيىن ئىدى. دەندانقان ئۇرۇشىدا توغرۇلبەگنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئوغۇز ئوقچىلىرى ئوقيادىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ جەڭ پىللىرىنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ تاشلىدى. ئاندىن كېيىن توغرۇلبەگ باشچىلىقىدىكى ئوغۇز ئاتلىقلىرى سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ قوشۇنلىرىغا ناھايىتى قاتتىق شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، شانلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن ئىدى.

توغرۇلبەگنىڭ ۋاقتىدا (1040 — 1063) سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۆزىنىڭ ئەخلاقى پەزىلىتىنىڭ يۈكسەكلىكى ۋە باتۇر، مەردلىكى بى-

لەن مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان توغـ
رولبەگ مىلادىنىڭ 1063 - يىلى سۈرىيەنى باش ئەگـ
دۈرۈپ، باغداتقا قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇ چاغدىلا خەلىپىـ
نىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش نىيىتى بارلىقىنى بىلدۈردى. توي
مۇراسىمى راي (تەھران) شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولـ
دى. توغرولبەگ باغداتتىن تەھرانغا كېلىۋېتىپ، يولدا
ئۇشتۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتتى.

توغرولبەگ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سالجۇقلار
ئىمپېرىيىسىگە چاغرى بەگنىڭ ئوغلى ئالپ ئارىسلان
ئىمپېراتور بولدى. ئۇ ئىمپېراتورلۇق قىلغان مەزگىلدە
(1063 — 1072) سالجۇقلار بىلەن شەرقىي روما ئىمـ
پېرىيىسى (395 — 1451) ئارىسىدا دۇنيا تارىخىدا ناـ
ھايىتى مۇھىم ئورۇن ئالغان مەشھۇر «مالازگىرد جېڭى»
يۈز بەردى.

مىلادىنىڭ 1071 - يىلى شەرقىي روما ئىمپېراتورى
رومان دىئوگېنىس سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىنى يوقىتىپ،
ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى بېسىپ ئېلىشقا بەل باغلىدى. ئۇـ
زىنى تەگدىشى يوق ھەربىي قولباشچى دەپ ئاتايدىغان
رومان دىئوگېنىس مىلادىنىڭ 1071 - يىلى 13 - مارتتا
200 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان چوڭ قوشۇننى
باشلاپ كونستانتىنپول (ھازىرقى ئىستانبول) دىن شەرقـ
قە قاراپ يولغا چىقتى. شەرقىي روما قوشۇنلىرىنىڭ يۈكـ
تاقلىرىنى ئۈچ مىڭ هارۋا، نەچچە تۈمەن تۆگە، ئاتلار
ئېلىپ ماڭغان. رومالىقلاردا 1200 كىشى باشقۇرىدىغان،
ناھايىتى ھەيۋەتلىك مەنجانىق (شەھەر سېپىلىغا چىقىش



تا ئىشلىتىدىغان قورال) بار ئىدى.

ئالپ ئارىسلان ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ساۋـ
غىتىكىن باشچىلىقىدا رومان دىئوگېنىسقا ئەلچىلەر ئەۋەتتى.
ساۋغىتىكىن رومان دىئوگېنىسقا تىنچلىق بىتىمى ھەققىدە تۈزۈش
توغرىسىدا تەكلىپ قويغاندا رومان دىئوگېنىس تەكەببۇـ
رانە قىياپەتتە تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

«سۇلتانىڭغا بېرىپ ئېيت! مۇزاكىرىنى راي (تەھـ
راندا) باشلايمەن. ئۇلاقلىرىمنى ھەمەداندا قىشلىتىمەن.»
بۇنىڭغا جاۋابەن ساۋغىتىكىن: «ئۇلاقلىرىڭىزنىڭ ھەمەدانـ
دا قىشلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۆزىڭىزنىڭ نەدە قىشـ
لايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن» دېگەن.

رومان دىئوگېنىس مىلادىنىڭ 1071 - يىلى ئاۋغۇستـ
تا ھازىرقى ئەرمىنىستاندىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىغا جايـ
لاشقان مالازگىرد قورغىنىنىڭ ئالدىدىكى دالىغا يېتىپ
كەلگەن.

ئالپ ئارىسلان رومان دىئوگېنىسنىڭ چوڭ قوـ
شۇنىنى باشلاپ، ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر
تېپىپ، 50 مىڭ كىشىلىك (ئاتلىق ۋە پىيادە) قوشۇننى
باشلاپ، مالازگىرد دالىسىغا يېتىپ كېلىپ، روما قوشۇنـ
لىرىنىڭ ئۇدۇلىدا سەپ تارتقان. مالازگىرد قورغىنىنىڭ
نامى بىلەن «مالازگىرد جېڭى» نامىدا ئاتالغان جەڭ
26 - ئاۋغۇستتا بولغان. ئۇرۇش بولغان كۈنى (جۈمە
كۈنى ئىكەن) نەچچە يۈزلىگەن خرىستىيان پوپلىرى
كىرىستنى كۆتۈرۈشۈپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ھۆركىرىشىپ،
روما قوشۇنلىرىنىڭ ئۆز دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىب بوـ

لۇشنى ئەيسادىن تىلەپ، ئىنجىلدىن مۇقەددەس ئايەتلەرنى ئوقۇشقان.

ئالپ ئارسلان جەڭ باشلىنىش ئالدىدا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، بولغۇسى دەھشەتلىك جەڭنىڭ تاكتىكىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاق كىيىم كىيگەن، قولىغا قىلىچ ۋە قالقان ئالغان. بۇ ئۇنىڭ جەڭدە قۇربان بولسا شۇ ئاق كىيىم بىلەن دەپنە قىلىنىشىغا ئىشارەت ئىدى. ئالپ ئارسلان قوماندانلىرى ۋە جەڭچىلىرىگە خىتاب قىلىپ، ئەگەر ئۆزى جەڭدە قۇربان بولۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ، ياش ئوغلى مەلىك شاھقا بويسۇنۇشىنى ۋەسىيەت قىلغان.

يۇقىرىدىكى ئىشلار ئورۇنلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئالپ ئارسلان سالجۇق قوشۇنلىرىنى روما قوشۇنلىرىغا قارشى ئېلىپ ماڭغان. ئىككى تەرەپتىن بىر - بىرىگە قارشى ئېتىلىپ كېلىۋاتقان قوشۇنلار (ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى سەپ تارتىپ تۇرغان چاغدا ئارىلىقتىكى مۇساپە يەتتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىكەن) خۇددى دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنىدەك كۆتۈرۈلۈپ كېلىپ، بىر - بىرىگە ئۆزلىرىنى ئۇرغان. كەچ كىرىشكە ئاز قالغاندا، ئالپ ئارسلان باشچىلىقىدىكى سالجۇق قوشۇنلىرى روما قوشۇنلىرى ئۈستىدىن تولۇق غەلىبە قازانغان. ئالپ ئارسلان يارىدار بولغان، رومان دىگىنىسنى ئەسىر ئالغان، روما قوشۇنلىرىدىن ئۆلمەي قالغانلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ، ئالپ ئارسلانغا باش ئەگكەن.



«مالازگىرد جېڭى»دە سالجۇقلارنىڭ شەرقىي روما ئۈستىدىن قازانغان شانلىق غەلىبىسىنىڭ چاقماق تېزلىكىدە تارقالغان قاناتلىق خەۋەرلىرى شەرق ۋە غەرب دۇنياسىنى ھەيرەتتە قالدۇردى. بولۇپمۇ خرىستىيانلار دۇنياسى ۋەھىمە ئىچىدە قېلىپ، خۇددى كەچ كۈزدە سارغىيىپ تۆكۈلگەن غازاڭدەك تىترىگەن.

ئالپ ئارسلان ئەسىر چۈشكەن رومان دىگىنىسقا ئۆزىنىڭ مەغرۇر، مەردانە ۋە ئالىيجانابلىقىنى كۆرسەتكەن. ئالپ ئارسلان رومان دىگىنىسكە خۇشچىراي بىلەن قىزغىن، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭغا قوشنا دۆلەتلەرگە ئىناق، دوستانە مۇناسىۋەتتە بولمىغانلىقى ۋە جەڭدىكى تاكتىكا خاتالىقلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن. ئوغۇزلارنىڭ جەڭدە قوللانغان تۇران تاكتىكىسىنىڭ دۈشمەن تاكتىكىسىدىن ئۈستۈن، جانلىق تاكتىكا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنداق تاكتىكىنىڭ ئوغۇزلارنىڭ ئەجدادىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان جەڭگىۋار، جانلىق ئەنئەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەسلەتكەن. ئالپ ئارسلان رومان دىگىنىس بىلەن بىتىم تۈزگەن. بىتىمگە ئاساسەن شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى سالجۇقلارغا قارام بولۇپ قالغان. چۈنكى شۇندىن باشلاپ شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى سالجۇقلارغا ھەر يىلى نۇرغۇن مىقداردا ئالتۇن، كۈمۈش يوللاپ، ياساق تۆلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان. ئالپ ئارسلان رومان دىگىنىسنىڭ كونستانتىنوپولغا ئامان - ئېسەن قايتىپ كېتىشىگە يول قويغان. ئۇ ئۆز دۈشمىنى ئالدىدا ناھايىتى خىجىل بولۇپ، قىلمىشلىرىغا پۇشايمان يې-

گەن رومان دىئوگېنىس ئالپ ئارسلاندىن بۇنداق ئىلتىپاتلارنىڭ بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ ئەسىر چۈشكەندە ئالپ ئارسلاننىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، ئۆلۈمگە بۇيرۇلىمەن دەپ ئويلىغان ئىدى.

سالجۇقلار ئىمپېرىيىسى مەلىك شاھنىڭ ۋاقتىدا (1072 — 1092) ناھايىتى قۇدرەتلىك، مەدەنىيەت ئاجايىپ گۈللەنگەن بىر دۆلەتكە ئايلانغان. شۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىگە كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، پەلەستىن، ئەرەبىستان، مېسوپوتامىيە (ئىراق)، ئىران، ئافغانىستان، بېلوجىستان (ھازىرقى پاكىستاننىڭ بېلوجىستان ئۆلكىسى) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى قاتارلىق جايلار كىرگەن.

ئۇلۇغ سالجۇقلار ئىمپېرىيىسى بىلەن قاراخانىيلار (غەربىي ۋە شەرقىي قاراخانىيلار)نىڭ مۇناسىۋىتى ھەرخىل ھالەتتە بولدى.

ئۇلۇغ سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇرغان ئىمپېراتورى ئالپ ئارسلان مىلادىنىڭ 1072 - يىلى كۈزدە غەربىي قاراخانىيلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن 200 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان چوڭ قوشۇننى باشلاپ ماۋارەئۇننەھرىگە يۈرۈش قىلدى. ئالپ ئارسلان ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەندە قاراخانىيلارنىڭ يۇسۇپ ئاتلىق بېگى بىلەن ئۇرۇشتى. يۇسۇپ بەگ ئەسىر چۈشتى، ئالپ ئارسلان ئەسىر چۈشكەن يۇسۇپ بەگ بىلەن گەپ تالاشىپ قالغاندا، يۇسۇپ



بەگ يېنىدا تىقىپ ئالغان خەنجىرىنى چىقىرىپ، ئالپ ئارسلاننىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىدى. سالجۇقلار يۇسۇپ بەگنى قىيما - چىيما قىلىۋەتتى. ئالپ ئارسلاننىڭ جەسىتى مەرۋى شاھى جاھانغا كەلتۈرۈلۈپ دەپنە قىلىندى. ئالپ ئارسلاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن سالجۇقلار ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ قايتىپ كەتتى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ناسىر بىننى ئىبراھىم — شەمسۇل مۇلۇك (1068 — 1080) مىلادىنىڭ 1072 - يىلى 16 - دېكابىردا تىرمىزنى بېسىپ ئالدى. ئارقىدىنلا بەلخنىمۇ بېسىپ ئالدى.

ئالپ ئارسلاننىڭ ئوغلى، سالجۇقلارنىڭ ئىمپېراتورى مەلىك شاھ (1072 — 1092) ناسىر بىننى ئىبراھىمدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 1074 - يىلى چوڭ قوشۇننى باشلاپ، ماۋارەئۇننەھرىگە بېسىپ كىرىپ، سەمەرقەنتكە قاراپ ماڭدى. ناسىر بىننى ئىبراھىم سەمەرقەنتنى تاشلاپ چىققاندا، مەلىك شاھنىڭ ئەقىللىق، ئالىيجاناب ۋەزىرى نىزامۇل مۇلكنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا تىنچلىق بىتىمى تۈزۈلدى. تىرمىز بىلەن بەلخ سالجۇقلار تەۋەلىكىگە ئۆتتى. مەلىك شاھ ئۇ جايلارغا ئۆز بەگلىرىدىن ھاكىم تەيىنلەپ قايتىپ كەتتى.

مىلادىنىڭ 1080 - يىلى ناسىر بىننى ئىبراھىم ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆكىسى خىزىرخان ئولتۇردى. خىزىرخانمۇ مىلادىنىڭ 1081 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەھمەت بىننى خىزىر خاقان

بولدى. ئۇنىڭ ۋاقتىدا (1081 — 1095) قاراخانىـ
لار بىلەن سالجۇقىلار ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى. مىـ
لادىنىڭ 1089 - يىلى مەلىك شاھ ناھايىتى كۆپ سانـ
لىق قوشۇننى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىردى.
ئۇ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۇخارانى ئالدى. ئارقىدىنلا
غەربىي قاراخانىلارنىڭ پايتەختى سەمەرقەنتنى ئالدى
ۋە ئەھمەت بىننى خىزىرنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئۇنى
ئىسفەھانغا ئەۋەتىۋەتتى. ئاندىن كېيىن شەرقىي قاراخانىـ
لارغا قاراپ ماڭغاندا، ھارۇن بۇغراخان II قەشقەرـ
دىن ئۆزكەنتكە كېلىپ، مەلىك شاھ بىلەن كۆرۈشـ
تى. ھارۇن بۇغراخان II (1075 — 1102) ئۆزىرـ
خاھلىق ئېيتىپ مەلىك شاھنى كەينىگە قايتىپ كېتىشكە
ئۇناتتى، مەلىك شاھ ھارۇن بۇغراخان II نىڭ قۇتبىـ
دا مەلىك شاھنىڭ نامىنى ئوقۇشقا ۋە پۇللارغا مىلىك
شاھنىڭ نامىنى يېزىشقا ماقۇل بولغانلىقىغا قانائەت ھاـ
سىل قىلىپ، قەشقەرگە بېسىپ بېرىشتىن ۋاز كەچكەن
ئىدى.

مەلىك شاھ غەربىي قاراخانىلارنىڭ بىكەسى توركان
خاتۇنغا ئۆيلەنگەن ئىدى. ناھايىتى چوڭ ئابرويغا ئىـ
گە بولغان توركان خاتۇن مىلادىنىڭ 1090 - يىلى
ئارىغا چۈشۈپ مەلىك شاھنى، ئەھمەت بىننى خىزىرـ
نى سەمەرقەنتكە قايتۇرۇۋېتىشكە كۆندۈردى. ئەھمەت بىننى
خىزىر مىلادىنىڭ 1090 - يىلىدىن باشلاپ
قايتىدىن غەربىي قاراخانىلارغا خاقان بولدى. لېكىن مەـ
لۇم دەرىجىدە سالجۇقىلارغا بېقىندى ئىدى. مىلادىنىڭ



1095 - يىلى سەمەرقەنتتىكى دىنىي مۇتەئەسسىپلەر كاـ
سان شەھىرىنىڭ ھاكىمى توغرۇل يىناق بەگنى ئەھمەت
بىننى خىزىرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگۈزدى. ئەھمەت بىننى
خىزىر كاسان بېگى توغرۇل يىناقنىڭ ئىسيانىنى باسـ
تۇرۇش ئۈچۈن كاسان شەھىرىگە يېقىنلاپ كەلگەندە بەگـ
لىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئەھمەتنى قاماققا ئالدى. ئىسـ
يان كۆتۈرگەن بەگلەر ئەھمەتنى سەمەرقەنتكە ئېلىپ
بېرىپ دىنىي سوتقا تاپشۇردى. مەھكىمە شەرئىي ئەھمەتـ
نى دىنسىز، قارشى ھەرىكەتتە بولغان دەپ ئۆلۈمگە ھۆـ
كۈم قىلدى. ئەھمەت ئۆزىدە قىلچە گۇناھ يوقلۇقىنى ئىسـ
پاتلىغان بولسىمۇ، ئوغۇزلار ئادىتى بويىچە ئۆز ئوقياـ
سىنىڭ كىرىچىدا بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئەھمەتخان مىلادىنىڭ 1092 - يىلى مەلىك
شاھ ئۆلگەندىن كېيىن، مەلىك شاھنىڭ سەمەرقەنتتىكى
بەگلىرىنى قوغلاپ چىقارغان ئىدى.

مەلىك شاھ ۋاپاتىدىن كېيىن سالجۇقىلاردا تەخت
تالىشىش كۈرىشى 25 يىل (مىلادىنىڭ 1092 - يىلىدىن
1117 - يىلىغىچە) داۋام قىلدى. ئاخىرى مەلىك شاھـ
نىڭ كىچىك ئوغلى سۇلتان سەنجەر ئىمپېراتور بولغانـ
دىلا تەخت ئۈچۈن كۈرەش ئاياغلاشتى.

سۇلتان سەنجەرنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 1117 -
يىلىدىن 1157 - يىلىغىچە) قاراخانىلار دۆلىتى غەربىي
قىتانلارغا قارام بولۇپ قالدى.

شەرقىي قاراخانىلار (1040 — 1210) نىڭ خاـ
قانى سۇلايمان ئارسلانخان (1040 — 1056) مىـ

لادىنىڭ 1056 - يىلى ئۆكىسى مۇھەممەت بۇغراخان (ياغان تېكىن) بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىر چۈشتى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. مۇھەممەت بۇغراخان مىلادىنىڭ 1057 - يىلى تەختىنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن (مەھمۇت قەشقىرىنىڭ دادىسى)گە ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمىدا كىچىك بىكەسى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا كىچىك بىكەسىدىن بولغان ئوغلى ئىبراھىم خاقان بولدى. ئىبراھىم مىلادىنىڭ 1058 - يىلى ئۆزىگە بويسۇنمىغان بارسخان ھاكىمى ئىنال تېكىن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلدى. ئىبراھىمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن شەرقىي قاراخانىلارغا يۇسۇپ قادىرخاننىڭ كەنجى ئوغلى توغرۇل قاراخان خاقان بولدى. ئۇنىڭغا ئاكىسى سۇلايمان بۇغراخاننىڭ ئوغلى ئوبۇل ھەسەن ئورۇنباسار خاقان بولدى. مىلادىنىڭ 1068 - يىلى ئىبراھىم بۆرى تېكىن ئۆلگەندە، توغرۇل قاراخان بىلەن ئوبۇل ھەسەن پەرغانە ۋادىسىنىڭ غەربىي قىسمىنى غەربىي قاراخانىلاردىن تارتىپ ئالدى. ئىبراھىم بۆرى تېكىن مىلادىنىڭ 1056 - يىلى سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن مۇھەممەت بۇغراخان ئارىسىدا ئۇرۇش بولغاندا پەرغانىنىڭ غەربىي قىسمىنى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان ئىدى. توغرۇل قاراخان (1058 — 1075) ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوغلى توغرۇل تېكىن شەرقىي قارخانىلارغا ئىككى ئايلا خاقان بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا توغرۇل قاراخاننىڭ ئورۇنباسارى ئوبۇل ھەسەن (ھارۇن بۇغراخان II) خاقان



بولدى. ھارۇن بۇغراخان II نىڭ ۋاقتىدا (1075 — 1102) شەرقىي قاراخانىلار قۇدرەتلىك، ناھايىتى مەدەنىيەتلىك بىر باسقۇچقا كىرگەن ئىدى. شەرقىي قاراخانىلار تەختىدە 27 يىل ئولتۇرغان ھارۇن بۇغراخان II مىلادىنىڭ 1102 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەھمەت ئارسلانخان ئولتۇردى. ئەھمەت ئارسلانخان (1102 — 1128) مىلادىنىڭ 1105 - يىلى مەھمۇت بىننى ئابدۇجېلىل قەشقىرىنى باغداتتىكى ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىسى مۇستەزىر (1094 — 1118) نىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. خەلىپە مۇستەزىر ئەھمەت ئارسلانخانغا «دۆلەتنىڭ نۇرى» ئۇنۋانىنى بەردى.

شەرقىي قاراخانىلار ئىبراھىم بىننى ئەھمەتنىڭ ۋاقتىدا (1128 — 1158) غەربىي قىتانلارغا قارام بولۇپ قالدى.

قىتانلار ئەسلىدە ھازىرقى شەرقىي شىمالدىكى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدە ياشىغان موڭغۇل نەسىللىك خەلق ئىدى. ئۇلار ھونلار دەۋرىدە (مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ) ھونلارغا، سيانپىلارغا بېقىنىپ كەلگەن. قىتانلار ھونلار دەۋرىدىن باشلاپ پەيدىنپەي تۈركلىشىپ كەتكەن. قىتانلار ئاۋار خاقانلىقى (395 — 551) ۋە كۆك تۈرك خاقانلىقى (551 — 744) دەۋرىدە شۇ خاقانلىقلارغا بېقىنىپ ياشىغان. ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ كۈچەيگەن دەۋرىدىن (745 - يىلدىن) تارتىپ 840 - يىلغىچە ئۇيغۇر-

ئورخۇن خاقانلىقىغا بېقىنىپ ياشىغان. قىتانلار مىلادىنىڭ 920 - يىلى ئورخۇندا 80 يىل (840 - يىلىدىن 920 - يىلىغىچە) ھۆكۈمران بولغان قىرغىزلارنى ئەسلى يۇرتى يەنسەي دەرياسىنىڭ بويىغا قوغلىۋەتكەن. قىتانلار ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى شەھەرنى پايتەخت قىلغان.

قىتانلار خانلىقى (مىلادىنىڭ 916 - يىلىدىن 1125 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ھازىرقى موڭغۇلىيەنى ۋە ھازىرقى شەرقىي شىمال ئۈچ ئۆلكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغان.

قىتانلار مىلادىنىڭ 907 - يىلى 40 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلغان. مىلادىنىڭ 993 - يىلى سۇڭ سۇلالىسىغا (مىلادىنىڭ 960 - يىلىدىن 1279 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ پايتەختى كەيپىڭ شەھىرىنى قورشىۋالغان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قىتانلار بىلەن بىتىمنامە تۈزۈپ، ھەر يىلى قىتانلارغا كۆپ مىقداردا (كۈمۈش ۋە تاۋار ئارقىلىق) ياساق تۆلەپ تۇرۇش بەدىلىگە دۆلىتىنى ساقلاپ قالغان.

قىتانلار خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ شەرقىي قىسمىغا تۇتاش ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك قىتانلار مىلادىنىڭ 1018 - يىلى 100 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن شەرقتىن قاراخانىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئالتاي، چۆچەك، ئىلى قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئالغاندا ئەھمەت توغان خان I (998 — 1018)



بالاساغۇننىڭ شىمالىدىن سەككىز كۈنلۈك يىراقلىقتىكى جايدا بولغان جەڭدە قىتانلارنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئامان قالغانلىرىنى قوغلاپ، ئۆز دۆلىتىگە سۈرۈپ توقاي قىلىۋەتكەن. مىلادىنىڭ 1120 - يىلى جورجىتلار (مانجۇلارنىڭ ئەجدادلىرى) ئىسيان كۆتۈرۈپ 1124 - يىلىغا كەلگەندە قىتانلار خانلىقىنى يوقاتقان.

جورجىتلارغا باش ئەگمىگەن قىتان شاھزادىسى يەلۈداشى بىر قىسىم قىتانلارنى باشلاپ غەربىي شىمالغا قاراپ قېچىپ يەنسەي دەرياسىنىڭ بويلىرىغا كەلگەن. يەنسەي قىرغىزلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭىغا يولۇققان قىتانلار يەنە باشقا جايغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. قىتانلار غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ كۆچۈپ، قاراخانىلاردىن پاناھ تىلىگەن. شەرقىي قاراخانىلارنىڭ شىمالىي ئىلىك خانى ئۇبۇل شۇجاھ ئۇلارغا ئىمىل (ھازىرقى دۆربىلجىن) دا تۇرۇشقا يول قويغان. ئىمىلغا كېلىپ ماكانلاشقان قىتانلارنىڭ سانى 40 مىڭ تۈتۈن (ئائىلە) بولۇپ، ئاھالىسى 200 مىڭغا يېتەتتى.

شۇ مەزگىلدە قاراخانىلار دۆلىتى ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. غەربىي قاراخانىلار دۆلىتى سالجۇقىلار ئىمپېراتورى سۇلتان سەنجەر (مىلادىنىڭ 1117 - يىلىدىن 1157 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان)نىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تۇراتتى. شەرقىي قاراخانىلاردىكى قارلۇقلار ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

مىلادىنىڭ 1130 - يىلى شەرقىي قاراخانىلاردىكى قارلۇقلار ۋە باشقا قەبىلىلەر ئىسيان كۆتۈردى. شىمالىي

ئىلىك خانى ئوبۇل شىجاھ يىلۇداشنى ئىچكى ئىسياننى باستۇرۇشقا بۇيرىدى. يىلۇداشى ئىلىدىن غەربكە قاراپ مېڭىپ، بالاساغۇن ئەتراپىدا قارلۇقلارنىڭ ئىسيانىنى باستۇردى. ئوبۇل شىجاھ يىلۇداشنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتىنى تەقدىرلەپ، قىتانلارنى بالاساغۇندا تۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. بۇ چاغلاردا شەرقىي قاراخانىلارغا ئەھمەت ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ئىبراھىم بىننى ئەھمەت خاقان ئىدى. ئىبراھىم بىننى ئەھمەت (1128 — 1158) قابىلىيەتسىز، بەكمۇ بىغەم ئادەم ئىدى. قىتان شاھزادىسى يىلۇداشى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ ئىچكى ئاجىزلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇغ - ئايماقلىرىنى بالاساغۇنغا توپلىدى. يىلۇداشى مىلادىنىڭ 1134 - يىلى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاپ، ئوبۇل شىجاھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى ئەسىرگە ئالدى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا شىمالىي ئىلىك خانىغا قارايدىغان جايلارنى بېسىپ ئالدى. يىلۇداشى 1136 - يىلى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، ئىبراھىم بىننى ئەھمەتنى باش ئەگدۈردى. شۇندىن باشلاپ شەرقىي قاراخانىلار قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالدى.

قىتانلار ئىبراھىم بىننى ئەھمەتنى بېقىندى ھالغا چۈشۈرۈپ ئالغاندىن كېيىن، بالاساغۇننى پايتەخت قىلىپ، تارىختا «غەربىي قىتانلار دۆلىتى» دەپ نام ئالغان دۆلەت ۋۇجۇدقا كەلدى. غەربىي قىتانلار دۆلىتى (مىلادىنىڭ 1124 - يىلىدىن 1210 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈر-



گەن) يەنە گورخانىلار دۆلىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شەرق تارىخچىلىرى غەربىي قىتان خانلىرىنى «گورخان» دەپ يېزىشقان. «گورخان» سۆزى خەنزۇچىدىكى «گاۋخەن» (ئالىي خان — 高汗) سۆزىنىڭ ئۆزگەرتىپ ئېيتىلىشى بولسا كېرەك. «گورخانىلار» دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەنە شۇنداق.

غەربىي قاراخانىلار دۆلىتى (1040 — 1210) مۇ مىلادىنىڭ 1102 - يىلىدىن باشلاپ قايتىدىن سالجۇقىلارغا قىسمەن ھالدا قارام بولۇپ قالدى. مىلادىنىڭ 1103 - يىلى قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ساغۇنبەگ، مۇھەممەت ئارسلانخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. مۇھەممەت ئارسلانخاننىڭ كۈيئوغلى سۇلتان سەنجەرنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن ئىسيان تىنچىدى. لېكىن ساغۇنبەگ مىلادىنىڭ 1109 - يىلى يەنە ئىسيان كۆتۈردى. بۇ قېتىم سۇلتان سەنجەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن مۇھەممەت ئارسلانخان (مىلادىنىڭ 1102 - يىلىدىن 1130 - يىلىغىچە خاقان بولغان) ئىسياننى قاتتىق باستۇردى. شۇندىن باشلاپ خېلى ئۇزاققىچە ماۋارەئۇننەھردە تىنچلىق، ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈردى.

غەربىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى مۇھەممەت ئارسلانخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پالەچ بولۇپ قالدى. شۇڭا ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇشقا چوڭ ئوغلى ناسىرنى تەيىنلىدى. مانا شۇ چاغدا ئەشرەپ بىننى مەھەممەت سەمەرقەندتە ئاتالىق قازى سۇيىقەست ئىشلىتىپ ناسىرنى ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئەھمەت (ناسىرنىڭ ئۇكىسى)

سەمەرقەندتىكە كېلىپ، ئەشرەپ بىننى مەھەممەت سەمەرقەندتىنى ئۆلتۈردى.

1130 - يىلىغا كەلگەندە، مۇھەممەت ئارسلانخان بىلەن سالجۇقىلار سۇلتانى سەنجەرنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ قالدى. سۇلتان سەنجەر ئوۋغا چىققان چاغدا. گۇمانلىق دەپ تونۇلغان 20 كىشىنى تۇتۇپ كېلىپ سوراق قىلدى. ئۇلار مۇھەممەت ئارسلانخاننىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن سۇلتان سەنجەرنى قەست قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى بويۇنىغا ئالدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن سۇلتان سەنجەر بىلەن مۇھەممەت ئارسلانخان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى يامانلىشىپ كېتىدۇ. شۇ ۋەقەدىن كېيىن سۇلتان سەنجەر سەمەرقەندنى بېسىپ ئالدى. مۇھەممەت ئارسلانخان بەلخكە ئېلىپ كېتىلىدۇ، سۇلتان سەنجەرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قىزى توركان خاتۇن (سۇلتان سەنجەرنىڭ مەلىكىسى)نىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۇھەممەت ئارسلانخان مىلادىنىڭ 1132 - يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى مەرۋى شاھى جاھاندىكى مەدرىسكە دەپنە قىلىنىدۇ.

غەربىي قاراخانىلارنىڭ ئەھۋالى مۇھەممەت ئارسلانخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مەھمۇتنىڭ ۋاقتىدا (1132—1141) بەكمۇ يامانلىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا غەربىي قىتانلار دۆلىتى كۈچىيىشكە باشلىغان ئىدى. يىلوداشى غەربكە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق كۆرمەكتە ئىدى. مىلادىنىڭ 1137 - يىلى 6 - ئايدا خوجەنت ئەتراپىدا، غەربىي قىتانلار خانى يىلوداشى غەربىي قاراخانىلارنىڭ قوشۇنىنى



تارمار كەلتۈردى. مىلادىنىڭ 1139 - يىلى خارەزىمشاھى ئاتسىز ماۋارەئۈننەھرگە بېسىپ كىرىپ بۇخارانى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا قارلۇقلار ئىسيان كۆتۈردى. ئىسيانىنى يىلوداشى قوللىدى. غەربىي قىتانلارنىڭ كۈچىيىپ، غەربىي قاراخانىلار دۆلىتىگىمۇ خەۋپ سېلىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرىگەن سۇلتان سەنجەر يىلوداشىغا قارشى چىقتى. مانا شۇ سەۋەبتىن يىلوداشى مىلادىنىڭ 1141 - يىلى قىتان قوشۇنلىرىنى باشلاپ غەربىي قاراخانىلارنىڭ پايتەختى سەمەرقەندكە قاراپ ماڭدى. مىلادىنىڭ 1141 - يىلى 9 - ئايدا سەمەرقەنت بىلەن بۇخارا ئارىسىدىكى قەتۋان چۆلىدە غەربىي قىتانلار بىلەن غەربىي قاراخانىلار ئارىسىدا تارىختا مەشھۇر بولغان قەتۋان جېڭى يۈز بەردى. قەتۋان جېڭىدە يىلوداشى، مەھمۇت بىلەن سۇلتان سەنجەر باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە قوشۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. چۈنكى يۈرۈش باشلىنىش بىلەنلا قاراخانىلارغا ياردەمگە كەلگەن سۇلتان سەنجەر باشچىلىقىدىكى سالجۇقىلار قوشۇنى ئىچىدە قوزغىلاڭ يۈز بەردى. بۇنداق ۋەقە يىلوداشىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئۇرۇشتا قاراخانىلار بىلەن سالجۇقىلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىدىن 30 مىڭ كىشى ئۆلدى. سۇلتان سەنجەرنىڭ خانىشى توركان خاتۇن (مۇھەممەت ئارسلانخاننىڭ قىزى) بىلەن بىرگە مەشھۇر بەگلەر، يىلوداشىغا ئەسىر چۈشۈپ كەتتى. قەتۋان جېڭىدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان سۇلتان سەنجەر بىلەن مەھمۇتخان تېرمىزغا قېچىپ كەتتى. يىلوداشى سەمەر-

قەنت بىلەن بۇخارانى بېسىپ ئالدى. لېكىن قىتانلار بې-
سىپ ئالغان جايلارنى ئۆز دۆلىتى تەركىبىگە قوشۇپ
ئالماس ئىدى. ئۇلار ياساق ئېلىش بىلەنلا چەكلىنەر
ئىدى. قىتانلار بېسىپ ئالغان جايلاردىكى ئاھالىدىن
ئائىلە بېشىغا بىر دىنار ياساق يىغىپ ئېلىشنىلا ئەۋزەل
كۆرەتتى. شۇ سەۋەبكە ئاساسەن غەربىي قاراخانىلارمۇ،
شەرقىي قاراخانىلارمۇ قىتانلارغا ياساق تۆلەش شەرتى
ئاستىدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ساقلاپ قالدى.

قىتانلارنىڭ (قاراختايلارنىڭ) غەلىبىسى ئۇلۇغ
سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسىگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. قەت-
ۋان جېڭىدە يۈز بەرگەن ۋەقەدىن غەيرەتلىك خارەزمى
شاھ ئاتسىز كۆپرەك پايدىلاندى. ئۇ مىلادىنىڭ 1141-
يىلى قىشتا مەرۋى شاھى جاھاننى بېسىپ ئالدى. 1142-
يىلى نىشاپور (ھازىرقى ھەمدان شەھىرى)غا يېقىنلاپ
كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئاتسىز كۈچ جەھەتتە يەنە
ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان سۇلتان سەنجەرگە بويسۇ-
نۇشقا مەجبۇر بولدى. يىلوداشى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆت-
كىنىمىزدەك مىلادىنىڭ 1141 - يىلى «قەتۋان جېڭى»
دە ئۇ غەربىي قاراخانىلارنى مەغلۇپ قىلغان بولسا، مىلا-
دىنىڭ 1142 - يىلى (ئاتسىز نىشاپورغا يۈرۈش قىلغان-
دا) خارەزمگە ھۇجۇم قىلدى. خارەزمى شاھلىقىمۇ قىتان-
لارغا بېقىندى بولۇپ قالدى. لېكىن مىلادىنىڭ 1143-
يىلى يىلوداشى ئۆلگەندىن كېيىن خارەزمى شاھ ئىلى
ئارسلان قىتانلارغا ياساق تۆلەشتىن باش تارتتى ۋە
قىتانلارنىڭ خارەزمدە تۇرۇشلۇق ۋالىيسىنىمۇ قوغلاپ



چىقاردى.

يىلوداشى ئۆلگەندىن كېيىن غەربىي قىتانلارغا تۆت
كىشى خان بولدى. غەربىي قىتانلار دۆلىتى (1124 —
1210) يىلوداشىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئاجىزلىشىشقا قا-
راپ ماڭغان ئىدى. قىتان خانلىرى: يىلوداشى (مىلادىنىڭ
1124 -يىلىدىن 1143 - يىلىغىچە خان بولغان)، تابويان
(1144 — 1150)، يىلوبىلى (1151 — 1163)،
پۇساۋەن (1164 — 1177)، يىلوجىلىگو (1178 —
1211) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. تابويان يىلو-
داشىنىڭ خانىشى ئىدى. پۇساۋەن بولسا قىزى ئىدى.

شەرقىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى ئوبۇل پەتتاھ مۇھەم-
مەت ئىبنى يۈسۈپنى مىلادىنىڭ 1210 - يىلى ئوردا بەگلىرى
ئۆلتۈردى. شۇندىن باشلاپ شەرقىي قاراخانىلار دۆلىتى
تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولدى.

غەربىي قاراخانىلار خاقانى ئوسمان بۇغراخان خا-
رەزمى شاھى مۇھەممەت ئالاھەددىننىڭ كۈيئوغلى ئىدى.
ئۇ مىلادىنىڭ 1212 - يىلى مۇھەممەت ئالاھەددىنگە قار-
شى چىققانامتى ئۇچۇن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن
غەربىي قاراخانىلار دۆلىتىمۇ يوقالدى.

90 يىل ياشىغان (مىلادىنىڭ 1125 - يىلىدىن 1210-
يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) غەربىي قىتانلار دۆلىتى (قارا
ختايلار دۆلىتى)مۇ مىلادىنىڭ 1210 - يىلى غەربىي قا-
راخانىلارنىڭ خاقانى ئوسمان بۇغراخان بىلەن خارەزمى
شاھى مۇھەممەت ئالاھىددىن باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە قو-
شۇن (قاراخانى ۋە خارەزمى قوشۇنلىرى) تەرىپىدىن قىر-

غىزىستاندىكى تالاس دەرياسى بويىدا بولغان جەڭدە ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. شۇ مەغلۇبىيەتتە ھالدىن كېتىپ قالغان غەربىي قىتانلارنى مىلادىنىڭ 1211- يىلى نايمان خانى كۈچلۈكخان يوقاتتى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مىلادىنىڭ 1040 - يىلىغا كەلگەندە بىرلەشكەن، قۇدرەتلىك، يۇقىرى مەدەنىيەتلىك قاراخانىيلار دۆلىتى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىگە بۆلۈنۈپ كەتمىگەن بولسا ئۆز تارىخىدا بەزىدە غەربىي قىتانلارغا، سالجۇقىلارغا ۋە بەزىدە خارەزمى شاھلىقىغا بېقىندى بولۇپ قالمىغان بولاتتى. بەلكى ناھايىتى كۆپ ئەسىرلەر سەلتەنەت سۈرۈپ، تېخىمۇ قۇدرەتلىك دۇنياۋى ئىمپېرىيە ھالىغا كېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ، ئەۋلادلار بەختىيار ھايات كەچۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ، ئاجايىپ تالانتلىق يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنى، مەھمۇت قەشقەرىيلەرنى مەيدانغا چىقارغان بولاتتى.

مىلادىنىڭ 1036 - يىلىغا كەلگەندە غەربىي ئىلىك خان ناسىربەگنى ئەلى (مىلادىنىڭ 992 - يىلىدىن 1012- يىلىغىچە ئىلىك خان بولغان)نىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەت بىلەن ئىبراھىم بۆرى تېكىنلەر غەربىي ئىلىك خانى يۈسۈپكە بويسۇنماي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى باشلاپ، ئاخىرى مىلادىنىڭ 1040 - يىلى بىر پۈتۈن قاراخانىيلار دۆلىتىنى پارچىلاپ ئىككىگە — غەربىي ۋە شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىگە بۆلۈۋەتتى. ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرى بىلەن تارىخ ئالدىدا ئۇلۇغ، دانىشمەن، باتۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇ-



قەددەس ئەزىز روھلىرى ئالدىدا، كېيىنكى ئەۋلادلار ئالدىدا كەچۈرگۈسىز جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدىمۇ - قانداق!؟

مىلادىنىڭ 1040 - يىلىدىن باشلاپ قاراخانىيلار دۆلىتى كۈچلۈك ھالەتتىن ئاجىزلىققا، گۈللىنىشتىن خازان بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇڭا شەرقىي قاراخانىيلارمۇ، غەربىي قاراخانىيلارمۇ غەربىي قىتانلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالماي، ئېغىر پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، بېقىندى ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئاخىرى بېرىپ يوقالدى.

## 2

ئازغىنا كەم 400 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (850—1212) قاراخانىلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان رايونلاردا مەدەنىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. شۇ دەۋردە ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى (850 — 1212)، سامانىلار پادىشاھلىقى (870—1000)، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى (850 — 1335)، غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى (963 — 1187)، ئۇلۇغ سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسى (1140 — 1157) قاتارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تارىخ سەھنىسىدە دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئاجايىپ مۇھىم روللارنى ئوينىدى. بولۇپمۇ شۇ دەۋردە مەدەنىيەت يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەپ ياشنىدى. دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە باھاسىز شانلىق تۆھپىلەر قوشۇلدى.

دۇنياغا ئايان بولغان شۇ دەۋردە (قاراخانىلار دەۋرىدە) مەشھۇر ئالىم، دانىشمەن پەيلاسوپ ئەبۇنەسىر فارابى (873 — 950)، فىلاسوپىيە ۋە مېدىتسىنا ساھەسىدىكى قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئەبۇئەلى سىنا



(980 — 1037)، ئۇنىڭ زامانىدىكى مەشھۇر پەيلاسوپ ئەبۇرەيھان بىرۇنى (973 — 1048)، شاھنامە داستانىنىڭ ئاپتورى، تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئوبۇلقاسىم فىرداۋسى (934 — 1020)، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانىشمەن ئوغۇللىرىدىن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، تالانتلىق شائىر، مەشھۇر دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1018 — 1085)، ئۇلۇغ تىلشۇناس، تارىخچى مەھمۇت قەشقىرى (1030— 1090)، «قەشقەر تارىخى»نىڭ ئاپتورى ئابدۇجاپپار قەشقىرى (12 - ئەسىردە ئۆتكەن) قاتارلىق ئۇلۇغ پەيلاسوپلار، شائىرلار، تارىخچىلارنىڭ ئىلمىي ئىجادى، دانىشمەنلىكتە يارىتقان تۆھپىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئويغىنىش دەۋرى»نىڭ ياۋروپادىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

ياۋروپادىكى «ئويغىنىش دەۋرى» (ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 14 - ئەسىردىن 16 - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئوداللىزمغا قارشى ئىدىيە بىلەن سۇغۇرۇلغان مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ئىدى. ياۋروپادىكى «ئويغىنىش» ئەڭ ئاۋۋال ئىتالىيىدىن باشلاندى. كېيىن ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە كېڭەيدى. شۇ چاغدا شەھەرلەردىكى تاۋار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا قەدەممۇ قەدەملەپ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋۇجۇدقا كەلدى. مەدەنىيەت جەھەتتە بولسا يېڭىدىن گۈللەنگەن

بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن تەلەپلىرى ئۆز ئەكسىنى تاپتى. يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئالىملىرى جەمئىيەتتە يۇنان، رومانىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. ئۇلار كلاسسىك مەدەنىيەتتىن ئوزۇق ئېلىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئاچتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياۋروپادىكى فېئوداليزمغا قارشى ئىدىيە بىلەن سۇغۇرۇلغان مەدەنىيەت ھەرىكىتى «ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئويغىنىش ھەرىكىتى» دەپ ئاتالدى. ئۇنداق ھەرىكەت ياۋروپالىقلارنىڭ تىلىدا گۇمانىزم دەپ ئاتالدى. «گۇمانىزم» — ئىنسانپەرۋەرلىك دېگەن مەنىنى بېرەتتى. مانا شۇنداق ئىدىيىنى تەرغىب قىلغۇچىلار «گۇمانىست» (بۇ لاتىنچە سۆز بولۇپ «ئادەمگەرچىلىك» دېگەن بولىدۇ) دەپ ئاتالدى. گۇمانىستلار ئادەمنى ھۆرمەتلەش، ئادەمگە غەمخورلۇق قىلىش، ئادەمنى مەركەز قىلىش دەيدىغان گۇمانىزم ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى، ھېسسىياتىنى، ئەقىل-پاراسىتىنى خرىستىيان بۇتخانىلىرىنىڭ ئىلاھىيەتچىلىك ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا گۇمانىستلارنىڭ روھلاندۇرۇشى ئارقىلىق ئىتالىيەدىن فېئوداليزمغا قارشى بىر تۈركۈم باتۇرلار مەيدانغا چىقتى. شائىرلاردىن فلورونسىيىلىك دانتى (1265 — 1321) «ئىلاھى كومېدىيە» ناملىق ئەسەرنى يازدى. بۇ ئەسەر «پىلسىرات» («قىل كۆۋرۈك»)، «دوزاخ»، «جەننەت» قاتارلىق ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئوتتۇرا



ئەسىردىكى خرىستىيانلىقنى پاش قىلغان ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي دانتى كونا خرىستىيان بۇتخانا مەدەنىيىتى بىلەن يېڭى گۇمانىستىك مەدەنىيەت ئارىسىدا ياشىدى. «ئىلاھى كومېدىيە» دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ياۋروپادا «ئويغىنىش» دەۋرىدە ئۆتكەن گۇمانىستلاردىن شائىر پېتراركا (1304—1374)، يازغۇچى بوكاچچىئو (1313 — 1375) لەر ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. گۇمانىست شائىرلار، يازغۇچىلار ئەسەر يازغاندا ماتېرىيالنى چېركاۋ ھېكايىلىرىدىكى ۋەقەلەردىن ئالماي، ئۆز ئەتراپىدىكى ھاياتتىن ئالدى. ئۇلار جانلىق ئادەملەرنى تەسۋىرلىدى. مۇتەپەككۇر شائىر پېتراركا ئاجايىپ تەسىرلىك لىرىك شېئىرلارنى يازدى. يازغۇچى بوكاچچىئو «دېكامېرون» (بۇ يۇنان تىلىدا «ئون كۈن» دېگەن بولىدۇ) ناملىق ھېكايىلار توپلىمىدا خرىستىيان پوپلىرى بىلەن مۇناخلارنىڭ يۈزسىزلىكىنى ۋە ھارامزادىلىكىنى پاش قىلغان.

«ئويغىنىش دەۋرى»دىكى گۇمانىستلاردىن يەنە رەسسام، ھەيكەلتاراش، مۇزىكانت، شائىر، ئىنژېنېر لېئوناردو داۋىنچى (1452 — 1519)، مىكېل ئانجېلو (1475 — 1564)، رافائېل (1483 — 1520)، پەن ئالىملىرىدىن ئۇلۇغ پولەك ئاسترونومى كوپېرنىك (1473 — 1543)، ئىتالىيىلىك دوۋوردانو برونو (1548 — 1600)، گالىلېي (1564 — 1642) قاتارلىقلار ئۆتكەن.

ئۇلار فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كەسكىن كۈرەشلەر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يارىتىپ، يېقىنقى زاماندىكى رېئالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە تەبىئىي

پەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك ئاساس سالغان ئىدى. بۇ ھەقتە ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «بۇ ئەزەلدىن تارتىپ ئىنسانىيەت بېشىدىن كەچۈرمىگەن. بىر قېتىملىق ئەڭ ئۇلۇغ، ئىلغار ئۆزگىرىش ئىدى».

ياۋروپادىكى «ئويغىنىش دەۋرى» 14 - ئەسىردە باشلانغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادا، قاراخانىيلار دەۋرىدە (11 - ئەسىردىلا) مەدەنىيەتتە ئويغىنىش دەۋرى مەيدانغا كەلگەن ئىدى. بۇنىڭغا يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقىرى... قاتارلىق ئالىم، شائىر، تىلشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىلغار ئىدىيىلەر جاۋاب بېرىدۇ.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادىنىڭ 1018 - يىلى بالاساغۇندا تۇغۇلغان. يۈسۈپنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىنى ئوبدان تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلدى. يۈسۈپ ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن باشلاپ تىرىشىپ ئوقۇدى. ئۇ ئۆز ئانا تىلىنى پۇختا ئىگىلىگەندىن تاشقىرى ئەرەب، پارس تىللىرىنى ناھايىتى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىنى، ئەبۇنەسىر فارابىنىڭ، ئەبۇئەلى سىنانىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان فىلاسوفىك ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ مۇتالىئە قىلدى. ئىسلام ئەقىدىلىرىگە دائىر بىلىملەرنى، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن پەندى-



نەسىھەتلەرنى، دۆلەت تۇغرىسىدىكى تەلىماتلارنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنى، پەلسەپە، بۇددىزم، ئەخلاقنامىلەرنى، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، تەبىرنامە (چۈشكە تەبىر بېرىش قوللانمىسى)، ئوقيا ئېتىش، ئوۋچىلىق، قۇشچىلىق (ئوۋ قۇشلىرىنى ئوۋغا سېلىش ھۈنىرى) قاتارلىق بىلىم ۋە ھۈنەر-سەنئەتنى ئۆگەندى. بۇلاردىن تاشقىرى شاھمات ئويناش، تەنتەربىيە قاتارلىق ئويۇنلاردىمۇ چەتتە قالمىدى. يۈسۈپ، بولۇپمۇ فىلاسوپىيە بىلەن ئەخلاققا دائىر بىلىملەرنى ناھايىتى چوڭقۇر ئۆگەندى. ئۇ، ئۇلۇغ پەيلاسوپ فارابى، ئەبۇئەلى سىنانىڭ ئىدىيىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى يۇقىرى كۆتۈردى.

يۈسۈپ غەربنىڭ كلاسسىك بىلىملىرىنىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەرنىمۇ چوڭقۇر ئۆگەندى. شۇڭا ئۆز زامانىسىدىكى دانىشمەن ئالىملار ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە، ھەر تەرەپلىمە بىلىمى ناھايىتى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئىگىلىگەن ئالىم بولۇپ قالدى!

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ 1040 - يىلى قۇدرەتلىك قاراخانىيلار دۆلىتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندە، يۈسۈپ 22 ياشقا كىرگەن ئىدى. يۈسۈپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى مىلادىنىڭ 1068 - يىلى (50 ياشقا كىرگەندە) بالاساغۇندا يېزىشقا باشلىغان. ئۇ شۇ يىلى قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ قەشقەردە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر يىلدىن

كېيىن تاماملىغان. يۈسۈپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى
1069 - يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئوردۇنباسار خاقانى
ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان.
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئارقىلىق يۈسۈپنىڭ دانىشمەن،
تالانتلىق، ئالىي پەزىلەتلىك، ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكى-
گە كۆزى يەتكەن ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخان ئۇ-
نىڭغا «تايانغۇ»، «خاس ھاجىپ»لىق ئۇنۋانىنى بېرىپ،
ساراي ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى-
نى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى توغرۇل قارا-
خانغا (1058 — 1075) تەقدىم قىلماي، ئۇنىڭ ئور-
دۇنباسارى ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخانغا تەقدىم
قىلىشى، ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخاننىڭ ئىلىم ئەھ-
لىنى سۆيىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان، ئادىل، ئەقىللىق،
قابىلىيەتلىك بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

مىلادىنىڭ 1075 - يىلى ئوبۇل ھەسەن شەرقىي
قاراخانىيلارنىڭ خاقانى بولغان چاغدا، يۈسۈپ خاس
ھاجىپ 57 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى. يۈسۈپ خاس
ھاجىپ شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ساراي ۋەزىرلىكىنى ئۆم-
رىنىڭ ئاخىرىغىچە (مىلادىنىڭ 1085 - يىلىغىچە) ئۆت-
كەنمۇ ياكى سالامەتلىكى يامانلىشىپ قالغاندا ۋەزىپىسى-
دىن سورانغانمۇ؟ بۇ تازا ئېنىق ئەمەس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوبۇل ھەسەن (ھارۇن
بۇغراخان II) نىڭ ۋاقتىدا (1075 — 1102) مىلادىنىڭ
1085 - يىلى 67 يېشىدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.



دىنىڭ جەسىتى دەسلەپ تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىغا جاي-
لاشقان بازىگاھ يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇيغۇر يار-
كەنت خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان ئابدۇرشىتخاننىڭ ۋاق-
تىدا (مىلادىنىڭ 1533 - يىلىدىن 1556 - يىلىغىچە
خان بولغان) تۈمەن دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەندە، سۇل-
تان ئابدۇرشىتخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۈسۈپ خاس ھا-
جىپنىڭ جەسىتى ئەسلى قەبرىگاھدىن كۆچۈرۈلۈپ،
ھازىرقى پاياپ يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى مەزمۇنىنىڭ موللىقى،
چوڭقۇرلۇقى، ئۆز زامانىسىغا يارىشا ئىلغار پىكىرلەر
(ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەن ساھەسى بويىچە)نى ئالغا
سۈرگەنلىكى جەھەتتىن بولسۇن، ناھايىتى چوڭ تارىخىي
ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز قەدىمكى چاغدىكى
دۇنيا ئەدەبىياتى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا يۇنانلىقلارنىڭ
مىلادىدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇن ياشىغان شائىر گومىر
تەرىپىدىن يارىتىلغان «ئىلىئادا»، «ئودىسسا»سى، گېر-
مانلارنىڭ «نىبېلۇڭگ ھەققىدە ناخشا»، فىرانسۇزلار-
نىڭ «رولان ھەققىدە ناخشا»، ھىندىلارنىڭ «رامايانا»،
«ماخابھاراتا»، ئىرانلىقلارنىڭ «شاھنامە»سى قاتارلىق
داستانلىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن تەڭ، شۇ قاتاردا يەنە
قىرغىزلارنىڭ داستانى «ماناس»نىمۇ تىلغا ئالىمىز. مانا
شۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان داستانلارنىڭ ھېچ بىرى
تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيىتى جەھەتتىن «قۇتادغۇ بىلىك»
داستانىغا تەڭ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ فىلاسوپىيە نۇقتىسىنەزىرى-

دىن قارىغاندا ئىدىيالىست بولسىمۇ، ئۇنىڭ دۇنياقارىشىدا ماتېرىيالىستىك يۈزلىنىشنىڭ ئالامەتلىرىنى يوق دېيىشكە ئاساسىمىز يوق. مەسىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئاسترونومىيىگە دائىر بايانلىرى ئۇنىڭ تەبىئەت توغرىسىدىكى كۆزقارىشىدا ئۆزى بولارلىق (ستىخىيىلىك) ماتېرىيالىستىك خاراكتېردىكى پىكىرلەرنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ 8 - ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام تەسىرى كۈچەيگەن فېئوداليزم شارائىتىدا تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئىلمىي نۇقتىئىنەزەردىن قاراپ يۇنان جۇغراپىيە ئالىمى كىلادىي پىتولىمىي (مىلادىنىڭ 2 - ئەسىردە ياشىغان) نىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاسترونوملىرى فارابى، بىرۇنىلارنىڭ كۆزقاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان.

مىلادىنىڭ 2 - ئەسىردە يۇنان ئالىمى پىتولىمىينىڭ ئالەم توغرىسىدىكى كۆزقارىشىدا: ئالەم بوشلۇقىدىكى پلانېتلار يەر ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ دېگەن چۈشەنچە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنە شۇنداق چۈشەنچىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق كۆزقارىشى، ئۇ ياشىغان زاماندىكى ئىلاھىيەتچىل كۆزقاراشلاردىن ئىلغار ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەم سىستېمىسىدىكى جىسىملار توغرىسىدىكى كۆزقارىشىنىڭ خېلى ئىلغارلىقىنى ئۇنىڭ ئاي توغرىسىدا بەرگەن بايانى ئىسپاتلايدۇ.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

137. بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق ① تۇرۇر،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولۇر.

731. ئاي ئاۋۋال قولىمۇ كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن - كۈن چوڭىيىپ يۇقىرى چىقۇر.

733. تولۇپ ئاي ئېگىزگە ئۆرلىگەچ كېيىن،
كېمىيىپ ئاستا، ھۆسنى كېتەر يۈزىدىن.

734. يورۇقى ئاز - ئازدىن يەنە يوقىلۇر،
تۇغۇلۇپ كىچىك ئۇ، قايتىدىن تولۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىدىكى بايانىدا: ئاينىڭ شەكلىنىڭ يۇملاقلىقى، ئۆزىدىن يورۇقلۇق چىقارمايدىغان پەقەت قۇياشنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن يورۇپ تۇرىدىغان، ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلانغاندىن تاشقىرى يەر ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان جىسىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن.

ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئالەمنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقىنى، يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يەنە قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئۇلۇغ ئاسترونوم نىكولاي كوپېرنىك (1473 — 1543) ئۆزىنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى» ناملىق ئەسىرىدە، 16 - ئەسىردىلا

① يالچىق — ئاي

ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىتولىمېينىڭ: ئالەم بوشلۇقىدىكى پلانېتلار يەر ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ دەيدىغان كۆزقارىشىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئىلىم - پەننىڭ دېگۈدەك پۈتۈن تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قامۇسنامە (بىلىملەر بۇلىقى) ھېسابلىنىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى «نەسىھەتنامە»، «ماقال - تەمسىلنامە»، «سىياسەتنامە»، «دۆلەتنامە»، «ئۇتوپىيە» دىن ئىبارەت.

بولۇپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن يۇنان پەيلاسوپى پىلاتون (مىلادىدىن 429 يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ، 347 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن) ئوبيېكتىپ ئىدىيالىست بولۇپ، ئافىنادىكى دېموكراتىك ئېقىمنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. پىلاتون پەلسەپىسى كېيىنكى ئەسىردە غەربتىكى بارلىق ئىدىيالىستىك پەلسەپىنىڭ ئاساسىغا ئايلىنىپ قالغان.

پىلاتون «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەردە ئاقسۆڭەك قۇلدارلار دىكتاتۇرىسى تەرغىپ قىلىنغان. پىلاتون «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسىرىدە ئادەملەرنى ئۈچ تەبىقىگە — پەيلاسوپلار، ھەربىيلەر، ئەمگەكچىلەر (قۇللار)گە بۆلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە: پەيلاسوپلار ئالتۇندىن، ھەربىيلەر كۈمۈشتىن، ئەمگەكچى قۇللار تۆمۈردىن يارالغان بولۇپ، پەيلاسوپلار دۆلەتنى



ئىدارە قىلىدۇ، ھەربىيلەر بولسا ئۇلارنى (پەيلاسوپلارنى) قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئەمگەكچىلەر بولسا، ئەمگەك قىلىپ، پەيلاسوپلار بىلەن ھەربىيلەرنى باققۇچى قۇللاردىن ئىبارەت ئىمىش.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا دۆلەت توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقارىشى، پىلاتوننىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى ئەكسىيەتچىل كۆزقارىشىغا تۈپ ئاساسىدىن ئوخشىمايدىغىلا ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئىلغار، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت توغرىسىدا تەشەببۇس قىلغان تەدبىرلىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى بىر نەچچە جەھەتتىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ بىلىملىك، ئەقىللىق، تالانتلىق، ئەخلاقلىق، باتۇرلۇقتا ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە بولۇشى لازىملىقىنى، بۇنىڭ ئەكسىچە بىلىمسىز، دۆت، قابىلىيەتسىز، ئەخلاقسىز، بۇزۇق، زالىم، قورقۇنچاقلار دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان بولسا، دۆلەتنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى، ئادالەت روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىملىقى، ئاشۇنداق قانۇن ئالدىدا دۆلەتتىكى كىشىلەرنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر (پادىشاھتىن تارتىپ قۇلغىچە) باراۋەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. مانا شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى، ئۆز زامانىسىدىكى ئەن-

ئەمما ئەدىبلەردىن يۈكسەك دەرىجىدە ئىلغار بولۇپلا قالماستىن، يېقىنقى زاماندىكى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى دەۋرىدە ئۆتكەن گۇمانىستلارنىڭ كۆزقارىشىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. مەسىلەن:

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

1951. ئەقىللىق كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك،
سېخىلىق كېرەك ھەم سىلىقلىق كېرەك.

1952. بىلىم بىلەن بەگلەر ئەلنى باشلىدى،
ئەقىل بىلەن خەلقنىڭ ئىشىنى ئىشلىدى.

1956. بەگ بولسۇن بىلىملىك، ئاقىل ۋە ئويغاق،
ئۇشتۇمتۇت چىقمىغاي دېسە بىر چاتاق.

1957. كېرەكتۇر ياخشى خۇلق، مىڭ تۈمەن خىسلەت،
نامىڭغا تەگمىسۇن دېسە داغ - بوياق.

1961. بەگ بولغاي خەلق ئۈچۈن چەسۇر قەھرىمان،
شۇ بىلەن قىلىنۇر چوڭ ئىشلار ھامان.

1983. خۇدا قىلسا بىراۋنىڭ خۇيىنى يامان،
ئۇنى رەنجىتكەي ئوقى بىلەن زامان.

1984. ئەگەر بولسا بىرەر بەگنىڭ خۇلقى ناچار،
سۆيۈنچى بولۇر غەم، ئىش تەتۈر ماڭار.



2033. بولاي دېسەڭ ئەلگە ئۇزاق ھۆكۈمران،
قانۇن تۈز، يۈرگۈز، خەلقىڭنى ئاسرىغىن ھامان.

2034. ئەل يۈكسەلەر قانۇن بىلەن، تۈزۈلۈر جاھان،
زۇلۇم بىلەن ئەل خاراب، بۇزۇلۇر جاھان.

2036. تۈزەپ بەگ كۆڭۈلنى، يۈرگۈزسە قانۇن،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماس، ياشار بەك ئۇزۇن.

1038. سۆزى راست بولسا بەگنىڭ، خۇلقى گۈزەل،
ئىشەنگەي، ياخشى كۈن كۆرۈپ، ئاڭا ئەل،

3463. ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئىرۇر،
ئۇ قانۇن بۇزۇلسا ئاسمان يىقىلۇر.

818. ماڭا تەڭ ھەممىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن، ھۆكۈم ۋاقتىدا.

809. قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ئىشنى ھەل،
دېمەيمەن كىشىنى بەگ، قۇل، كەمبەغەل.

يۇقىرىدا «قۇتادغۇ بىلىك»تىن كەلتۈرۈلگەن بىر قاتار پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، غەربنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زاماندىكى گۇمانىستلىرى بىلەن قانۇنشۇناسلىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا سېلىشتۇرۇش ئورۇنسىز.

چۈنكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىردىلا ئادالەت پىرىنسىپلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن مەسىلىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ھەربىي تەدبىرلەر توغرىسىدا

### قوشۇننىڭ تەركىبى

قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن دۆلەتلەر بىلەن ھازىرقى زاماندىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىچكى توپىلاڭلارنى باستۇرۇش، تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى تەشكىل قىلىش، كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ۋە بۆلمەكتە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا قاراخانىلارنىڭ قوشۇنلىرى: ساراي (ئوردا) مۇھاپىزەتچىلىرى، ئالاھىدە قوشۇن، خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان بەگلەر باشقۇرىدىغان قوشۇنلار، دۆلەتكە قارايدىغان قەبىلىلەرنىڭ خانلىرى باشقۇرىدىغان قوشۇنلاردىن تەركىب تاپقان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىنى



ئىككىگە بۆلۈپ چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە سارايىنى كۈندۈزى مۇھاپىزەت قىلىدىغان قاراۋۇللار «تۇرغاق» (قوۋۇقچى)، كېچىسى مۇھاپىزەت قىلىدىغان قاراۋۇللار «ياتقاق» (كۆزەتچى) دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ھەقتە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دېيىلگەن:①

608. قوۋۇقچى، كۆزەتچى بىلەن كۈن ۋە تۈن،
بولۇپ قىلدى خىزمەت ئۇ سادىق پۈتۈن.

بۇندىن تاشقىرى ئۇرۇش ۋاقتىدا قاراخانىلار خاقانى (بۇغراسى ياكى ئارسلانى)نىڭ قارارگاھىنىڭ ئەتراپىنى قوغدايدىغان، قوماندانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قوشۇنلارنىڭ چېچىلىپ - تارقىلىپ كەتمەسلىكى، بۇيرۇقسىز چېكىنىپ كەتمەسلىكىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان «يورتۇغ» (قوغداش قىسمى) دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە قوشۇن تەشكىل قىلىناتتى. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

2586. قوماندان قوغداش تورى قۇرغۇلۇق،
يېغىپ ئالدى-كەينىن (قوشۇننىڭ) رەتكە سالغۇلۇق.

2587. كىچىكلەر ئۇلۇغلار ئارا كىرمىسۇن،
يىراقتا يۈرگۈچى يېقىن كەلمىسۇن.

---

① مىسالغا ئېلىنغان بېيتلار «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قىلىنغان يەشمە نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

2588. نېچچۈك بولسا سارايدا قوپۇش - ئولتۇرۇش،
كىرەكتۇر بۇ يەردە ھەم شۇنداق بولۇش.

ئالاھىدە قوشۇننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قاراخانىلارنىڭ خاقانلىرىنى قوغداش ئىدى. بۇنداق قوشۇننىڭ سانى 12 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپىدىغانلىقى مەلۇم. غەربىي قاراخانىلار (1040 — 1212)نىڭ خاقانى مۇھەممەت ئارسلانخان (مىلادىنىڭ 1102 - يىلىدىن 1130 - يىلىغىچە خاقان بولغان)نىڭ ئالاھىدە قوشۇنى 12 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ئىكەن.

قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغانلار بىلەن بەگلەر باشقۇرىدىغان قوشۇنلار، قەبىلەخانلىرى باشقۇرىدىغان قوشۇنلار ئەھۋالغا قاراپ، خاقاننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشاتتى. گاھىدا خاقاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆز ئالدىغا ئۇرۇشقا باراتتى.

خان جەمەتىگە مەنسۇپ شاھزادىلار كۆپىنچە ئىلىك خانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، دۆلەتنىڭ مەلۇم رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئىلىك خانلار بەزىدە ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونغا چەتتىن ھۇجۇم بولۇپ قالغاندا، ياكى ئىسيان پەيدا بولغاندا، ئۆزى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان قوشۇن بىلەن دۈشمەنگە تاقابىل تۇراتتى. مىلادىنىڭ 998 - يىلى قاراخانىلار سامانىلار قولىدىن ماۋرەئۈننەھرنى تولۇق تارتىپ ئالغاندىن باشلاپ ماۋرەئۈننەھرگە ناسىر بىننى ئەلى (مىلادىنىڭ 998 - يىلىدىن



1012 - يىلىغىچە)، مەنسۇر بىننى ئەلى (1012 — 1018). مۇھەممەت بىننى ئەلى (1018 — 1021). يۈسۈپ (1035 — 1040) قاتارلىق قاراخانى شاھزادىلىرى ئىلىك خان نامىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقان. بۇ ئىلىك خانلار غەربىي ئىلىك خانلار دەپ ئاتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوردىسى ئۆزكەنتتە ئىدى. شىمالىي ئىلىك خانلارنىڭ ئوردىسى بالاساغۇندا ئىدى. مانا شۇ ئىلىك خانلار زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزى باشقۇرۇپ تۇرغان قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى.

## قوشۇننىڭ سان - سۈپىتى ۋە قوراللىرى

### 1) قوشۇننىڭ سان - سۈپىتى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئۇرۇش تارىخىنىڭ ناھايىتى مول، باي تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىشتىكى مۇھىم ئامىللار ئىچىدە قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى، قوشۇننىڭ سانى ئەمەس سۈپىتى، قوراللارنىڭ خىللىقى، قوماندانىنىڭ تالانتى قاتارلىق ئامىللارنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويغان.

ئۇ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

2333. قوشۇن سانى كۆپ بولسا باشسىز بولۇر،
قوشۇن بولسا باشسىز يۈرەكسىز بولۇر.

2336. كۆپ ئەسكەر يىيىلسا ئىچى بۇلغۇشۇر،
تۈزەپ بولماس ئۇنى، يارامسىز بولۇر.

ئېھتىمال ئۇ يەنە كۆپ سانلىق قوشۇننى تەمىنلەشتە خەلق ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىنىمۇ كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. ئەگەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق جەمئىيەتتە ھۆكۈم سۈرگەن خانلىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر قوشۇنىنىڭ سۈپىتىگە ئېتىبار بەرمەي، يالغۇزلا سانىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، نۇرغۇن سانلىق قوشۇن ساقلايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا قوشۇننى تەمىنلەشتە خەلق ئۈستىدىكى يۈك تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوشۇننىڭ سۈپىتى توغرىسىدا توختالغاندا، قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى، باتۇرلۇقىنى، جاسارىتىنى نەزەردە تۇتىدۇ. قانداق بولمىسۇن ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىز ۋەتىنى، خەلقى ئۈچۈن ئۇرۇشىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن جەڭچى ناھايىتى خۇشال - خۇرام، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئۇرۇشقا بارىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مانا شۇنداق باتۇر جەڭچىنىڭ سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئۇرۇشقا كىرىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ئوخشىتىش بىلەن تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

2380. كېلىن قىز سۆيۈنچى نىكا توي كۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيۈنچى جەڭ قىلغان كۈنى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى قوشۇننىڭ كۆپلىكى ئەمەس، بەلكى سانى ئاز بولسىمۇ خىل (جەڭگىۋار، باتۇر، قورال ساز) قوشۇننىڭ ھەل



قىلىدىغانلىقىنى كەسكىن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ:

2340. كۆپىدىن ئېزى خوپ، بولسا مۇنتىزىم،
يىغىلغان سانى كۆپ چېرىك كۆپ قىيتىم.

دۇنيادا ئۆتكەن مەشھۇر ستراتېگىك تاكتىكلار قوشۇننىڭ كۈچىنى سانى بىلەن ئەمەس، ئۇنىڭ مەنىۋى كۈچى (جەڭگىۋار روھى) ۋە مۇنتىزىملىقى بىلەن مۆلچەرلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان.

دۇنيانىڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۇرۇش تارىخى، روھى ئۈستۈن، مۇنتىزىم، باتۇر، ئاز سانلىق خىل قوشۇننىڭ، روھى تۆۋەن، ئىنتىزامى بوش، كۆپ سانلىق قوشۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى توغرىسىدا كۆپ پاكىتلارغا ئىگە.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز خىللانغان ئاز سانلىق قوشۇن بىلەن دۈشمەننىڭ كۆپ سانلىق قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىشتەك شانلىق نەمۇنىلەر ياراتقان.

مىلادىنىڭ 757 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ خىيىپىدە تۇرۇشلۇق چىگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرى ئۆكلۈك بىلەن سويگۇن (ھەر ئىككىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى تۈرك) ئىسيان كۆتۈرگەن. ئۇلار بىر نەچچە يۈزمىڭ قوشۇننى باشلاپ خىيىپىدىن غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، لوياڭ، شىئەننى بېسىپ ئېلىپ تاڭ سۇلالىسىنى (618 — 907) ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا تاس - تاماس قالغان. شۇنداق پەيتتە تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى سۈزۈڭ

ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 646 - يىلىدىن 846 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ خاقانى بايانچۇر (مىلادىنىڭ 747 - يىلىدىن 758 - يىلىغىچە خاقان بولغان) نىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىسياننى باستۇرۇشقا ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان. تاڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى بايانچۇر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېغىر شەرتلەرگە ماقۇل بولغاندىن كېيىنلا، ئۇيغۇرلار ئۈچ قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ ئىسياننى باستۇرغان. شۇ چاغدا ئورخۇندىن ھەر قېتىم كەلگەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرى 5000 بولۇپ، ناھايىتى كۆپ سانلىق تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ ئىسياننى باستۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. مانا شۇ 5000 كىشىلىك ئاتلىق ئۇيغۇر قوشۇنى ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ دائىمىي مۇنتىزىم قوشۇنلىرىنىڭ ئىككى يېرىم پىرسەنتىگە ئاران تەڭ كېلەتتى. چۈنكى ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى 221 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان 17 ئاتلىق دىۋىزىيە ( ھەر بىر دىۋىزىيىدە 13 مىڭ جەڭچى بار ئىدى)دىن ئىبارەت ئىدى.

قەدىمكى چاغلاردا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق دۈشمەن ئۈستىگە تەپ تارتماستىن بېسىپ بېرىپ، غەلىبە قىلىدىغان ئاجايىپ جەڭگىۋار ئەنئەنىگە ئىگە ئىدى.

ئۇلۇغ سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسىگە چاغرى بەگنىڭ ئوغلى ئالپ ئارسلان (سالجۇق بەگنىڭ ئەۋرىسى)



ئىمپېراتور بولۇپ تۇرغان چاغلاردا (1063 — 1072) سالجۇقىلار بىلەن شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى (394 — 1453) ئارىسىدا دۇنيا تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن ئالغان «مالازگىرد ئۇرۇشى» يۈز بەرگەن.

مىلادىنىڭ 1071 - يىلى ئۆزىنى تەڭدىشى يوق ھەربىي سەركەردە دەپ ئاتىغان روما ئىمپېراتورى رومان دىككىنىس سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 1037 - يىلىدىن 1157 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نى يوقىتىپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى بېسىپ ئېلىشقا بەل باغلىغان. ناھايىتى كۆرەڭ، مەغرۇر رومان دىككىنىس مانا شۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1071 - يىلى 13 - مارتتا 200 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان شەرقىي روما (تارىختا ۋىزانتىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قوشۇنلىرىنى باشلاپ كونستانتىنوپولدىن (ھازىرقى ئىستانبولدىن) شەرققە قاراپ يولغا چىقىپ، 26 - ئاۋغۇستتا ھازىرقى ئەرمەنىستاندىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىدىكى مالازگىرد قورغىنىنىڭ يېنىدىكى دالىغا يېتىپ كەلگەن. روما قوشۇنلىرىنىڭ يۈكلىرى 3000 ھارۋا، بىرنەچچە تۆمەن تۆگە، ئاتلارغا يۈكلەنگەن. روما قوشۇنلىرىدا 1200 كىشى باشقۇرىدىغان ئاجايىپ قورال — شەھەر سېپىللىرىگە چىقىشتا ئىشلىتىلىدىغان مەنجانىقمۇ بار ئىدى.

سالجۇق ئىمپېراتورى ئالپ ئارسلان رومان دىككىنىسنىڭ شۇنداق چوڭ قوشۇننى باشلاپ ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، 50 مىڭ ئات-

لىق، پىيادە قوشۇننى ئېلىپ مالازگىرد دالىسىغا يېتىپ كېلىپ، روما قوشۇنلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ سەپ تارتقان.

ئۇرۇش بولىدىغان كۈنى (بۇ جۈمە كۈنى ئىكەن) نەچچە يۈزلىگەن خرىستىيان پوپلىرى كرېستىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئاۋازلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھۆركىرىشىپ، روما قوشۇنلىرىنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب بولۇشىنى ئەيسادىن تىلەپ، ئىنجىلدىن مۇقەددەس ئايەتلەرنى ئوقۇشقان.

ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا ئالپ ئارسلان ئات ئۈستىدە ناھايىتى خاتىرجەم، سۈرلۈك قىياپەتتە تۇرۇپ، بولغۇسى ئۇرۇشنىڭ تاكتىكىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، سالجۇق قوشۇنلىرىنى روما قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدۇرغان. ئىككى تەرەپتىن بىر-بىرىگە قارشى كېلىۋاتقان ئىككى چوڭ قوشۇن خۇددى دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنىدەك كۆتۈرۈلۈپ كېلىپ بىر-بىرلىرىگە ئۆزلىرىنى ئۇرغان. كەچ كىرىشكە ئاز قالغاندا، ئالپ ئارسلان باشچىلىقىدىكى سالجۇق قوشۇنلىرى رومالىقلار ئۈستىدىن تولۇق غەلىبە قازانغان. ئالپ ئارسلان يارىدار بولغان، رومان دىئوگىنىسنى تىرىك تۇتۇۋالغان. ئامان قالغان روما قوشۇنلىرى قورال تاشلاپ سالجۇقلارغا تەسلىم بولغان.

تارىختا مالازگىرد قورغىنىنىڭ نامى بىلەن «مالازگىرد ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان شۇ ئۇرۇشتا ئالپ ئارسلاننىڭ شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى ئۈستىدىن قازانغان



ئالەمشۇمۇل شانلىق غەلىبىسىنىڭ خەۋەرلىرى شەرق ۋە غەرب دۇنياسىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان، بولۇپمۇ خرىستىيان دۇنياسى ۋەھىمە ئىچىدە قېلىپ، خۇددى كەچ كۈزدە سارغىيىپ تۆكۈلگەن دەرەخ يوپۇرماقلىرىدەك تىترىگەن.

مانا شۇ «مالازگىرد ئۇرۇشى» ئاز سانلىق جەڭگىۋار قوشۇننىڭ كۆپ سانلىق قوشۇن ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىنىڭ جانلىق مىسالى.

2) قوشۇننىڭ قورالى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، قوشۇننى ناھايىتى خىل قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئۇنى تۆۋەندىكى بېيىتتە بايان قىلىدۇ:

2332. كېرەكمەس كۆپ چېرىك، چېرىك خىل كېرەك،
چېرىككە خىللانغان خىل قورال كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەلۇماتىغا كۆرە، قاراخانىلارنىڭ قوشۇنلىرى ئىشلەتكەن قوراللار: ئوقيا، پالتا، نەيزە، خەنجەر، قىلىچ، ئومۇت، ساۋۇت، قالقان، دوبۇلغا (باش كىيىم)دىن ئىبارەت بولغان. بۇ قوراللارنىڭ ئىچىدىن ئوقيا، قىلىچ، پالتا، نەيزە، خەنجەر، ئومۇت (چوماق) ھۇجۇم قىلىش قوراللىرى بولۇپ، ساۋۇت (زەنجىر چاپان)، قالقان، دوبۇلغا قاتارلىق قوراللار مۇداپىئە قىلىش قوراللىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە، قوشۇننىڭ قوراللىرىنى ناھايىتى سۈپەتلىك قىلىپ ياسايتتى. قىلىچ، پالتا، خەنجەر قاتارلىق قوراللار سۈپىتى يۇقىرى پولاتتىن ياسىلاتتى.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئومۇت قاراخانىلار قوشۇنلىرىنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق قورالى ئىكەن.

ئومۇت (چوماق) ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى قاراخانىلار بۇغرالىرىنىڭ شان - شەۋكىتىنى، سەلتەنىتىنى دوست - دۈشمەن ئالدىدا نامايەن قىلىش ئۈچۈن ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسىلاتتى. يەنە بىر خىلى بولسا ئۇرۇشتا قوللىنىدىغان ئەمچەكلىك چۈيۈن ئومۇت (چوماق) دىن ئىبارەت بولغان.

قاراخانىلار ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتتا، غەربىي قاراخانىلارنىڭ بۇغراسى خىزىر تاۋغاچ بۇغراخان (1080 - 1081) قوشۇنلىرى ئالدىدا ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن قۇيۇلغان 700 ئومۇتلۇق (چوماقلىق) ئاتلىق قىسىمنى ماڭدۇرغان ئىكەن.①

غەربىي قاراخانىلارنىڭ بۇغراسى ناسىر (II) تاۋغاچ بۇغراخان (شەمسۇل مۇلك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۇلۇغ سالچۇقلارنىڭ ئىمپېراتورى مەلىك شاھ (مىلادىنىڭ 1072 - يىلىدىن 1029 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) غا ئەلچى ئارقىلىق يازغان مەكتۇبى بىلەن قوشۇپ 50 پاتمان ئېغىرلىقتىكى بىر ئومۇت، ئون پاتمان ئېغىرلىقتىكى بىر قىلىچنى ئەۋەتىپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ قىلىچ بىلەن ئۇرۇشمايمىز، ئوينايمىز، بۇ ئومۇت تەگكەن ھەرقانداق ساۋۇت پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ. بىز مانا شۇ ئومۇت بىلەن سوقۇشـ

① رىشات گىنچ «قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» تۈركچە، 333- بەت.



ىمىز»① مەلىك شاھ (سالجۇق بەگنىڭ چەۋرىسى) ناسىر تاۋغاچ بۇغراخاننىڭ تەھدىت سېلىپ يازغان مەكتۇبىدىن يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، دەرھال ئاتقا مىنىپ، ئومۇتنى باش ئۈستىدە يەتتە قېتىم ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى 100 قەدەم يىراقلىققا تاشلىۋەتكەن، قىلىچنى بىر ئۇرۇپلا تۆگىنىڭ بويىنىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكەن. ئۇ يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ناسىر تاۋغاچ بۇغراخان (مىلادىنىڭ 1068 - يىلىدىن 1080 - يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان) نىڭ ئەلچىلىرى ئالدىغا ئوقيانى تاشلاپ، «بىزگە ئۇرۇشتا قامچا بىلەن يا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەن.

يۇقىرىدىكى پاكىتلارغا قارىغاندا، ئومۇت قاراخانىلارنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش قورالى ئىكەنلىكى مەلۇم.

3) ئۇرۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇرۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا سۆزلىگەندە، بىر قاتار تەشكىلىي ئىشلار ۋە ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيە، تاكتىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك جىددىي تەدبىرلەر توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان. بۇنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

(1) ھەربىي كېڭەش چاقىرىش ۞

قاراخانىلار ھەرقانداق بىر ئۇرۇشنى قىلىشتىن بۇرۇن ھەربىي كېڭەش چاقىراتتى. بىرەر دۆلەت بىلەن

① رىشات گىنچ «قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» تۈركچە 333 - بەت.

بولىدىغان ئۇرۇش، ئۇرۇشقۇچى دۆلەتلەرنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ناھايىتى خەتەرلىك چوڭ ۋەقە ئىدى. بۇ ھەقتە يۈسۈپخاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ:

2272. ناھايەت چوڭ ئىشتۇر قوشۇن باشلىماق،
تۈزەپ لەشكىرىنى، ياۋنى قىرىپ تاشلىماق.

شۇڭا قاراخانىلار ھەربىي كېڭەش چاقىرىپ، ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلەتتى.

ئەگەر ھەربىي كېڭەشتە ئۇرۇش قىلىش قوبۇل قىلىنسا، ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان قوشۇنلارنىڭ سانى، ئۇرۇشنى باشلاشنىڭ ۋاقتى، كىمنىڭ باش قوماندان بولۇشى قاتارلىق مۇھىم ئىشلار بىر تەرەپ قىلىناتتى.

ھەربىي كېڭەشكە قاراخانىلارنىڭ بۇغراسى، شاھزادىلار، مەشھۇر بەگلەر، چوڭ قەبىلە (قارلۇق چىگىل، ئوغراق، توقسى قاتارلىق قەبىلىلەر)نىڭ خانلىرى قاتنىشاتتى.

كۆپ چاغلاردا ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى قاراخانىلارنىڭ بۇغراسى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى.

(2) ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن تەشكىل قىلىش

ئۇرۇشتا قاراخانىلارنىڭ بۇغراسىنى قوغداش ۋە قوشۇنلارنىڭ تەرتىپ-ئىنتىزامىنى ساقلاش ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن تەشكىل قىلىناتتى. بۇنداق قوشۇن «يورتۇغ» (قورۇغداش) دەپ ئاتىلاتتى.

قاراخانىلارنىڭ بۇغرالىرى قوشۇن باشلاپ ئۇرۇشقا



ماڭغاندا، قوشۇننىڭ ئالدىدا ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن بۇغراخاننى ئارىغا ئېلىپ ماڭاتتى.

ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن قاراخانىلارنىڭ دۆلەت بايرىقىنى — ئوتتۇرىسىغا بىر تەرىپىدە ئالتە، بىر تەرىپىدە ئۈچ شېخى بار ئالتۇن رەڭلىك ئارچا چۈشۈرۈلگەن توق قىزىل شايى بايراقنى، بۇندىن باشقا بايراقلار، تۇغلار، ئالتۇن-كۈمۈشتىن قۇيۇلغان ئومۇتلار (چوماقلار)نى كۆتۈرۈشۈپ تولۇق قوراللانغان پېتى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ھالدا ماڭاتتى.

يۈسۈپخاس ھاجىپ ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ ئۈستىگە ئالغان ئېغىر، مۇھىم مەسئۇلىيەتنى تۆۋەندىكى بېيىتلەردە ئېنىق چۈشەندۈرگەن.

2344. قوشۇننى ساقلىسۇن، قىلسۇن مۇنتىزىم،
كېيىن ۋە ئىلگىرى يۈرمىسۇن ھېچكىم.

2374 ئىشەنچلىك كىشىنى قوي ئالدىن كېيىن،
بېكىت ئوڭ-سولۇڭغا يەنە باشقىدىن.

2586. قوماندان قورۇغداش توپى قۇرغۇلۇق،
يىغىپ ئالدى-كەينىدىن رەتكە سالغۇلۇق.

2587. كىچىكلەر ئۇلۇغلار ئارا كىرمىسۇن،
يىراقتا يۈرۈپچى يېقىن كەلمىسۇن.

2588. نېچۈك بولسا سارايدا قوپۇش-ئولتۇرۇش،
كېرەكتۇر بۇ يەردە ھەم شۇنداق بولۇش.

(3) دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ۋە ئۆزىنىڭ سىرىنى چىڭ ساقلاش

ھەرقانداق ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى پۇختا، راست ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، ئۆزىنىڭ سىرىنى چىڭ ساقلاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

قاراخانىيلار ئۇرۇشقا مېڭىشتىن بۇرۇن تورلۇك يوللار (دۈشمەن ئىچىگە ئەۋەتكەن جاسۇسلار، دۈشمەن ئىچىدىن سېتىۋېلىنغانلار) ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغاندىن تاشقىرى، ئۇرۇشقا كىرىشىدىغان ئالدىنقى كۈنلەردە دۈشمەن ئەھۋالىنى ئېنىق ئىگىلەش ئۈچۈن «تۇتقاق»① ۋە «يەزەك»② دەپ ئاتىلىدىغان ئاتلىق چارلىغۇچى، خەۋەرچى قىسىملار تەشكىل قىلىناتتى.

بۇنداق قىسىم ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن دۈشمەننىڭ ئالدىنقى چارلىغۇچى قىسىملىرىنى ئىزلەپ تېپىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قاچسا شىددەت بىلەن قوغلاپ «تىل»③ تۇتۇپ كېلەتتى. «تىل» ئارقىلىق دۈشمەن ئەھۋالى ئىگىلىنەتتى. «تىل» تۇتۇپ كېلىدىغانلار «تۇتقاق» دەپ ئاتالسا، دۈشـ

① تۇتقاق — دۈشمەندىن ئەسىر تۇتۇپ كېلىدىغان قىسىملار.
② يەزەك — دۈشمەن ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەر.
③ تىل — ئەسىر — خەۋەر مەنىسىدە.



مەن ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرىدىغانلار «يەزەك» دەپ ئاتىلاتتى.

بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆۋەندىكى بېيىتلەردە مەلۇمات بېرىدۇ:

2342. كېرەك چارلىغۇچى قىسىم خىللىماق،
قولاق، كۆزنى ساقلاپ يىراق قارىماق.

2343. چارلاۋچى ئۇچراشسا تۇتغاققا يېتىپ،
ھۇجۇمنى قىلسۇن ئۇ ئارقىدىن بېرىپ.

2351. ئەڭ ئاۋۋال تىرىشىپ تىل ئالماق كېرەك،
بۇ تىلدىن ياۋ ھالىنى بىلمەك كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ سىر ساقلاش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

2350. قوشۇننى كۆزەتسۇن، ئۇ تىل بەرمىسۇن،
قوشۇن ئازمۇ - كۆپ ياۋ ئۇنى بىلمىسۇن.

(4) ئۇرۇشىدىغان جاينى تاللاش

ئەزەلدىن تارتىپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغۇچىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر ۋەزىپىسى ئۇرۇشىدىغان جاينى تاللاش ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇرۇشىدىغان جاي مۇداپىئەلىنىشكە، چېكىنىشكە ئەپلىك، ئوت - چۆپ، سۇيى مول بولۇش شەرت.

ئۇرۇشىدىغان جاي ئالاھىدە كېيىن ئۇنىڭ مۇۋاپىق بىر يېرىگە قارارگاھ (قوماندانلىق شتابى) جايلاشتۇرۇلۇشى، قوماندانلىق شتابىغا يېقىنراق بولغان ئېگىز بىر جايغا مۇنار ياسىلىشى لازىم ئىدى. ئەگەر كېچىسى دۈشمەن تەرىپىدىن بىرەر خەۋپ سېزىلىپ قالسا دەرھال مۇنار ئۈستىگە مەشئەل يېقىلىپ پۈتۈن قوشۇن ئاياغ ئۆرە تۇرغۇزۇلاتتى.

بۇندىن باشقا كېچىسى پارول قوللىنىلاتتى. ئەگەر كېچىسى قوشۇن چۈشۈرۈلگەن ۋە قارارگاھ ئورۇنلاشقان جايلارنىڭ ئەتراپىدا ئىككى كىشى ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلاردىن بىرى پارولنى بىلمىسە، شۇ ئۆلتۈرۈلەتتى.

(5) كېچىدە قىلىنىدىغان ھۇجۇم

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە، دۈشمەنگە كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. كېچىسى قىلىنىدىغان ھۇجۇم ئىشەنچلىك، باتۇرلۇق بىلەن قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولاتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، دۈشمەنگە كېچىسى ھۇجۇم قىلىشنى دۈشمەننى يوقىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى تەدبىرى سۈپىتىدە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

2361. تىرىش، غەپلەتتە قوي، كېچە قىل ھۇجۇم،
كېچىدە كۆپ - ئازلىق بىلىنمەس چوقۇم.

دۈشمەنگە كېچىسى ھۇجۇم قىلىشنىڭ ھەققەتەن



ناھايىتى ئوبدان ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىغا بىر - ئىككى مىسال كەلتۈرىمىز.

بىرىنچى مىسال: مىلادىيىدىن 91 يىل بۇرۇن ھون تەڭرىقۇتى غولىقۇ تەڭرىقۇت (مىلادىيىدىن 96 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىيىدىن 85 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى توغلار دەرياسىنىڭ (ئورخۇن دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى) جەنۇبىي قىرغىقىدا بولغان بىر ئۇرۇشتا قارشى تەرەپنىڭ 70 مىڭ ئاتلىق قوشۇنىغا كېچىسى 50 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تولۇق تارمار قىلغان، قارشى تەرەپنىڭ باش قوماندانىنى تىرىك تۇتۇۋالغان. بۇ ئۇرۇش قەدىمكى چاغنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا ناھايىتى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىككىنچى مىسال: مىلادىنىڭ 765 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىدىن بىرى — بوكۇقەيىن (ئۇيغۇر — ئا) ئىسيان كۆتۈرۈپ، تىبەت خانلىقىنى تاڭ سۇلالىسىغا قارشى كۈشكۈرتۈپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ، بىرنەچچە 100 مىڭ قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ شىئەنگە ھۇجۇم قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان.

باشتا بۇ ئىسياننى قوللىغان ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ خاقانى بوگۇ تېكىننىڭ قېرىندىشى قۇچ قولۇق تۇتۇق ياغلاقار تېكىن ئىسيانچىلاردىن ئايرىلىپ تاڭ سۇلالىسىغا ياردەم بېرىدۇ. شۇ چاغدا قۇچ قولۇق تۇتۇق ياغلاقار تېكىن 10 مىڭغا يەتمەيدىغان ئۇيغۇر قوشۇنلىرى

بىلەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ تىبەت قو-
شۇنلىرىغا قارشى ماڭىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بەر-
گەنلىكىنى بىلگەن تىبەت قوشۇنلىرى ھازىرقى نىڭشياغا
چېكىنىپ كېتىدۇ. 100 مىڭ ئاتلىق تىبەت قوشۇنلىرىنىڭ
كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن قوچ قۇلۇق تۇتۇق ياغلاقار تېكىن
قار، بوران ئارىلاش چىقىۋاتقان شىۋىرغانلىق سوغۇق
كېچىدە چېدىرلىرىدا ئۇخلاپ ياتقان تىبەت قوشۇنلىرىغا
ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار تاڭ ئاتقىچە تى-
بەت قوشۇنلىرىدىن 50 مىڭنى ئۆلتۈرۈپ، قالغان قى-
سمىنى تولۇق ئەسىر ئالىدۇ. بۇندىن باشقا بىر مىليوندىن
ئارتۇق چارۋا - مال (ئات، تۆگە، كالا، قوي قاتارلىق)
نىمۇ قولغا چۈشۈرىدۇ.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئۇرۇشتىكى غەلىبىسى بەدىلىگە 100 مىڭ توپ تاۋار - دۇردۇن ھەدىيە قىلغان.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ئىككى مىسال، ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇلغان كېچىدىكى ھۇجۇمنىڭ ياخشى ئۈلگىسى.

(6) كۈندۈزى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشلار

كۈندۈزى ئۇرۇش قىلىش قارارىغا كەلگەن قوماندان ئەڭ ئاۋۋال قوشۇندىكى جەڭچىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش، ھۇجۇمغا ماڭىدىغان قىسىملارنىڭ ئالدىغا ياشانغان، تەجرىبىلىك جەڭچىلەرنى قويۇش، بىر قىسىم قوشۇننى مۆكتۈرۈپ قويۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئورۇنلاداپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇشتا ئۆزى باش بولۇپ ئۈلگە كۆرسىتىپ، جەڭچىلەرنى ناھايىتى يۇقىرى جاسا-



-رەت بىلەن جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دەيدۇ:

2365. ئىشىگىنى ئۇزارتماي قوشۇن تۈز، سوقۇش،
ئاتاپ ماختا ئەرنى، تارات مال، كۈمۈش.

2371. يېشى چوڭ، جەسۇرلار كۆرەشچىنىنى،
سەپ ئالدى قىل، باشلاپ ماڭسۇن جەڭچىنى.

2372. ساقال - چاچ ئاقارغان كۆرەشچى بولۇر،
كۆرەشچى بولۇر ھەم كۆپ ئىشنى بىلۇر.

2337. كىچىك، ياش يىگىتلەر بولۇر بەكمۇ تېز،
ئەگەر ئۆرىسە يۈز، ئۆچەر ئوتى تېز.

2370. چېرىكتىن بىر قىسمىنى قوي مۆكتۈرۈپ،
ياياق ئوقچىنى سال سەن ئالدىن يۈرۈپ.

2376. ئەڭ ئاۋۋال يىراقتىن ئوقىن ئاتقۇلۇق،
يېقىنلاشسا نەيزە بىلەن تىققۇلۇق.

2377. كىرىشكەندە پالتا، قىلىچ بىلەن چاپ،
ياقادىن تۇت، چىشلە، تىرناقتا تاتلاپ.

2378. چىدا، ياۋغا ئارقاڭنى بەرمە تۇتۇپ،
يوقات ياۋ ياكى يات ئۇرۇشتا ئۆلۈپ.

(7) ئىشەنچسىز سوقۇشتىن ساقلىنىش.

ھەرقانداق ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىسى، تاكتىكىسىدىكى مۇھىم بىر ئىش، ئەقىللىق، يىراقنى كۆرەلەيدىغان قوماندان ئەھۋالنى ئېنىق ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچىسى بولمىسا ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىش، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى مۇنقەرز بولۇشى ئۇرۇشتا غالىب بولۇش، ياكى مەغلۇپ بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولىدىغان بولسا، ئۇنداق ئۇرۇشنى قىلىش - قىلماسلىققا قەتئىي دىققەت قىلىش لازىم.

يۈسۈپخاس ھاجىپ ئىشەنچسىز ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ، دۈشمەن بىلەن ئېغىزدا بولسىمۇ ۋاقىتلىق يارىشىپ، پەيتنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ.

بۇنى تۆۋەندىكى بېيىتلەردە كۆرىمىز:

2359. قوشۇنى كۆپ بولسا ياۋنىڭ، سېنىڭ ئاز،
سوقۇش قىلما، تېزدىن كۆر تەدبىرنى ساز.

2362. يېڭىشقا ئەگەرچە يەتمىسە كۈچۈڭ،
ئەۋەتكىن ئەلچىلەر، ياراشقىن ئۆزۈڭ.

2363. تىلىڭ بىرلە ئەل بول، ئۆزۈڭنى كۆزەت،
سوقۇشماققا ئالدىرىما، سۆزنى بەس ئەت.



(8) دۈشمەننى قوغلاش

ئۇرۇشتا يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەر ھەر خىل، مۇرەككەپ بولىدۇ. بەزىدە دۈشمەن چېكىنىدۇ، چېكىنىشىمۇ ھەر خىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى دۈشمەن ھەقىقەتەن مەغلۇپ بولغاندا يۈز بەرسە، يەنە بىرى دۈشمەن ھىيلە ئىشلىتىپ، يالغاندىن چېكىنگەن بولۇپ، ئۆز دۈشمىنىنى تۇزاققا چۈشۈرىدىغان جايغا ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ، مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. قولدىن كەلسە يوقىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چېكىنگەن دۈشمەننى قوغلاشتا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولمىسا، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇقىدۇ.

ئەگەر دۈشمەن مەغلۇپ بولۇپ، راستتىن چېكىنگەن بولسا، ئۇنى مەلۇم جايغىچە قوغلاپ بېرىپ، بىر قىسمىنى ئەسىر ئېلىپ، دۈشمەن كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ شۇ ئارقىلىق قوشۇننىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا دۈشمەن ئۇشتۇمتۇت ئارقىغا يېنىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا دىققەت قىلغاندىن تاشقىرى، دۈشمەننى بەكمۇ ئۇزاق جايغىچە قوغلاپ بېرىپ ئارقا سەپتىن يىراقلىشىپ، يېتىم ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتىن ساقلىنىشقىمۇ دىققەت قىلىش لازىم.

بولۇپمۇ يالغاندىن چېكىنىپ تۇزاققا چۈشۈرىدىغان دۈشمەننىڭ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ، دۈشمەننى قوغلىغاندا، ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇقۇش مۇمكىن.

بۇ ھەقتە يۈسۈپخاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دەيدۇ:

2390. يېغى قاچسا قوغلاپ ئۇزاپ كەتمىگىل،
ئەگەر قايتسا دۈشمەن، قاچالمايسەن، بىل.

2395. يېغى قاچسا بارما ئۇزاق يەرگىچە،
يىراق قوغلىغان قامچە يەر تويغىچە.

دۈشمەننى بەك ئۇزاق يەرگىچە قوغلاپ بېرىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىگە يېقىنقى زامان ئۇرۇش تارىخىدىن مىسال ئېلىش توغرا كەلسە، بۇنىڭغا 1812 - يىلى فرانسۇز ئىمپېراتورى ناپالېئون I نىڭ رۇسىيەگە قىلغان پۈتۈن يۈزلۈك ھۇجۇمىدا ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىش يېتەرلىك.

ناپالېئون 1799 - يىلى فرانسىيەدە ھاكىمىيەت تۆپىسىگە چىققاندىن باشلاپ ئون نەچچە يىل باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىنى يۈرگۈزۈپ، پۈتۈن ياۋروپانى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ئالدى. ئۇ 1811 - يىل سىنتەبىردە كۆرەڭلىگەن ھالدا: «يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن دۇنيانىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىمەن، ھازىر رۇسىيىلا قالدى، لېكىن ئۇنى چەزمەن مەغلۇپ قىلىمەن» دېگەن.

ناپالېئون شۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1812 - يىل 6 - ئايدا، 500 مىڭدىن ئارتۇق «ئۇلۇغ ئارمىيە»نى باشلاپ رۇسىيەگە بېسىپ كىردى. رۇسىيەنىڭ غەربىي چېگرىسىدا مۇداپىئەدە تۇرغان 180 مىڭ كىشىلىك ئىككى ئارمىيىسى باركلاي، باگراتىئونىڭ يېتەكچىلىكىدە دەرھال ئارقىغا يېنىپ چېكىندى. ناپالېئون بۇ



ئىككى ئارمىيىنىڭ بىر - بىرىگە قوشۇلۇۋېلىشىدىن بۇرۇن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تارمار قىلىش ئۈچۈن چىددىي تەدبىرلەر كۆرگەن بولسىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، كېچە - كۈندۈز توختىماي چېكىنگەن ئىككى رۇس ئارمىيىسى 8 - ئايدا سمولېنىسكىدا بىر - بىرى بىلەن قوشۇلىدۇ. ئۇلار سمولېنىسكىدىنمۇ چېكىنىپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئالېكساندىر I كوتوزوۋنى رۇس ئارمىيىسىگە باش قوماندان قىلىپ تەيىنلەيدۇ. كوتوزوۋ، سۇۋوروۋنىڭ باھاسى بويىچە: «ناھايىتى ھىيلىگەر، بەكمۇ ئەقىللىق ئادەم، ھېچكىم ئۇنى ئالدىيالمايدۇ». كوتوزوۋ چېكىنىش تاكتىكىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، موسكۋادىن 112 چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىرودىنو قىشلىقىنىڭ يېنىدا فرانسۇزلارغا قاتتىق بىر زەربە بەرگەندىن كېيىن موسكۋاغا قاراپ چېكىنىدۇ. كوتوزوۋ 1 - سىنتەبىردە چاقىرغان ھەربىي كېڭەشتە موسكۋانى تاشلاپ چىقىش قارارىغا كېلىدۇ. كوتوزوۋ رۇس ئارمىيىسىنى يېڭى كۈچلەر بىلەن تولدۇرۇپ، ھەل قىلغۇچ جەڭلەرگە تەييارلىنىش نىيىتىدە موسكۋانى تاشلاپ چىقىپ، موسكۋانىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە كېتىدۇ.

ناپالېئون ئۆز مەملىكىتى فرانسىيەدىن بىرنەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى موسكۋاغا كىرگەندە، شەھەردە ھاراقتىن باشقا يەيدىغان - ئىچىدىغان نەرسىلەر قالمىغان ئىدى.

ناپالېئون ئارمىيىسى ئارقا سەپتىن ئايرىلدى. تە-

مىناتسىز قالدى، رۇس پارتىزانلىرىنىڭ توختىماي قىلىپ تۇرغان ھۇجۇملىرى ئۇلارغا بالايى-ئاپەت كەلتۈردى. ناپالېئون ئارمىيىسى ئاچارچىلىق ئىچىدە قالدى، تەرتىپ-ئىنتىزام تۈگىدى. مانا شۇنداق ئەھۋالدا قالغان ناپالېئون ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى سېزىپ، 6-ئۆكتەبىر كۈنى موسكۋادىن چېكىندى.

كوتوزوۋ يېڭى كۈچلەر بىلەن تولۇقلانغان رۇس ئارمىيىسىنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىرنەچچە جايدا فرانسۇزلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلدى. رۇسىيىدىن قاچقان ناپالېئون 1812-يىل دېكابىردا كۆپ مۇشەققەت بىلەن رۇسىيە چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىشكە ئىمكانىيەت تاپقان چاغدا ئۇنىڭ 500 مىڭدىن ئارتۇق «ئۇلۇغ ئارمىيىسى»دىن ئاران 30 مىڭ كىشى قالغان ئىدى.

رۇسىيىگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇبىيىتى ناپالېئون ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشىدىن زاۋاللىققا يۈزلىنىشتىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى.

ناپالېئوننىڭ رۇسىيىدىن يېڭىلىشى بىرنەچچە سەۋەبلەرگە باغلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ چېكىنگەن رۇس ئارمىيىسىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، ئۆز ئارقا سېپىدىن (تەمىنات، ۋە يېڭى كۈچلەردىن) ئايرىلىپ، ياردەمسىز قالغانلىقى كەچۈرۈپ بولمايدىغان تاكتىكا خاتالىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

4) قوماندان توغرىسىدا

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىد-



غان كىشىنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە بەرگەن.

(1) قوماندانىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، دۈشمەننى يېڭىش بەكمۇ ئۇلۇغ ئىش بولۇپ، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە كىشىنىڭ لايىقلىقىنى كۆرسەتكەن. قوماندانىدا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەرنى قىسقىچە تەرىپلىگەندە مۇنداق دەيدۇ:

قوماندان راستچىل، تەجرىبىلىك، شەخسىيەتتىن خالىي، ئاددىي-ساددا، يۈرەكلىك، باتۇر، ھىيلىگەر، تەدبىرلىك، كەمتەر، مۇلايىم، ئەقىللىق، ھوشيارلىقتا ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى شەرت. ①

(2) قوماندانىنىڭ ۋەزىپىلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوماندانىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىمۇ توختالغان. ئۇنىڭچە قوماندانىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۇرۇشتا قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ دۈشمەننى يېڭىشتىن تاشقىرى، يارىدار بولغانلارنى داۋالىتىش، ئەسىر چۈشۈپ كەتكەنلەرنى قۇتقۇزۇپ ئېلىش، ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىنى رازى قىلىش، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.②

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قىلىنغان يەشمە نۇسخىسى 2324، 2325، 2326، 2371، 2374، 2375، 2377، 2378، 2381-بېيىتلەرگە قارالسۇن.

② يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قىلىنغان يەشمە نۇسخىسى 2398، 2399، 2402، 2403-بېيىتلەرگە قارالسۇن.

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىي تەدبىرلەردە قەدىمكى زاماندىكى ئۇرۇش تارىخىنىڭ تەجرىبىلىرىگە، قاراخانىلارنىڭ مەۋجۇت ھەربىي تۈزۈمىگە ئاساسلىنىپ، ئۆزىنىڭ يىراقنى كۆرىدىغان تەپەككۇرى ئارقىلىق ستراتېگىيە ۋە تاكتىكىنىڭ ئۇسۇل، شەكىللىرىنى تېخىمۇ جانلىق بايان قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىي تەدبىرلەر ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە يېتىشكەن ھەربىي ئالىم ئىكەنلىكىنىمۇ شۈبھىسىز ئىسپاتلايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مەزگىلىدە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشىمىز ئۈچۈن رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئۇلۇغ، دانىشمەن پەيلاسوپ، تالانتلىق شائىر ئەجدادىمىزنىڭ ئۆتكەنلىكى بىلەن پەخىرلەنگەندىن كۆرە، ھازىرقى پەيتتە ئىلىم - پەننىڭ گۈللىنىشىگە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىمكانىيەت، تولۇق شەرت - شارائىت يارىتىلغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز.



ئىلىم ساھەسىدىكى ۋە ئالىي مائارىپ ئورۇنلىرىدىكى ئۇستازلىرىمىز شەرت - شارائىتنى تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدىكى شەرەپلىك ۋەزىپىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، قابىلىيەتلىك، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، ساغلام بولغان ئىلمىي كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈشكە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بېغىشلاپ، يېقىن كەلگۈسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئالىملارنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان مۆجىزىلەرنى ياراتالىسا، ئۇ چاغدا خەلقىمىز قىن - قېنىغا پاتماي خۇشاللىنىپ، مەڭگۈ پەخىرلىنىشكە ھەقلىق بولغان بولاتتى.

ئەگەر بىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ۋە ئالىي مائارىپ ئورۇنلىرىدىكى ئۇستازلىرىمىز ۋاقىتنى، ئىمكانىيەتنى، شەرت - شارائىتنى قولدىن بېرىپ، ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە كىرىشمىسە ياكى دېگەندەك ئۆتىمىسە، ئۇ چاغدا تاڭ دەۋرىدە ياشىغان شائىر چېنزىئاڭ (661 — 702) نىڭ:

ئالدىمدا كۆرمىدىم قەدىمكىلەرنى،
كەينىمگە قارىسام كېلەر ئادەم يوق.
ئويلىسام بەركەتلىك چەكسىز دۇنيانى،
پىغانىم ئۆرلەيدۇ ھەممىدىن ئارتۇق.

دېگەندەك ھالغا چۈشۈپ قالمايمىزمۇ؟

ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئەجدادلىرىمىز، ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا يەرگە قاراپ، ئانىمىزنىڭ بىزگە بەرگەن تاتلىق، جان بېغىشلىغۇچى سۈتىنىڭ بىر تامچى-

سىنىمۇ ئاقلىيالمايمىز. دۇنيادا بۇندىن ئارتۇق نومۇس بولامدۇ؟!

## مەھمۇت قەشقىرى

قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇت قەشقىرى مىلادىنىڭ 1030 - يىللىرى قەشقەردە تۇغۇلغان. مەھمۇتنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن بىننى مۇھەممەت بۇغراخان، ئانىسى رابىيە كىچىكىدىن باشلاپ، ئۇنى ناھايىتى ياخشى تەربىيىلىدى. مەھمۇت ئوتتۇرا ۋە ئالىي بىلىمنى قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەردە ئالدى. قەشقەر ئەڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى خەلقئارا قاتناش يولىدىكى ناھايىتى مۇھىم تۈگۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. قەشقەرگە تۈرلۈك ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرى، ئەلچىلىرى، سەيياھلىرى، جاسۇسلىرى كېلىپ - كېتىپلا قالماستىن قامان، بۇددا، ئوتپەرەس، مانى، خرىستىيان قاتارلىق دىنلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ تۈركۈملەپ كېلىپ، دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باراتتى. ئۇلار دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن غەرب ۋە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشىنىمۇ ئالغا سۈرگەن ئىدى. قەشقەر — يۇنان، ئىران، ھىندى، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىدىغان مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. بولۇپمۇ قاراخانىلار ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەندىن كېيىن ئەرەب، پارس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان يۇنان مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەرلەر (فىلاسوپىيە، ماتېماتىكا، تارىخ، ئاسترونومىيە، تىبابەت) كۆپلەپ ئۆگىنىلدى ۋە تەتقىق قىلىندى. قاراخانىلار پايتەختى قەشقەر سىياسىي مەركەز بولۇپلا قالماستىن ئەڭ مەشھۇر مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. قەشقەردە ناھايىتى چوڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بار ئىدى.



مەھمۇت قەشقىرى قەشقەردىكى «ساجىيە مەدرىسى» (ساجىيە ئالىي مەكتىپى)دە ئوقۇدى. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئۇستازى ھۈسەيىن بىننى خالاپ (مىلادىنىڭ 1093 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) شەيخ، ئىمام ۋە زاھىد بىر كىشى بولۇپ ئۇ تارىخچى ۋە دىنىي ئالىم ئىدى. مەشھۇر تارىخچى ئابدۇجاپپار قەشقىرى ھۈسەيىننىڭ ئوغلى ئىدى. ئابدۇجاپپار قەشقىرى «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسەر يازغان.

مەھمۇت قەشقىرى قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەردە ناھايىتى يۇقىرى بىلىمگە ئىگە ئالىملار قولىدا تەربىيىلىنىپ، ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. مەھمۇت قەشقىرى مىلادىنىڭ 1057 - يىلى 27 ياشقا كىرگەن چېغىدا قەشقەردىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى.

چۈنكى مىلادىنىڭ 1056 - يىلى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن ئۇكىسى مۇھەممەت بۇغراخان (ياغان تېكىن) ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى. ئۇرۇشتا سۇلايمان ئارسلانخان ئەسىر چۈش-

مى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. شەرقىي قاراخانىلارغا مۇھەممەت
بۇغراخان خاقان بولدى. مۇھەممەت بۇغراخان يۈسۈپ قا-
دىرخاننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى بولۇپ، ئۇ مەھمۇت قەش-
قەرىنىڭ چوڭ دادىسى ئىدى. مۇھەممەت بۇغراخان خا-
قان بولۇپ 18 ئايدىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1057 - يىلى
تەختنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىنگە (بۇ مەھمۇت قەشقەرى-
نىڭ دادىسى) ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بولغان. مۇھەممەت
بۇغراخاننىڭ كىچىك خانىشى تەختنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش
مۇراسىمىدىكى زىياپەتتىن پايدىلىنىپ، مۇھەممەت بۇغرا-
خان باشلىق بىر قىسىم قاراخانى شاھزادىلىرىنى زە-
ھەرلەپ ئۆلتۈردى. زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلەرنىڭ ئارى-
سىدا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دادىسى ھۈسەيىنمۇ بار ئىدى.
سۇيىقەستنى ئەمەلگە ئاشۇرغان خانىش، ئوغلى ئىبرا-
ھىمنى تەختكە چىقاردى. لېكىن شەرقىي قاراخانىلارنىڭ
بەگلىرى قانۇنسىز خاقان ئىبراھىمغا بويسۇنمىدى. ئىب-
راھىم ئانىسىنىڭ پۇل كۆرسىتىشى بىلەن بارسخان ھا-
كىمى ئىنال تېكىنگە قارشى قوشۇن تارتىپ باردى.
ئۇرۇشتا ئىبراھىم ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن
كېيىن شەرقىي قاراخانىلارغا مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ ئۇ-
كىسى (يۈسۈپ قادىرخاننىڭ كەنجى ئوغلى) مەھمۇتخان
توغرۇل قاراخان ئۇنۋانىدا خاقان بولدى. ئۇنىڭ ئاكى-
سى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ئوبۇل ھەسەن ئو-
رۇنباسار خاقان بولدى. بۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 1058 - يى-
لى بولغان ئىدى. شۇندىن باشلاپ شەرقىي قاراخانىلار-
دا ۋەزىيەت مۇقىملىشىپ، خاتىرجەملىك ئورنىدى.



مەھمۇت قەشقەرى مىلادىنىڭ 1057 - يىلى
شەرقىي قاراخانىلارنىڭ ئوردىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق
ۋەقەدە ئامان قالغان ۋە قەشقەردىن غەربىي قاراخانىلار-
نىڭ پاناھىغا قاچقان. ئۇ ماۋەرەئۇننەھرىگە كەلگەندىن
كېيىن پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ياشىغان جايلارغا بولغان
ساياھىتىنى باشلاپ، 15 يىلچە (1057 - يىلدىن
1072 - يىلغىچە) ۋاقىت سەرپ قىلىپ، «تۈركىي تىللار
دىۋانى»نى يېزىش ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىغان. مەھ-
مۇت مىلادىنىڭ 1072 - يىلى ئۇلۇغ سالجۇقىلار ھىما-
يىسىدىكى ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغ-
داتقا بارغان. مەھمۇت قەشقەرى باغداتقا كەلگەندىن
كېيىن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىشقا كىرىشىپ،
مىلادىنىڭ 1075 يىلى تاماملاپ، ئەسەرنى خەلىپە مۇق-
تەدى (مىلادى 1075 — 1094- يىلىغىچە خەلىپە بولغان)
گە تەقدىم قىلغان.
مەھمۇت قەشقەرى بەزىبىر خاتىرىلەرگە ئاساسلان-
غاندا، باغداتتىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، مىلادىنىڭ
1090 - يىللىرى ئوپالدا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە شۇ
يەرگە دەپنە قىلىنغان.
مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا
«تۈركىي خەلقلەر جايلاشقان كەڭ دىيارنى يەر يۈزىنىڭ
يۇملاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە قىياسەن خەرىتە قىلىپ سى-
زىپ بەرگەن، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز تىلى بويىچە
«دائىرە» دەپ ئاتالغان بۇ خەرىتە ئاسىيانىڭ شەرقىگىچە
چە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ قەدىمكى خە-

رىتىسى. بۇنىڭدا تاغلار، دېڭىز، دەريا ۋە كۆللەر ئاددىي ۋە گېئومېترىك شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. مۇھىم شەھەرلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى كۆرسىتىلگەن». ①

مەھمۇت قەشقىرى 11 - ئەسىردە يەرنىڭ يۇمىلاقلىقى توغرىسىدا مەلۇم ئۇقۇمغا ئىگە بولغان بولسا، ئىتالىيەلىك پەيلاسوپ، ئاسترونوم دژوردانو برونو (1548 — 1600)، فىزىكا ئالىمى ۋە ئاسترونوم گالىلېي (1564 — 1642) قاتارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار 16 - ئەسىردىلا يەرنىڭ يۇمىلاقلىقىنى (ماگېلان ساياھىتىدىن كېيىن) ئۈزۈل - كېسىل ئىسپاتلاپ، خرىستىيان ئىلاھىيەتچىلىرىنىڭ ياۋۇزلارچە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. ئىتالىيەدىكى كاتولىك چىركاۋى دژوردانو برونونى «خرىستىيان دىنىغا ئاسىيلىق قىلدى» دەپ ئەيىبلەپ، چەتئەلگە كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. برونو مىلادىنىڭ 1592 - يىلى ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دىنىي سوتقا بېرىلىپ، يەتتە يىل قاماقخانىدا ياتتى. لېكىن برونو ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدىن (يەر يۇمىلاق دېگەن ئېتىقادىدىن) يانمىغانلىقى ئۈچۈن كاتولىك پوپلىرى تەرىپىدىن رىمدىكى گۈللۈك مەيداندا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى. برونو باغلانغان تۈۋرۈكتە كۆيۈۋاتقان چېغىدا مەغرۇرانە قىياپەتتە، تەنتەنىلىك ھالدا: «كۆيدۈرۈش — رەت قىلىش ئەمەستۇر» دەپ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلغان ئىدى.

① مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، 1-توم، 21-بەت.



گالىلېيمۇ مىلادىنىڭ 1633 - يىلى دىنىي سوت تەرىپىدىن سوراققا تارتىلىپ، ئەڭ ئاخىرى 1642 - يىلى قاماقخانىدا ئۆلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقىرى قاتارلىق ئالىم، شائىر، تارىخچىلىرىمىز قاراخانىلار دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋۇجۇدقا كەلگەن «ئويغىنىش دەۋرى»نىڭ ئۇلۇغ نامايەندىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادا قاراخانىلار دەۋرىدە مەدەنىيەتتە «ئويغىنىش دەۋرى» يۈز بەرگەن، دېگەن قارىشىمىز مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولسىمۇ، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئويغىنىشنىڭ، ياۋروپادىكى «ئويغىنىش دەۋرى»نىڭ يېقىنقى زامانىدىكى پەننىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدەك، تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى ناتايىن، بۇنىڭغا بىر قانچە سەۋەبنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

بىرىنچى، قاراخانىلار دەۋرىدە مەدەنىيەتتە ئويغىنىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ ئىنسانىنىڭ ھېسسىياتى، ئەقىل - پاراستى ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە قارشى كېلىدىغان، تولىسىمۇ ئەكسىيەتچىل بولغان خۇراپاتنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد بولالمىغان ئىدى.

ئىككىنچى، 13 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەت قاراخانىلار دەۋرىدىكىدەك گۈللەپ ياشنايدىغان ئىمكانىيەتتىن مەھرۇم بولدى. چۈنكى

موڭغۇللار ئۆزلىرى بويسۇندۇرغان خەلقلەرگە قارىغاندا مەدەنىيەتتە بەكمۇ ئارقىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، مەدەنىيەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا تەشەببۇسكارلىق كۆرسىتىشى تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىي شەھەرلىرىنى بۇلاپ - تالاپ ۋەيران قىلغان ئىدى، ئوچۇق ئېيتقاندا موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران بىلەن ھىندىستاننىڭ بەزى رايونلىرىنى ۋەيران قىلىپ، مەدەنىيەتكە قاخشاتقۇچ زەربە بەرگەن ئىدى.

ئۈچىنچى، خرىستوفور كولومب بىلەن ماگىلاننىڭ دۇنيانىڭ قاتناش تارىخىدا غەرب بىلەن شەرق، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز - ئوكيان قاتناش يولىنى كەشىپ قىلغانلىقى، قەدىمكى زاماندىن تارتىپ، 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناشتا مۇھىم رول ئوينىغان قۇرۇقلۇق يولىنىڭ (ئوتتۇرا ئاسىيا كارۋان يولىنىڭ) دۇنياۋى قاتناش يولى بولۇشتىن قالغانلىقىمۇ، قاراخانىلار دەۋرىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن «ئويغىنىش»نىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەنلىكىگە مەلۇم جەھەتتىن سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 1231 — 1922 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ تازا كۈچەيگەن دەۋرىدە (15 - ئەسىردە) تۈركلەر



ئۆزلىرى ئىگىلەپ ئالغان جايلاردىن ياۋروپا سودىگەرلىرىنى ئۆتكۈزمىدى. نەتىجىدە ياۋروپا سودىگەرلىرى خەلقئارا سودىدىن تاپىدىغان نۇرغۇن پايدىدىن مەھرۇم بولۇپ قالدى. ياۋروپا سودىگەرلىرى ۋە دېڭىزچىلارنىڭ ھىندىستانغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى تېپىش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇنۇشلىرىغا سەۋەب شۇ ئىدى.

ياۋروپالىقلارنىڭ ئەنە شۇنداق (دېڭىز يولى تېپىش) ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 1492 - يىلى ئىسپانىيە دېڭىز پىلوتىدا خىزمەت قىلىدىغان ئىتالىيىلىك خرىستوفور كولومب بىر گۇرۇپپا ئىسپان كېمىلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىسپانىيىدىن غەربكە قاراپ ئۈزۈپ كەتكەن. ئۇ ئۈچ ئاي دېڭىزدا ئۈزۈپ ئاخىرى ئىنسانىيەتكە مەلۇم بولمىغان، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ كوبا، گايىتى ئاراللىرىنى تاپقان. كولومب بۇ ئاراللارنى ھىندىستانغا يېقىن دەپ ئويلاپ، ھىندىستانغا بارىدىغان دېڭىز يولى تېپىلدى دەپ ئىشەنگەن. كولومب يەنە ئۈچ قېتىم دېڭىز ساياھىتىگە چىقىپ، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنى تاپقان. ئۇ جەنۇبىي ئامېرىكىنىمۇ، جەنۇبىي غەربىي ئاسىياغا قاراشلىق جايلار دەپ ئويلىغان.

كولومبدىن كېيىن پورتوگال ساياھەتچىسى ماگىلان يېتەكچىلىكىدىكى دېڭىزچىلار مىلادىنىڭ 1519 - يىلىدىن 1522 - يىلىغىچە سۇ يولى بىلەن دۇنيانى ئايلىنىپ چىققان. ئۇلار ئاسىيا بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا

ھاياتى چوڭ ئوكيان بارلىقىغا ئىشەنگەن. شۇندىن باشلاپ، دېڭىز - ئوكيان يولى دۇنيانىڭ قاتناش مۇناسىۋىتىدە ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەن.

دېڭىز يولىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتىدىغان قۇرۇقلۇق قاتناش يولىنىڭ رولىنى دېگۈدەك يوققا چىقارغان. نەتىجىدە غەرب بىلەن شەرق ئارىسىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي مۇناسىۋەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيا قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ئەمەس، دېڭىز يولى بىلەن بولىدىغان بولغان.

بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۆلدەرەپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە ئارقىدا قېلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە سەۋەب بولغان بولسا كېرەك.

يۇقىرىدىكى سەۋەبلەرگە ئاساسەن، قاراخانىلار دەۋرىدە، 11 - ئەسىردىلا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئويغىنىش دەۋرى (ياۋروپادىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇن)دىكى دانىشمەنلەر ياراتقان ئەسەرلەر، ياۋروپادىكى ئويغىنىش دەۋرىدە يارالغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرگە ئوخشاش يېقىنقى زاماندىكى رېئالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك ئاساس يارىتالمىدى.

ياۋروپادا بولسا بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك 14 - ئەسىردە باشلانغان «ئويغىنىش دەۋرى»دە مەيدانغا چىققان گۇمانىزم ئىدىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى فېئودالىزمغا، خرىستىيان ئىلاھىيەتچىلىكىگە قارشى كەسكىن كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئىنسان ئىدىيىسىنى،



ھېسسىياتىنى، ئەقىل - پاراستىنى خرىستىيان ئىلاھىيەتچىلىكىدىن ئازاد قىلغان ئىدى.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، قاراخانىلار دەۋرىدە مەدەنىيەتتە ئويغىنىش ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ۋە ئويغىنىشنىڭ ياۋروپادىكى ئويغىنىشقا ئوخشاش يېقىنقى زاماندىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك ئاساس سالالمىغانلىقىدىكى سەۋەبلەر توغرىسىدا داۋاملىق ئىزلىنىپ، ئاندىن ئۇزۇل - كېسىل بىر خۇلاسىگە كېلىش لازىم. بەلكىم مېنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدە «ئويغىنىش» ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە بۇ «ئويغىنىش»نىڭ ياۋروپادىكى «ئويغىنىش»قا ئوخشاش رول ئوينىيالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرىم تارىخىي ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن بولماي قېلىشى مۇمكىن.

**مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللار**

قاراخانىلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا بىرنەچچە تۈرلۈك ئامىللار سەۋەب بولغان.

1) قاراخانىلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى (مىلادىدىن بۇرۇنقى تارىم ۋە ماۋەرەئۇننەھرى مەدەنىيىتى) ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى (8 - ئەسىردىكى) ئورخۇن مەدەنىيىتى (ئاساسەن ئورخۇن يادىكارلىقلىرى)نىڭ ئۇلى ئاساسىدا تەرەققىي قىلدى.

ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار بىلەن تارىخىي پاكىتلارغا

ئاساسلانغاندا ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاساسەن تارىم ۋادىسى بىلەن ماۋرەئۇننەھرى) دۇنيادىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى بۆشۈكلىرى ھېسابلانغان مىسىر، مىسوپوتامىيىگە ئوخشاش مەدەنىيەت بۆشۈكى ئىدى.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە شۆبىۋەنى 1979 - يىلى لوپنۇردىكى كونچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى كونچى ۋادىسىدىن ئەڭ قەدىمكى بىر قەبرىستانلىقنى تاپتى. قەبرىستانلىقتىن چىققان جەسەتلەر ئىچىدە بىر ئايالنىڭ جەسىتى تارىخىمىز، ئېتنىك كېلىپ چىقىشىمىز، مەدەنىيىتىمىزنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئايال جەسىتىنىڭ بۇنىڭدىن 6400 يىللار بۇرۇنقى جەسەت ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئايالنىڭ بېشىغا كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن، ئۈستى يۇڭدىن توقۇلغان پالاس بىلەن ئورالغان. ئايال قاڭشارلىق، قىزغۇچ چاچ، ئاغزى ئويماقتەك، بەكمۇ چىرايلىق. ئايال جەسىتى تېپىلغان قەبرىنىڭ يېنىدىكى بىر قەبرىدىن كىچىك بالىنىڭ جەسىتى تېپىلغان. قەبرىگە جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن نەرسىلەر ئىچىدە چىغدىن توقۇلغان سېۋەتلەردە بۇغداي دانلىرى بار.①

لوپنۇر رايونىنىڭ ھاۋارايى قۇرغاق بولغانلىقتىن، جەسەتلەر قۇرۇق جەسەتكە ئايلانغان. قەبرىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى چىرىمىگەن.

مانا شۇ يۇقىرىدىكى پاكىتقا قارىغاندا ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن 7000 يىل بۇرۇن تارىم ۋادىسىدا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ ياشىغاندىن تاشقىرى، دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

① «خەلق گېزىتى»نىڭ 1981 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى سانىدىن.



خەن سۇلالىسىنىڭ (مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 220 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) تارىخىي يىلنامىلىرىدە «غەربىي دىيار» دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاساسەن تارىم ۋادىسى)غا مىلادىدىن 127 يىل بۇرۇن كەلگەن جاڭچيەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتىپ كېتىدىغان چاغدا بېدە ئۇرۇقى، ئۈزۈم، ئانار، ياڭاق، پۇرچاق قاتارلىق ناباتاتلارنىڭ كۆچىتىنى جۇڭگوغا ئېلىپ كەتكەن. شۇندىن باشلاپ جۇڭگودا بېدە تېرىلىشقا باشلىغان. ئۈزۈم، ئانار، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەن، پۇرچاق تېرىش يولغا قويۇلغان. مانا شۇ يۇقىرىدىكى پاكىتلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن يەنسەي - ئورخۇن يېزىقىنى قوللانغان. سوۋېت ئارخېئولوگلىرى يېقىنقى يىللاردا قىرغىزىستاندىكى ئىسسىق كۆلنىڭ بويىدىن تاپقان بىر قورغان خارابىسىدىكى قەبرىدىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە بىر كۈمۈش تاۋاقمۇ بار ئىكەن، مانا شۇ كۈمۈش تاۋاقتا يەنسەي - ئورخۇن يېزىقىنىڭ دەسلەپكى شەكلى بىلەن يېزىلغان خەتلەر بايقالغان.

8 - ئەسىردىكى ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى يەن-

سەي ـ ئورخون يېزىقى بىلەن يېزىلغان. بۇ ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ناھايىتى موھىم يادىكارلىقىدۇر.

ئەگەر ئۇيغۇرلاردا ئەڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ تەرەققىي قىلغان يۈكسەك مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى بولمىغان بولسا قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (11 ـ ئەسىردە) مەدەنىيەت گۈللەپ، ياشناپ «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئوغۇزنامە»، «قەشقەر تارىخى» قاتارلىق تۆلمەس ئەسەرلەر مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى.

2) قاراخانىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە يېتەكچى رول ئوينىغان رايونلار (تارىم ۋادىسى ۋە ماۋرەئۈننەھرى) مەدەنىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدىكى مەدەنىي رايونلار بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان رايونلار (يەتتە سۇ، ئالتاي قاتارلىق رايونلار)نىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. شۇ دەۋردە قەشقەر، خوتەن، بالاساغۇن، تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا، ئۆزگەنج، تىرمىز، مەرۋى ـ شاھى جاھان ۋە خۇراساندىكى مەشھۇر شەھەرلەر ناھايىتى ئاۋات ئىدى. مانا شۇ شەھەرلەردە قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق، بىناكارلىق مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، سان ـ سۈپىتىمۇ يۇقىرى ئىدى. نېپىز يۇپقا رەڭلىك ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش (رەڭلىك ئەينەكلەر بىناكارلىقتا ئىشلى-



تىلەتتى)، خىلمۇ خىل گۈللەر چېكىلگەن سىرلىق قاچىلار، ئىدىشلارنى ياساش، بىرونزا، مىس، شىشە، ۋە ساپالدىن ياسالغان بۇيۇملارغا، تاملارغا گۈللەر ۋە دۇنيادا بولمىغان، ئاجايىپ ئەپسانىۋى ھايۋانلارنىڭ بەدىئىي سۈرەتلىرىنى سىزىش ئومۇملاشقان ئىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە ھەيۋەتلىك بىنالارنى سېلىشتا ئوردا ـ سارايى، قەبرىگاھ ـ مازار، مەسچىت، مەدرىسەلەرنىڭ مۇھىم تاملىرى، گۈمبەزلىرىنى چىنە خىش (فار ـ فۇر خىش) گۈللۈك، سىرلىق خىشلاردىن قوپۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. تارىم ۋادىسىدا مىلادىدىن بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان يىپەكچىلىك ھۈنەرۋەنچىلىكى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، خوتەن، قەشقەردە كىمخاب، شايى ـ ئەتلەس توقۇش بەكمۇ جانلىنىپ كەتتى. سەمەرقەنت، بۇخارادا بولسا پاختايىپ، كەندىر، يىپەكتىن خىلمۇ خىل، رەڭمۇ رەڭ گەزلىمە رەختلەر توقۇلدى.

3) خەلقئارا سودا يولىنىڭ ئاساسىي تۈگۈنلىرى قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدە ئىدى.

قاراخانىلارمۇ ھونلار، تۈركلەر، ئورخون ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاشلا، خەلقئارا قۇرۇقلۇق يولىنىڭ خوجايىنى بولۇپلا قالماستىن، شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە بارىدىغان سودا كارۋانلىرى خوتەن، قەشقەر، بالاساغۇن، بۇخارا، سەمەرقەنت، تىرمىز قاتارلىق شە-

ھەرلەردىن ئۆتەتتى.

قاراخانىلار شەرقتە جۇڭگو (سۇڭ سۇلالىسى، قىتانلار خانلىقى)، غەربىي جەنۇبتا غەزنەۋىلەر، سالجۇقىلار ئارقىلىق ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران بىلەن، غەربتە غەربىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا بىلەن سودا ئالاقە قىلاتتى. قاراخانىلارنىڭ سودا كارۋانلىرى تۆگە، ئاتلارغا يۈكلەنگەن ماللارنى يىراقتىكى ئەللەرگە ئېلىپ باراتتى. ئۇلار ھىندىستان، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلاردىن مەرۋايىت، ياقۇت، پىل چىشى، دورا - دەرمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ جۇڭگوغا ساتاتتى. سودا كارۋانلىرىدىكى ئۇلاغلار (تۆگە، ئاتلار) بىرنەچچە يۈز، بىرنەچچە مىڭدىن ئىبارەت بولاتتى. چوڭ كارۋانلاردا بولسا بىرنەچچە مىڭ ئادەم بولاتتى. بۇنداق كارۋانلارنىڭ بىر قېتىم بېرىپ كېلىشى ئۈچۈن گاھىدا ئىككى يىل، گاھىدا بىر يىل كېتەتتى.

4) خەلقئارا سودىنىڭ ناھايىتى كەڭ قۇلاچ يېيىشى

قاراخانىلارنىڭ دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان سودا ئالاقىسىنىڭ ئېھتىياجىمۇ، ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈردى. قاراخانىلار ئۆز دۆلىتىدىكى ئىچكى بازارلارنىڭ ۋە خەلقئارا سودىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن قەشقەر، خوتەن، بۇخارا، سەمەرقەنتتە يىپەك، پاختا، يۇڭ، كەندىردىن توقۇلىدىغان رەختلەرنى بەكمۇ سۈپەتلىك، كۆپ مىقداردا ئىشلەپچىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلدى. بۇنىڭدىن باشقا سەمەرقەنتتە قەغەز ئىشلەپچىقىرىش بەكمۇ تەرەققىي قىلدى. سەمەرقەنت قەغىزى غەربتىكى ئەرەب خەلىپىلىكى، شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگە چىقىرىلاتتى.

ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، مىلادىيىنىڭ 751 - يىلى قىرغىزىستاندىكى تالاس (تالاسۇ) دەرياسىنىڭ بويىدا جۇڭگو قوشۇنلىرى بىلەن ئەرەب قوشۇنلىرى ئارىسىدا بولغان قانلىق جەڭدە ئەرەبلەرگە ئەسىر چۈشكەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىچىدىكى قەغەز ياساش ھۈنىرىنى بىلىدىغانلاردىن پايدىلانغان ئەرەبلەر ئۆز ۋاقتىدىلا سەمەرقەنتتە قەغەز ياساشنى يولغا قويغان ئىدى.

قاراخانىلارنىڭ جۇڭگودىكى سۇڭ سۇلالىسى (960 — 1279) بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق بولغان ئىدى.

«سۇڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئودۇن ھەققىدە قىسسە»، «سۇڭ سۇلالىسى يارلىقلىرى توپلىمى» قاتارلىق تارىخىي خاتىرىلەردىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، قاراخانىلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

بىرىنچى باسقۇچ مىلادىيىنىڭ 1009 - يىلىدىن 1025 - يىلىغىچە بولغان 16 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا شۇ مەزگىلدە قاراخانىلار تەختىدە ئەھمەت توغان خان (مىلادىنىڭ 998 - يىلىدىن 1018 - يىلىغىچە خاقان بولغان)، مەنسۇر ئارسلانخان (1018 — 1024)، ئەھمەت توغان خان II (1024 — 1026) قاتارلىق ئۈچ

خاقان ئولتۇرغان ئىدى.

مىلادىنىڭ 1009 - يىلى تۇنجى قېتىم قاراخانىلارنىڭ ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيپىڭگە بارغان. بۇ سودا ئەلچىلىرىنى خوتەن خانى يۈسۈپ قادىرخان قاراخانىلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئەھمەت توغان خانغا (998 — 1018) ۋاكالىتەن ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، مىلادىنىڭ 1024 - يىلى مەنسۇر ئارسلانخان سودا ئەلچىلىرىنى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە ئەۋەتكەن.

ئىككىنچى باسقۇچ مىلادىنىڭ 1063 - يىلىدىن تارتىپ 1097 - يىلىغىچە بولغان 34 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ چاغ قاراخانىلار ئاللىقاچان (مىلادىنىڭ 1040 - يىلى) شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىلارغا بۆلۈنۈپ كەتكىنىگە 23 يىل بولغان ئىدى. مانا شۇ 35 يىل ئىچىدە شەرقىي قاراخانىلارنىڭ سودا ئەلچىلىرى 24 قېتىم سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە بارغان. مانا شۇ باسقۇچتا شەرقىي قاراخانىلاردا توغرۇل قاراخان (مىلادىنىڭ 1058 — 1074)، توغرۇل تېكىن (1074 — 1075)، ھارۇن بۇغراخان II (1075 — 1102) قاتارلىق ئۈچ خاقان ئۆتكەن ئىدى.

شەرقىي قاراخانىلار جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ناھايىتى ئوبدان كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. ھارۇن بۇغراخان II (1075 — 1102) ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى سودا يولىنىڭ ئامانلىقىنى تەمىنلەش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 1097 - يىللىرى ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ



شەرقىي قاراخانىلار بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى سودا مۇناسىۋەتكە توسقۇنلۇق قىلغان تاڭغۇتلارنى گەنجۇ (ھازىرقى جياڭشى)، ساجۇ (دۇڭخۇاڭ) بىلەن سۇجۇ (جۇچۈەن)دىن قوغلاپ چىقاردى. تاڭغۇت خانلىقى (مىلادىنىڭ 1032- يىلىدىن 1227 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) يۇقىرىدىكى مۇھىم شەھەرلەرنى بېسىۋېلىپ، قاراخانىلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئارىسىدىكى قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان ئىدى. قاراخانىلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئىككى دۆلەت (قاراخانىلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسى) ئارىسىدىكى قاتناش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

ئۈچىنچى باسقۇچ مىلادىنىڭ 1107 - يىلىدىن 1124 - يىلىغىچە بولغان 17 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مانا شۇ 17 يىل ئىچىدە شەرقىي قاراخانىلارنىڭ سودا ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيفىڭگە تۆت قېتىم بارغان. شۇ مەزگىلدە شەرقىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى ئەھمەت ئارسلانخان ئىدى.

شەرقىي قاراخانىلارنىڭ سودا ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسىغا ئات، تۆگە، ئات جابدۇقلىرى، گىلەم، ئەتلەس، قاشتېشى، سۆسەر، بولغۇن مويىزلىرى، مەستىكى رومى، نۆشەدىل، مەرۋايىت، ياقۇت قاتارلىق تاۋارلارنى ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى. جۇڭگودىن بولسا يىپەك ماللار، چاي، كىيىم - كېچەك، كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا - قۇچىلارنى ئېلىپ كېلەتتى.

قاراخانىلار بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت سىياسىي جەھەتتە دوستانە، بىر - بىرىگە ھۆرمەت قى

لىنىش ئاساسىدا بولغان ئىدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە بولسا ناھايىتى قويۇق، بىر - بىرىگە پايدا يەتكۈزۈش ئاساسىدا بولدى.

قاراخانىلار مىلادىنىڭ 1009 - يىلىدىن تارتىپ 1124 - يىلىغىچە بولغان 115 يىل ئىچىدە سۇڭ سۇلالىسىغا 30 قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، سۇڭ سۇلالىسى يولىنىڭ يىراقلىقىنى بانا قىلىپ، قاراخانىلارغا بىرەر قېتىممۇ ئەلچى ئەۋەتكەن ئەمەس، ئەسلىنى سۈرۈشتۈرگەندە سۇڭ سۇلالىسى قىتانلار، تاڭغۇتلارنىڭ ھۇجۇمى نەتىجىسىدە ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىنىڭ قىتانلار، تاڭغۇتلار تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقۇپ، قاراخانىلارغا ئەلچى ئەۋەتىشكە جۈرئەت قىلالمىغان.

قاراخانىلار بىلەن قىتان خانلىقى (907 — 1125) ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

قاراخانىلار مىلادىنىڭ 933 - يىلىدىن 940 - يىلىغىچە بولغان سەككىز يىل ئىچىدە قىتان خانلىقىغا ئىككى قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن، ساتۇق بۇغراخان (مىلادىنىڭ 920 - يىلىدىن 956 - يىلىغىچە خاقان بولغان) تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى قېتىملىق ئەلچىلەردىن 940 - يىلى ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر قىتان خانى يىلۇدىگان (مىلادىنىڭ 927 - يىلىدىن 947 - يىلىغىچە خان بولغان) تەرىپىدىن ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىنغان.

قاراخانىلار مىلادىنىڭ 956 - يىلىدىن تارتىپ 996 - يىلىغىچە قىتانلارغا سەككىز قېتىم ئەلچىلەر



ئەۋەتكەن. مانا شۇ مەزگىلدە قاراخانىلارغا مۇسا بۇغراخان، سۇلايمان ئارسلانخان، ئەلى ئارسلانخان قاتارلىق ئۈچ خاقان ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى.

مىلادىنىڭ 996 - يىلى ئەلى ئارسلانخان (978؟ — 998) قىتان خانى يىلۇلۇڭشۇيگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆز ئوغلىنى قىتان مەلىكىسىگە ئۆيلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. قىتانلار مەلىكە قىزلىرىنى چەتكە ياتلىق قىلىش ئادىتى بولمىغانلىقىنى بانا قىلىپ ئەلى ئارسلان بىننى مۇسانىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىغان. لېكىن كېيىن قىتان خانلىرى مەلىكە قىزلىرىنى چەتئەلگە ياتلىق قىلمايدىغان ئادەتنى ئۆزگەرتكەن. «لياۋ تارىخى، بېقىندى ئەللەر جەدۋىلى» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شەرقىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى سۇلايمان ئارسلانخان مىلادىنىڭ 1047 - يىلى قىتان خانى يىلۇزوڭچىنغا (1031 — 1055) ئەلچى ئەۋەتىپ، شەرقىي قاراخانىلار خانىغا ياتلىق بولغان — قىتان مەلىكىسىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىنى خەۋەر قىلغان.

قاراخانىلارنىڭ خاقانى ئەھمەت توغان خان (998 — 1018) مىلادىنىڭ 1005 - يىلىدىن 1015 - يىلىغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە قىتان خانلىقىغا ئۈچ قېتىم سودا ئەلچىلىرى ئەۋەتكەن. شەرقىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى سۇلايمان ئارسلانخان (1032 — 1056) مىلادىنىڭ 1045 - يىلىدىن 1053 - يىلىغىچە بولغان سەككىز يىل ئىچىدە قىتان خانلىقىغا تۆت قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. شەرقىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى توغرۇل قاراخان

(1058 — 1074) مىلادىنىڭ 1068 ـ يىلى قىتان خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتكەن.

قاراخانىيلار مىلادىنىڭ 933 ـ يىلىدىن تارتىپ 1068 ـ يىلىغىچە بولغان 135 يىل ئىچىدە، قىتان خانلىقىغا 17 قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. مانا بۇنىڭغا قاراخانىيلار بىلەن قىتان خانلىقى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئاساسەن دوستانە ھالدا بولغان.

قاراخانىيلار بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە تاڭغۇت خانلىقى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئانچە ياخشى بولمىغان. ئىدىقۇتتىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار گاھىدا قىسقا مۇددەت قاراخانىيلارغا بويسۇنغان بولسىمۇ، پەيت تاپقاندىلا مۇستەقىللىك جاكالاپ ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغان ئىدى. تاڭغۇتلار بولسا سۇڭ سۇلالىسى بىلەن قاراخانىيلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن كەڭسۇ (گەنسۇ) ئارقىلىق سۇڭ سۇلالىسىغا بارىدىغان يولغا ھۇجۇم قىلىپ، ئالاقىنى ئۈزۈپ تۇراتتى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىچكى ۋە تاشقى سودا ئوبوروتىدا دىنار (تىللا)، دەرھەم (كۈمۈش تەڭگە) نىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىشىمۇ قاراخانىيلارنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى كەڭ مىقياستا غۇلاچ يېيىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قوشۇنىدە ئۇرۇش قوراللىرى (ئوقيا، نەيزە، قىلىچ، پالتا، ئومۇت — چوماق، قالقان، دوبۇلغا، ساۋۇت — زەنجىر چاپان) بىلەن قوراللاندۇ-



رۇش ۋە ئىچكى، تاشقى سودىدا ناھايىتى مۇھىم بولغان دىنار، دەرھەم ئۈچۈن تۆمۈر، ئالتۇن، مىسقا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى چوڭ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كانچىلىق (ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، نېفىت كانلىرىنى ئېچىش) ۋە مېتال ئېرىتىپ، ئۇرۇش قوراللىرىنى ياساش ۋە دىنار، دەرھەم قاتارلىق ئالتۇن، كۈمۈش پۇللارنى كۆپ مىقداردا قۇيۇش يولغا قويۇلدى.

5) قاراخانىيلار دەۋرى تارىختا خېلى تىنچ، خاتىرجەم بىر دەۋر بولدى.

تۆت ئەسىر (370 يىل) ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەرىيە، يەتتە سۇ، ماۋارەئۇننەھرىدىكى خەلقلەر ئاساسەن تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەرنى ئەسكە ئالغاندا، قاراخانىيلار بىلەن قوشنا دۆلەتلەر (ئاساسەن غەزنەۋىلەر بىلەن سالچۇقلار) ئارىسىدا ئىقتىسادىي ئىگىلىكنى (دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، سودا قاتارلىق ئىگىلىكنى) ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن ئەمەس. مىلادىنىڭ 992 ـ يىلىدىن 1000 ـ يىلىغىچە بولغان توققۇز يىل ئىچىدە قاراخانىيلار ئانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا سامانىيلار دۆلىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كىرىشكەن ئىدى.

مىلادىنىڭ 1006 ـ يىلى ۋە مىلادىنىڭ 1008 ـ يىلى مىلادىنىڭ 1019 ـ يىلى قاراخانىيلار بىلەن غەز-

نەۋرىلەر ئارىسىدا ئۈچ قېتىم ئۇرۇش بولغاندىن باشقا، ئۇزاققا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەرمىگەن. قاراخانىلار بىلەن ئۇلۇغ سالچۇقىيلار ئارىسىدىمۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگۈدەك ئۇرۇشلار بولغان ئەمەس. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر ۋە ئۇلۇغ سالچۇقىيلار ئاساسەن ئىناق، دوستانە، قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن.

قاراخانىلار دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇشلار توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا ئىلى تېكىن ئىسيانى (مىلادىنىڭ 1025 – يىلىدىن 1030 – يىلىغىچە) ياباقۇلارنىڭ ئىسيانى (مىلادىنىڭ 1041 – يىلى) ۋە تەخت ئۈچۈن بولغان ئانچە – مۇنچە كۈرەشلەردىن باشقا، ئۇزاققا سوزۇلغان ۋە كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇشلار بولغان ئەمەس.

قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاساسەن تىنىچ، خاتىرجەم بىر دەۋر بولۇشى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا ياخشى ئىمكانىيەت ياراتقان.

6) قاراخانىي خاقانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى دېگۈدەك مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇلار ئەقىللىق، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك ئەخلاقلىق كىشىلەرنى بەكمۇ قەدىرلىگەن. دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئەڭ بىلىملىك (بولۇپمۇ ئاسترونومىيە، تىبابەت، ئەدەبىيات جەھەتلىرىدە) ئەڭ ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ناھايىتى يۇقىرى مەنسەپلەرگە



تەيىنلىگەن.

قەدىمكى چاغدىكى فېئوداللىق دۆلەتنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئوردىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە خان جەمەتىدىن بولمىغان كىشىلەرنىڭ تەيىنلىنىشى قىيىن ئىدى. ئۇيغۇر، ئوغۇز خاقانلىرى بولسا يۇقىرىدىكى ئەنئەنىنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماي خان جەمەتىدىن بولمىغان، ھەتتا باشقا مىللەتتىن كېلىپ چىققان كىشىلەرنىمۇ ئەقىللىق، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك بولسىلا ئەڭ يۇقىرى ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىگەن.

ئۇيغۇر، ئوغۇز خاقانلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ياخشى خىسلىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر نەچچە مىسال كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مىلادىنىڭ 1069 – يىلى ياكى 1070 – يىلى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ تورۇنباسار خاقانى ئەبۇ ئەلى ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخان يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن ئۆزىگە تەقدىم قىلىنغان «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئارقىلىق يۈسۈپنىڭ ناھايىتى بىلىملىك، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئۇنى دەرھال قەدىرلەپ، قاراخانىي خاقانلىرىدا ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان ئوردا ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەن. ئۇنىڭغا يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ (يۈسۈپ ئۇلۇغ ئايانچى) ئۇنۋانىنى بەرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتمەن ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، ئۆسكەن بولسىمۇ، قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان شاھزادىلەردىن ئەمەس ئىدى.

شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ھارۇن بۇغراخان II نىڭ ۋاقتىدا (1075 — 1102) مەدەنىيەت ناھايىتى گۈللەنگەن ئىدى. ھارۇن بۇغراخان II (ئەبۇ ئەلى ھەسەن، تاۋغاچ بۇغراخان) ناھايىتى قابىلىيەتلىك خاقان بولۇپ، ئۇ، «ئادالەت ۋە دىننى قوغدىغۇچى»، «دىنىنىڭ شان — شەرىپى»، «شەرق پادىشاھى» دېگەن ئۇنۋانلارنى ئالغان ئىدى، ئۇنىڭ ۋاقتىدا قەشقەر — مەدەنىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەپ - ياشنىغان شەھەرگە ئايلانغان.

ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورلىرى ئالپ ئارسلان (مىلادىنىڭ 1063 - يىلىدىن 1072 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) مىلىك شاھلارنىڭ باش ۋەزىرى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى ئەلى بىننى ئىسھاق (نىزام مۇل مۇلىك) سالجۇق ئوغۇزلىرىدىن بولماستىن خۇراسانلىق پارس ئىدى. نىزامۇل مۇلىك (1018 — 1092) ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىدە 30 يىل (مىلادىنىڭ 1063 - يىلىدىن 1092 - يىلىغىچە) باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە ئۇنىڭ «سىياسەتنامىسى» بويىچە ئىدارە قىلىنغان ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ سەلتەنەتلىك بىر پاسقۇچقا كىرگەن ئىدى. نىزامۇل مۇلىكنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باغدات، ئىسپىھان، بەسرى، نىشاپور، تىھران، مەرۋى شاھى جاھان قاتارلىق شەھەرلەردە نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپلەر (مەدرىسلەر) قۇرۇلغان.

«تارىخىي مەسئۇدى» (30 توملۇق ئەسەر) نىڭ



ئاپتورى ئوبۇل پەزلى مۇھەممەت بىننى ھۇسەيىن بەيھاكى (مىلادىنىڭ 996 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1077 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىدا (مىلادىنىڭ 963 - يىلىدىن 1187 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) 20 يىل (مىلادىنىڭ 1021 - يىلىدىن تارتىپ 1041 - يىلىغىچە) تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بولغان.

ئوغۇزلار (ئالپ تېكىندىن تارتىپ سەبۇق تېكىنگىچە) ۋە قارلۇقلار (سەبۇق تېكىندىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرقى غەزنەۋى سۇلتانى خىسراۋ مىلىكغىچە)دىن كېلىپ چىققان غەزنەۋى سۇلتانلىرىدىن سۇلتان مەھمۇت (مىلادىنىڭ 997 - يىلىدىن 1030 - يىلىغىچە سۇلتان بولغان)، سۇلتان مەسئۇد (مىلادىنىڭ 1030 - يىلىدىن 1041 - يىلىغىچە سۇلتان بولغان)لار ئىرانلىق پارس بەيھاكىنى ناھايىتى ئىززەتلەپ ۋە ھۆرمەتلەپ، تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىگە قويغان.

12 - ئەسىردە ياشىغان تارىخچى نىزام ئارۇزى سەمەرقەندىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى خىزىرخان (مىلادىنىڭ 1080 - يىلىدىن 1081 - يىلىغىچە خاقان بولغان) دانا، ئادىل ۋە شائىرلارنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان خان ئىكەن. ئۇنىڭ ئوردىسىدىكى قوبۇلخانىغا تۆت پەتنۇس قويۇلغان. ھەر بىر پەتنۇسقا 250 دىنار (تىللا) قويۇلغان. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مانا شۇ تۆت پەتنۇستىكى 1000 دىنارنى بىر شائىرنىڭ يازغان شېئىرى ياراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن شائىرغا ئىنئام قىلغان. خىزىرخان-

نىڭ شائىرغا 1000 دىنارنى ئىنئام قىلغانلىقى قاراخانىي خاقانلىرىنىڭ شېئىرىي سەنئەت ئەھلى بولغان شائىرلارنى قەدىرلىگەنلىكىنىڭ مىسالى.

ئۇيغۇر، ئوغۇز خاقانلىرى ئەزەلدىن تارتىپ ئۆز ئوردىسىغا ئەڭ مەشھۇر تارىخچىلار، پەيلاسوپلار، ئاسترونوملار، تېۋىپلار، شائىرلارنى جەلپ قىلىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىتى ھەرقايسىسىنىڭ ھەر خىل بولغان. بەزىلىرى ئىلىم - پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بولسا، بەزىلىرى شائىرلارنىڭ يازغان شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «تۆھپە»لىرىنى مەدھىيىلىتىپ، نامى، شۆھرىتى، ئابرويىنى كۆككە كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

غەزنەۋىلەرنىڭ مەشھۇر سۇلتانى مەھمۇت غەزنەۋى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ ئۆز ئوردىسىغا يىغىلغان مەشھۇر شائىرلار ئارقىلىق ئۆزىنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلارغا ناھايىتى يۇقىرى ئىنئام بەرگەن ۋە مەدھىيىچى شائىرلارغىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئۇنۋانلارنى بەرگەن.

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ دەۋرىدە بەلخلىق ئوبۇلقاسىم ھەسەن بىننى ئەھمەت ئۇنسۇرى (10 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى تۇغۇلۇپ 1039 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) «شائىرلارنىڭ خانى» دېگەن ئۇنۋان ئالغان ئىدى.

ئۇيغۇر، ئوغۇز خاقانلىرى ئۆز ئوردىسىغا يىغقان تا-



رىخچىلار، ئاسترونوملار، پەيلاسوپلار، تېۋىپلار، شائىرلارنى ھەربىي يۈرۈشتە بىللە ئېلىپ يۈرەتتى. مانا شۇنداق ئالىملار يۈز بەرگەن جەڭلەرنى، دىپلوماتىك سۆھبەتلەرنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ تۇراتتى. ئوچۇق ئېيتقاندا يۈرۈشكە ماڭغان ئۇيغۇر، ئوغۇز خاقانلىرى زۆرۈر تېپىلغاندا پەيلاسوپلاردىن مەسلىھەت سورىسا، ئاسترونوملار ئارقىلىق كېچىنىڭ قاراڭغۇ ياكى ئايدىڭ بولىدىغانلىقىنى، ھاۋارايىدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئۆزگىرىشلەردىن تەخمىنەن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. تېۋىپلار بولسا خاقان، سۇلتانلارنىڭ سالامەتلىكىگە غەمخورلۇق قىلاتتى. تارىخچىلار جەڭ توغرىسىدا يازسا، شائىرلار جەڭچىلەرنى روھلاندۇرىدىغان، خاقان، سۇلتانلارنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلارنى يازاتتى.

قاراخانىي خاقانلىرى ناھايىتى ھەيۋەتلىك، ئاجايىپ گۈزەل بىنالارنى قۇردۇرۇشقىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن.

11- ئەسىردىن 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان. قاراخانىي خاقانلىرىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى نەتىجىسىدە سەمەرقەنت شەھىرى بەكمۇ ئاۋات، مەدەنىيەتلىك شەھەرگە ئايلانغان. شۇ چاغدا سەمەرقەنت ئاھالىسى 400 مىڭغا يەتكەن. ناھايىتى چوڭ كۆلەملىك قۇرۇلۇشلار بىنا بولغان. سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك رايونلىرى (شەھەر ئىچىدە) مەيدانغا كەلگەن.

غەربىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى ئىبراھىم بۆرى تې-

كىن مىلادىنىڭ 1040 - يىلى بىر پۈتۈن قاراخانىلار
دۆلىتىنى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىلارغا بۆلۈپ تاشلاش-
تا كەچۈرگىسىز يامان روللارنى ئوينىغان بولسىمۇ، ئۇ
غەربىي قاراخانىلارغا خاقان بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە (مى-
لادىنىڭ 1052 - يىلىدىن 1068 - يىلىغىچە) قاراخانىلار
مەدەنىيىتىگە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان.

تارىختا «دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى، خەلىپىلىكنىڭ تا-
جى، ئاللانىڭ خەزىنىسى» ئۇنۋانىدا ئاتالغان تاۋغاچ
بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئىسهاق بىننى ناسىر (ئىبراھىم
بۆرى تېكىن) سەمەرقەنتتە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئوردا
سالدۇردى. ئۇ گەرچە دىنغا ئىخلاسمەن بولسىمۇ دىنىي
مۇتەئەسسىپلەرنىڭ دۆلەت ئىشىغا ئارىلىشىپ جاھىلانە بەڭ-
باشلىق قىلىشىغا يول قويمىغان. ئىبراھىم بۆرى تېكىن
مەشھۇر شەيخ ئىمام ئوبۇلقاسىم سەمەرقەنتىنى ئۆلتۈر-
گەن.

ئىبراھىم بۆرى تېكىن خەلق تۇرمۇشىنىڭ خاتىر-
جەملىكى ئۈچۈن ئوغرى - قاراقچىلارغا قاتتىق جازا
بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش-
قا كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ سودىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇ-
تۇپ، پۇل ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغان. دەرھەمنىڭ قىم-
مىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن پۇلدىكى (تەڭگىدىكى) كۈمۈش
مىقدارىنى كۆپەيتكەن. ئۇنىڭ ۋاقتىدا قۇيۇلغان
دەرھەم (تەڭگە) پۇلدىكى كۈمۈش مىقدارى 30%نى تەش-
كىل قىلاتتى.

ئىبراھىم بۆرى تېكىن يولغا قويغان بەزىبىر



تەدبىرلەر ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئال-
غا سۈرگەن، خەلق تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەملىكىگە پايدى-
دىلىق بولغان.

ئىبراھىم بۆرى تېكىننىڭ ئوغلى ناسىر بىننى ئىب-
راھىمنىڭ ۋاقتىدا (1068 — 1080) بۇخارادا ئاجا-
يىپ ئېگىز بىر مۇنار سېلىندى. بۇ مۇنار ھازىر «مۇ-
نارى كالان» دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن بىر قاتار مىساللاردىن قارا-
خانىلار خاقانلىرىنىڭ مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا
ئوينىغان ئىجابىي روللىرىنى كۆرۈش مۇمكىن.

7) ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى بىلەن دۇنيادىكى
مەشھۇر دۆلەتلەر ئارىسىدا يولغا قويۇلغان ئىقتىسادىي
ۋە دىپلوماتىيە تەرەپلەردىكى ئالاقىلاردىن تاشقىرى ئۆز
ئارا ناھايىتى كەڭ قانات يايغان مەدەنىيەت تەرەپتىكى
ئالاقىلارمۇ ئالاھىدە ئورۇننى ئالغان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇي-
غۇر قاراخانىلار دۆلىتى بىلەن مۇسۇلمان شەرقى ئارىسى-
دىكى قىزغىن ۋە ئۈزلۈكسىز ھالدا كۈچىيىپ بارغان
مەنىۋى يېقىنلىق ئاساسىدىكى مەدەنىيەت تەرەپتىكى
ئالاقىلار قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ
گۈللەپ ياشنىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى.

ئۇيغۇرلار قاراخانىلار دەۋرىدە ئەرەبلەر ئارقىلىق
قەدىمكىي يۇنانىنىڭ داڭلىق پەيلاسوپلىرىنىڭ، ئاسترو-
نوملىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. چۈنكى بۇنداق
ئەسەرلەر قەدىمكى يۇنان تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەر-
جىمە قىلىنغان ئىدى. قاراخانى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوقۇ-

مۇشلۇقى تەبىقىسى ئەرەب، پارس تىللىرىنى ناھايىتى
مۇكەممەل بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە
قىلىنغان، قەدىمكى يۇناننىڭ تۆرتلۈك ئىلىم - پەنگە دا-
ئىر ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئۇنىڭغا شەرھى
يېزىش بىلەنمۇ شۇغۇللانىدى.
قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەر شەرق بىلەن
غەرب ئارىسىدىكى خەلقئارا قاتناش يولىنىڭ مۇھىم ئالا-
قە تۈگۈنى بولۇپلا قالماستىن مەدەنىيەت مەركىزىمۇ بو-
لۇپ قالغان ئىدى. ئۇيغۇرلار قاراخانىلار دەۋرىدە قە-
دىمكى يۇنان ئالىملىرىنىڭ ئىلغار كۆزقاراشلىرىنى قو-
بۇل قىلغان ئىدى. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىل-
لار دىۋانى» دا تۈركىي خەلقلەر جايلاشقان دىيارنى يەر
يۈزىنىڭ يۇملاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە قىياسەن خەرىتە
قىلىپ سىزىشى تاسادىپەن ئەھۋال ئەمەس ئىدى.
ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا پەن تەرەققىياتى ناھايىتى
ئاجىز، باشلانغۇچ باسقۇچتا بولغان دەۋردە ياشىغان كى-
شىلەر يەرنى ياپىلاق دائىرىگە ئوخشاش ۋە ئۇنىڭ
بىر چېتىدىن قۇياش چىقىپ، ئىككىنچى تەرىپىگە پاتىدۇ
دېگەن تەسەۋۋۇرغا ئىگە ئىدى. لېكىن يۇنان ئالىمى
پىپاگور (مىلادىدىن 460 يىل بۇرۇن ياشىغان) يەر يۇ-
ملاق شەكىلگە ئىگە دەپ قىياس قىلغان. قەدىمكى يۇ-
نان پەيلاسوپى ئارستوتىل (مىلادىدىن 384 يىل بۇرۇن
تۇغۇلۇپ 322 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن) تۇنجى
قېتىم يەرنىڭ شارغا ئوخشاش يۇملاق شەكىلگە ئىگە
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. ئاينىڭ يۈزىگە چۈشكەن يەر-



نىڭ سايىسىمۇ ئۇنىڭ يۇملاق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.
ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دى-
ۋانى»دا «دائىرە» دەپ ئاتالغان خەرىتىنى يەر يۈزىنىڭ
يۇملاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە سىزغان.
قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قە-
دىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ئاساسىدا
تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئۇيغۇر ئىس-
لام مەدەنىيىتى ئىدى.
يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن بىرقانچە سە-
ۋەبلەر قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يۈكسەك
بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئۇيغىنىش
دەۋرى»نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، شانلىق بىر مەنزىرە
ياراتقان.

## 3

## قاراخانىلار تارىخىدا يۈز بەرگەن چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى (1212—850)

مىلادىنىڭ 850 - يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيىدىن
غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى يەت-
تە سۇ ۋە قەشقەر ئەتراپلىرىغا كېلىپ، شۇ جايلاردىكى
غەربىي ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇر قاراخانىلار
دۆلىتىنى قۇرۇشى.
مىلادىنىڭ 840 - يىلى سامانىلاردىن نوھ بىننى
ئەسەتنىڭ قوشۇن تارتىپ كېلىپ ئىسفىجاپنى بېسىپ ئېلىشى.

و- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۆل بىلگە قاراخان
(بۇقا قاراخان؟)نىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى، ئۇنىڭ چوڭ ئوغ-
لى بازىرخانىنىڭ خاقان بولۇشى، كىچىك ئوغلى ئوغۇلچاق-
نىڭ تالاس رايونىنى باشقۇرۇشى.

مىلادىنىڭ 870 - يىلى ئۇلۇغ پەيلاسوپ فارابىنىڭ
فاراب شەھرىدە دۇنياغا كېلىشى.

مىلادىنىڭ 870 - يىللىرى سامانىلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇ-
شى. مىلادىنىڭ 893 - يىلى سامانىلارنىڭ پادشاھى
ئىسمايىل بىننى ئەھمەتنىڭ تالاسنى بېسىپ ئېلىشى، ئوغۇل-
چاقنىڭ قەشقەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولۇشى.

مىلادىنىڭ 904 - يىلى ئوغۇلچاقنىڭ سامانىلارنىڭ
چېگرالىرىغا ھۇجۇم قىلىشى.

مىلادىنىڭ 920 - يىلى ساتۇق بۇغراخاننىڭ مۇسۇل-
مان بولۇشى. شۇ يىللىرى تاغىسى ئوغۇلچاقنى تارمار
كەلتۈرۈپ، قەشقەرنى بېسىپ ئېلىشى.

مىلادىنىڭ 930 - يىلى ساتۇق بۇغراخاننىڭ تالاسنى
سامانىلار قولىدىن تارتىپ ئېلىشى.

مىلادىنىڭ 933 - يىلى قاراخانىلارنىڭ قىتان خانلى-
قىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىشى.

مىلادىنىڭ 940 - يىلى قىتانلاردىن قاراخانىلارغا
كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ قايتىپ كېتىشى.

مىلادىنىڭ 942 - يىلى ساتۇق بۇغراخاننىڭ بالاسا-
غۇننى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان قاراخانى شاھزادىلىرىنىڭ
قولىدىن تارتىپ ئېلىشى.

مىلادىنىڭ 950 - يىلى ئۇلۇغ پەيلاسوپ فارابىنىڭ



ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 950 - يىللىرى قاراخانىلارنىڭ ئىدىقۇت
ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشى، ئىدىقۇتتىكى بۇددى-
ست ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىدا قېلىش شەرتى بىلەن
قاراخانىلارغا بويسۇنۇشى.

مىلادىنىڭ 956 - يىلى ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئالەم-
دىن ئۆتۈشى، ئاتۇشتىكى مەشھەتكە دەپنە قىلىنىشى.

مىلادىنىڭ 960 - يىلى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ
ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىشى. شۇ يىلى
200 مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇر — قارلۇقلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى.

مىلادىنىڭ 970 - يىلى قاراخانىلار بىلەن خوتەن
خانلىقى ئارىسىدا ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىشى.

مىلادىنىڭ 980 - يىلى ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئەبۇئەلى
سىنانىڭ بۇخارادىكى ئەپشان يېزىسىدا دۇنياغا كېلىشى.

مىلادىنىڭ 990 - يىلى ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئىسفى-
جابىنى سامانىلار قولىدىن تارتىپ ئېلىشى.

مىلادىنىڭ 930 - يىلى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ
قەشقەردە دۇنياغا كېلىشى.

مىلادىنىڭ 992 - يىلى ھارۇن بۇغراخاننىڭ ماۋارە-
ئۇننەھرگە يۈرۈش قىلىپ، سامانىلارنىڭ پايتەختى بۇخا-
را ۋە سەمەرقەنتنى ئېلىشى، ئۇزاق ئۆتمەي كېسەل-
قوزغىلىپ قېلىپ، قەشقەرگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا يولدا
ۋاپات بولۇشى.

مىلادىنىڭ 998 - يىلى ئەلى ئارسلاننىڭ جەڭدە
ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 999 - يىلى غەربىي ئىلىك خانى نا-
سىرنىڭ بۇخارانى ئېلىپ، سامانىلار دۆلىتىنى يوق قىلىشى.
مىلادىنىڭ 1000 - يىلى خوتەن خانلىقىنىڭ ئۇزۇل-
كېسىل بويسۇندۇرۇلۇشى. خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇر-
لارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى... يۇسۇپ قادىرخاننىڭ خوتەنگە
خان بولۇشى.
مىلادىنىڭ 1001 - يىلى سۇلتان مەھمۇت غەزنە-
ۋىنىڭ ناسىر ئىلىك خاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشى.
مىلادىنىڭ 1006 - يىلى ناسىر ئىلىك خاننىڭ
غەزنەۋىلەرگە يۈرۈش قىلىپ، نىشاپور، توس، بەلخنى
بېسىپ ئېلىشى.
مىلادىنىڭ 1008 - يىلى قاراخانىلارنىڭ غەزنەۋى-
لەرگە قىلغان يۈرۈشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى.
مىلادىنىڭ 1009 - يىلى قاراخانىلارنىڭ جۇڭگودى-
كى سۇڭ سۇلالىسى پايتەختىگە ئەلچى ئەۋەتىشى.
مىلادىنىڭ 1012 - يىلى ناسىر ئىلىك خاننىڭ خاقان
ئەھمەت توغانغا قارشى باش كۆتۈرۈپ، قەشقەرگە
يۈرۈش قىلىشى، يولدا قاتتىق قار يېغىپ كەتكەنلىكتىن
ناسىر ئىلىكنىڭ ئۆز كەنتىگە قايتىشى.
مىلادىنىڭ 1017 - يىلى سۇلتان مەھمۇتنىڭ خارەز-
منى بېسىپ ئېلىشى.
مىلادىنىڭ 1018 - يىلى يۇسۇپنىڭ بالاساغۇندا
تۇغۇلۇشى.
مىلادىنىڭ 1018 - يىلى ئەھمەت توغانخاننىڭ
قىتانلارنى يەتتە سۇدا تارمار قىلىشى.



مىلادىنىڭ 1026 - يىلى يۇسۇپ قادىرخان بىلەن
سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ سەمەرقەنت يېنىدا مۇھ
ئىشلار توغرىسىدا بىتىم تۈزۈشى.
مىلادىنىڭ 1030 - يىلى سۇلتان مەھمۇت غەزنە-
ۋىنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.
مىلادىنىڭ 1031 - يىلى سۇلتان مەسئۇت غەزنە-
ۋىنىڭ قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە ئەلچى ئەۋەت-
شى.
مىلادىنىڭ 1032 - يىلى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئالە-
مدىن ئۆتۈشى.
مىلادىنىڭ 1032- يىلى ئەلى تېكىننىڭ يەنە ئىسيان
كۆتۈرۈپ تاۋغاچ بۇغراخان ئۇنۋانىنى ئېلىشى.
مىلادىنىڭ 1035 - يىلى ئەلى تېكىننىڭ ئالەمدىن
ئۆتۈشى.
مىلادىنىڭ 1036 - يىلى غەربىي ئىلىك خانى
يۇسۇپ بىننى ئەلىنىڭ غەزنەۋىلەر مەلىكىسىگە ئۆيلىنىشى
مىلادىنىڭ 1037 - يىلى ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئەبۇ
ئەلى سىنانىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.
مىلادىنىڭ 1037 - يىلى مۇھەممەت بۇغراخان
(ياغان تېكىن) بىلەن توغرۇلبەگنىڭ غەزنەۋىلەرگە قارشى
ئىتتىپاق تۈزۈشى.
مىلادىنىڭ 1037 - يىلى ناسىر ئىلىك خاننىڭ
ئوغلى مۇھەممەت بىننى ناسىرنىڭ غەربىي ئىلىكخان
يۇسۇپتىن ئۆز كەنتىنى تارتىپ ئېلىشى.
مىلادىنىڭ 1040 - يىلى ئىبراھىم بۆرى تېكىننىڭ

غەربىي ئېلىكخانى يۈسۈپنى تارمار قىلىشى. يۈسۈپنىڭ قەشقەرگە قېچىپ كېتىشى.

مىلادىنىڭ 1041 - يىلى ناسىر ئېلىك خاننىڭ ئوغلى مۇھەممەتنىڭ «تاۋغاچ بۇغرا قاراخان» ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىشى. ئۇنىڭ پۈتۈن ماۋارەئۇننەھرىنى ئىگىلىۋېلىشى. غەربىي قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى.

مىلادىنىڭ 1041 - يىلى بىر پۈتۈن قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قاراخانىلار دۆلىتىگە بۆلۈنۈپ كېتىشى.

مىلادىنىڭ 1040 - يىلى دەندانقان جېڭىدە سالجۇق بەگىنىڭ نەۋرىسى توغرولبەگنىڭ سۇلتان مەسئۇدنى تارمار قىلىشى. ئۇلۇغ سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تەشكىل بولۇشى.

مىلادىنىڭ 1041 - يىلى ئېرتىش، بالقاش بويىلىرىدا ياشايدىغان ياباقۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى، شەرقىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئارسلان تېكىن باشچىلىقىدا 40 مىڭ مۇسۇلمان جەڭچىلەرنى ئەۋەتىپ 700 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىسيانچىلارنى باستۇرۇشى.

مىلادىنىڭ 1047- يىلى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ قىتان خانى يىلوزۇڭچىنغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قاراخانىلارغا ياتلىق قىلىنغان قىتان مەلىكىسىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىنى مەلۇم قىلىشى.

مىلادىنىڭ 1055 - يىلى توغرولبەگنىڭ باغداتقا كىرىشى.



مىلادىنىڭ 1056- يىلى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ مۇھەممەت بۇغراخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى.

مىلادىنىڭ 1057 - يىلى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى مۇھەممەت بۇغراخان باشلىق بىر قىسىم قاراخانى شاھزادىلىرىنىڭ مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ كىچىك خانىشى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ قەشقەردىن قېچىپ ماۋارەئۇننەھرىگە كېلىشى.

مىلادىنىڭ 1058 - يىلى غەربىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى ئىبراھىم بۆرى تېكىننىڭ پەرغانىنىڭ غەربىي قىسمىنى بېسىپ ئېلىشى.

مىلادىنىڭ 1058 - يىلى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى ئىبراھىمنىڭ باراسخان بېگى ئىنال تېكىن بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلتۈرۈلۈشى.

مىلادىنىڭ 1063 - يىلى توغرولبەگنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 1063 - يىلى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى توغرول قاراخاننىڭ سۇڭ سۇلالىسىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىشى.

مىلادىنىڭ 1068 - يىلى ئىبراھىم بۆرى تېكىننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى. توغرول قاراخاننىڭ پەرغانىنى غەربىي قاراخانىلاردىن قايتۇرۇۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 1068 - يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بالاساغۇندىن قەشقەرگە كېلىشى.

مىلادىنىڭ 1069 - يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ ئورۇن-

باسارخاقانى ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلىشى.

مىلادىنىڭ 1071 - يىلى 26 - ئاۋغۇستتا ئۇلۇغ سالجۇقىلار ئىمپېراتورى ئالپ ئارسلاننىڭ «مالازگىرد جېڭى»دە شەرقىي روما ئىمپېراتورى رومان دىئوگېنىسنى ئەسىر ئېلىشى.

مىلادىنىڭ 1072 - يىلى كۆزدە ئالپ ئارسلاننىڭ 200 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان قوشۇننى باشلاپ، ماۋارەئۇننەھرگە بېسىپ كىرىشى ۋە غەربىي قاراخانى بېگى يۈسۈپبەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى.

مىلادىنىڭ 1072 - يىلى غەربىي قاراخانىلارنىڭ تېرمىز ۋە بەلخنى بېسىۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 1074 - يىلى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى توغرول قاراخان (مەھمۇت بۇغراخان)نىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 1074 - يىلى سالجۇقىلار ئىمپېراتورى مەلىك شاھنىڭ ماۋارەئۇننەھرگە بېسىپ كىرىشى. غەربىي قاراخانىلار بىلەن بىتىمنامە تۈزۈشى. غەربىي قاراخانىلار بىلەن شەرقىي قاراخانىلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش، پەرغانىنىڭ شەرقىي قاراخانىلارغا تەۋە ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىتىمنامىنىڭ تۈزۈلۈشى.

مىلادىنىڭ 1075 - يىلى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى باغداتتىكى ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىسى مۇقتەدىگە تەقدىم قىلىشى.

مىلادىنىڭ 1087 - يىلى غەربىي قاراخانىلارنىڭ



خاقانى ئەھمەت خاننى سەنجەرنىڭ تۇتۇپ كېتىشى.

1090 - يىلى ئەھمەت خاننىڭ سەمەرقەنتكە قايتىپ كېلىشى.

مىلادىنىڭ 1095 - يىلى دىنىي سوتنىڭ ئەھمەت خاننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشى.

مىلادىنىڭ 1097 - يىلى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى ھارۇن بۇغراخان II نىڭ قاراخانىلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئارىسىدىكى سودا يولىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن گەنسۇغا قوشۇن ئەۋەتىپ، تاڭغۇتلار بېسىپ ئالغان جاڭيى، جۇچۇەن، دۇڭخۇاڭدىن ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشى.

مىلادىنىڭ 1102 - يىلى ھارۇن بۇغراخان II نىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ تېرمىزنى بېسىۋالغاندا سۇلتان سەنجەر تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇشى.

مىلادىنىڭ 1102 - يىلى ھارۇن بۇغراخان II نىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 1103 - يىلى قاراخانىلارنىڭ خانجەمەتىدىن بولغان ساغۇنبەگ غەربىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى مۇھەممەت ئارسلانخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە، سالجۇق سۇلتانىنىڭ كېلىشتۈرۈپ قويۇشى.

مىلادىنىڭ 1109 - يىلى ساغۇنبەگ ئىككىنچى قېتىم ئىسيان كۆتۈرگەن بولسىمۇ مەغلۇپ بولۇشى.

مىلادىنىڭ 1120 - يىللىرى مۇھەممەت ئارسلانخاننىڭ ناھايىتى چوڭ قۇرۇلۇشلارنى سالدۇرۇشى.

مىلادىنىڭ 1105 - يىلى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ

خاقانى ئەھمەت ئارسلانخاننىڭ مەھمۇت بىننى ئابدۇجېلىل قەشقەرىنى باغدات خەلىپىسى مۇستەزىرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.

مىلادىنىڭ 1124 - يىلى قىتان شاھزادىسىنىڭ ئىرسىن ۋادىسىدىكى خاتون بالىق (ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ شەھەرلىرىدىن بىرى)نى ئىگىللىۋالغاندىن كېيىن، غەربىي قىتان خانلىقىغا ئاساس سېلىنىشى.

مىلادىنىڭ 1130 - يىللىرى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ غەربىي قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قېلىشى.

مىلادىنىڭ 1137 - يىلى 6 - ئايدا يىلوداشىنىڭ خوجەنت ئەتراپىدا غەربىي قاراخانىلارنىڭ خاقانى مەھمۇت خاننى تارمار كەلتۈرۈشى.

مىلادىنىڭ 1139 - يىلى خارەزمىشاھى ئاتسىزنىڭ ماۋارەئۇننەھرىگە بېسىپ كىرىپ، بۇخارانى بېسىۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 1141 - يىلى 9 - ئايدا يىلوداشىنىڭ سەمەرقەنت بىلەن بۇخارا ئارىسىدىكى «قەتۋان جېڭى»دە غەربىي قاراخانىلار بىلەن سالجۇقىلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى تارمار قىلىشى. شۇندىن باشلاپ غەربىي قاراخانىلارنىڭ غەربىي قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قېلىشى.

مىلادىنىڭ 1209 - يىلى سەمەرقەنتنى خارەزمى شاھىنىڭ بېسىۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 1211 - يىلى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى خاقانى مەھمۇت خان IVنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 1212 - يىلى غەربىي قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى خاقانى ئوسمان بۇغراخاننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.



مىلادىنىڭ 1212 - يىلى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ يوقىلىشى.

## قاراخانىلار خاقانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

### 1) قاراخانىلارنىڭ چوڭ خاقانلىرى

| | | ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى |
|---|---|---|
| 1 - | كول بىلگە قاراخان | ؟880—850 |
| 2 - | بازىرخان(بارخان) | ؟890—؟880 |
| 3 - | ئوغۇلچاق | 920—890 |
| 4 - | ساتۇق بۇغراخان | 956—920 |
| 5 - | مۇسا بۇغراخان | 958—956 |
| 6 - | سۇلايمان ئارسلانخان | 970—958 |
| 7 - | ئەلى ئارسلانخان | 998—970 |
| 8 - | ئەھمەت توغان خانI | 1018—998 |
| 9 - | مەنسۇر ئارسلانخان | 1024—1018 |
| 10 - | ئەھمەت توغان خان II | 1026—1024 |
| 12 - | يۈسۈپ قادىرخان | 1032—1026 |
| 13 - | سۇلايمان ئارسلانخان | 1056—1032 |

### 2) شەرقىي قاراخانىلارنىڭ خاقانلىرى

| | | |
|---|---|---|
| 1 - | سۇلايمان ئارسلانخان | 1056—1040 |
| 2 - | مۇھەممەت بۇغراخان | 1057—1056 |
| 3 - | ئىبراھىمخان | 1058—1057 |

4 – توغرول قاراخان(مەھمۇتخان) 1074—1058

5 – توغرول تېكىن (ئىككى ئاي خاقان بولغان) 1075—1074

6 – ھارۇن بۇغراخان II 1102—1075

(ئوبۇل ھەسەن ھارۇن)

7 – ئەھمەت ئارسلانخان 1128—1102

8 – ئىبراھىم بىننى ئەھمەتخان 1158—1128

9 – مۇھەممەت بىننى ئىبراھىم ؟—1158

10 – يۇسۇپ بىننى مۇھەممەت 1205—1204

11 – ئوبۇل پەتتاھ مۇھەممەت بىننى يۇسۇپ 1210—1205

## 3) غەربىي قاراخانىلارنىڭ خاقانلىرى

1 – مۇھەممەت بىننى ناسىر 1052—1040

2 – ئىبراھىم بىننى ناسىر 1068—1052

(بۇ ئىككىسى بىر مەزگىل ئورتاق خان بولغان)

3 – شەمسۇلمۇلىك (ناسىربىننى ئىبراھىم) 1080—1068

4 – خىزىرخان 1081—1080

5 – ئەھمەتخان 1095—1081

6 – مەسئۇد خان 1097—1095

7 – سۇلايمانخان 1097—1097

8 – مۇھەممەت تېكىن 1099—1097

9 – ھارۇنبىننىئۆمەر 1102—1099

10 – مۇھەممەت ئارسلانخان 1130—1102

11 – ئىبراھىمبىننىسۇلايمان 1130—1130

12 – ھەسەنبىننىئەلى 1132—1130



13 – مەھمۇتبىننىمۇھەممەت 41—1132

14 – ئىبراھىم بىننى مۇھەممەت 56—1141

15 – ئەلىبىننىھەسەن 62—1156

16 – مەسئۇد بىننىھەسەن 68—1162

17 – ناسىربىننىھۈسەيىن 72—1168

18 – مۇھەممەتبىننىمەسئۇد 78—1172

19 – ئىبراھىمبىننىھۈسەيىن ؟—1178

20 – ئوسمانبۇغراخان 12—1200

本书是在对部分古代叙事长诗以及对民间故事、民谣、神话，传说进行科学分析的基础上阐述古代社会的历史演变，具有一定的学术性和知识性。

# 维吾尔古代文学 （维吾尔文）

吐尔洪·阿里马斯著
责任编辑：托合提·阿布汉
责任校对：白合提亚尔·阿布里米提

喀什维吾尔文出版社出版
新 疆 新 华 书 店 发 行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 11·8125印张 2插页
1987年6月第1版 1988年4月第1次印刷
印数：精装本 1—1650
平装本 1—2400

ISBN7—5373—0036—4/G·3 （民文）

统一书号：M7264—16 定价：(精)1·80元 (平)0·85元